«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

中国期刊方阵
双效期刊
中华人民共和国新闻出版总署

XINJIANG CIVILIZATION • КУЛЬТУРА СИНЬЦЗЯНА



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى
# 新疆文化

6

2003

ISSN 1008-6498

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەل سۆيگەن شۆھرەتلىك ناخشىچى، «خوتەن بۇلبۇلى»سالامەت مەخسۇت خانىم

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(52-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال

ئەدەبىي ژۇرنال

2003-يىل 6-سان

(ئومۇمىي 264-سان)

باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق

## بۇ ساندا

### سادا


ئوقۇش پۇلى، يەنە قانچىلىك ئادەمنىڭ جىنىغا زامىن بولارسەن؟ .................. ئا. ئۆمەرھاجى تەرجىمىسى 2

ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن .................................. ئابلىكىم ئابلىز 4


### ئەلنىڭ تارازىسى ئادىل


خوتەن سەيىددىن ئەزىزنى ئەسلەيدۇ....(ئەسلىمە) .................. ن. توختى 5


### تىلغا ئېتىبار، ئەلگە ئېتىبار


«ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە» .................. ئابدۇقادىر جالالىددىن 14


### تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى .................................. جۇرئىتى قاتارلىقلار 19

تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەم .................................. مۇتەللىپ ئىقبال 39


### ئەدەبىيات گۈلزارى


ئىككى فېليەتون .................................. ئەكبەرجان ئەخمەتنىياز ئۇيغۇر تاپىش 48


### دېھقان نېمە دەيدۇ؟


دېھقان قىزنىڭ ئېيتقانلىرى .................................. پاتىگۈل قاسىم تۇربەگ 53


### دېھقان ئۈچۈن ھەق گەپ قىلايلى


شورپىشانە قاتىل .................................. ئىبراھىم كالا تەرجىمىسى 56

ئۇلار راستىنلا خۇشھالمۇ؟........(فېليەتون) .................. ئابدۇللا ئەخەت 58


### ئاچچىق كۈلكىلەر


ئىدارىنىڭ ئادىمى .................................. سۇلايمان قەييۇم تەرجىمىسى 60

«باش قەھرىمان» ئۈچۈن.......(فېليەتون) .................. روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ 62


### ياشلار كۆڭلى


پىرچەگىنىڭ تىلسىمى .................................. سۇلايمان قەييۇم 64


### ئاگاھ ۋە دانابولۇڭ


ھالاكەت شەپىسى .................................. ئابدۇرېھىم دۆلەت 71


### ئاگىلىمىدىم دېمەڭلار


«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە «شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇ»........(ئەسلىمە) ...... ت. يۈسۈپ 75


### ياخشىلار يېنىڭىزدا



ئاقلاپ قويۇڭ .................................. يۈسۈپجان سەمەت 78



مۇقاۋىدا: مۆھتەرەم ئۇستاز، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان رەسساملىقىنىڭ بايراقدارى غازى ئەھمەد ئەپەندى. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com

# ئوقۇش پۇلى ، يەنە قانچىلىك ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولارسەن؟



«ئوقۇش پۇلىنىڭ جان ئېلىش» تراگېدىيىسىدىن يەنە بىرى يۈز بەردى !

«نەنجىڭ ئەتىگەنلىك گېزىتى»نىڭ 13-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، 6-ئاۋغۇستتا جياڭسۇ ئۆلكىسى لىشۈي ناھىيە دۇڭبىڭ بازىرى ئەيمىن كەنتىدىكى 40ياشلىق دېھقان چېن نېڭگېن قىزى چېن شيانىڭ ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇيدىغان ئوقۇش پۇلىنى تەييارلىيالمىغاچقا ، بىر قوتا دېھقانچىلىق دورىسىنى ئىچىۋېلىپ جېنىدىن جۇدا بولغان . خەۋەردە دېيىلىشىچە : «چېن شيا دادىسىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى ئارىسىدىن بىر دانە قىزىل بولاقنى بايقىغان ،ئۇنىڭ ئىچىدە دادىسى ئاز-ئازدىن تېجەپ يىغقان 75يۈەن پۇل چىقىپتۇ ،بۇ پۇللارنىڭ ئون ئۈچى بىر يۈەنلىكتىن مېتال پۇل ، يىگىرمىسى قەغەز پۇل ئىكەن» .

بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ، 14-ئىيۇلدا شەنشى يۇلىندا ئولتۇرۇشلۇق جىڭ توڭشى دېگەن قىز ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئاتىسى ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇلىنى تەقلەپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈۋالغاندى . بۇلتۇر شەنشى باۋجىدا بىر ئوقۇغۇچى فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چاقىرىقنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئوقۇش پۇلىنى تەقلەشتە بېشى قېتىپ ، ئۆزىنى بىنادىن تاشلاپ ئۆلۈۋالغاندى . . .

«ئوقۇش پۇلىنىڭ جانغا زامىن بولۇش» تراگېدىيىلىرى ھېلىھەم داۋاملاشماقتا . ھەي «ئوقۇش پۇلى» ،سەن يەنە قانچىلىك ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن

سادا

بولارسەنكىن؟

«ئوقۇش پۇلىنىڭ جانغا زامىن بولۇش» پاجىئەلىرى ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلى يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ ئوبيېكتىپ، سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىك بولسىمۇ، پىقىرنىڭ قارىشىچە، خاراكتېرى ئوخشاپ كېتىدىغان ئاساسلىق «ئوبيېكتىپ سەۋەب» لەر تۈگىتىلمىسە «ئوقۇش پۇلى» يەنە جان ئالىدۇ!

ئەگەر باي-كەمبەغەللىك پەرقى بارغانچە چوڭىيىپ، نامراتلار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانمىسىلا «ئوقۇش پۇلى» يەنە جان ئالىدۇ!

«ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» تىن كېيىن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستى. لېكىن شۇنىڭغا كۆز يۇمالمايمىزكى، باي-نامراتلىق پەرقى چوڭايدى، بايلار تېخىمۇ بېيىپ، نامراتلار تېخىمۇ نامراتلاشتى. مەيلى يېزىلاردا ياكى شەھەرلەردە بولسۇن قىيىنچىلىقى ھەتتا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ قورسىقىنى بىرەر ۋاقلىق تويغۇزۇشمۇ بىر مەسىلىگە ئايلاندى. شۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ نەچچە ئون مىڭ يۈەن تەقلەپ، بالىلىرىنى ئوقۇتۇشىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ چېن نېڭگېننى ئېلىپ ئېيتساق، نامراتلىقتىن ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالغان بۇ بىچارىلەرنىڭ ئۈچ ئېغىزلىق پاكار كېسەك تاملىق ئۆيىدە قولغا چىققىدەك بىرەر نەرسە يوق دېيەرلىك بولۇپ، پۇلغا يارىغۇدەك بىردىنبىر مۈلۈك ئاتىسىدىن مىراس قالغان 14دىيۇيملىق رەڭسىز تېلېۋىزور ئىدى. پىقىر مۇنداق قاراشتا: بارلىق سىياسەتلەر ئومۇمىي خەلقنى نەپكە ئىگە قىلىشى كېرەك. ناۋادا، بەزىلەر بېيىپ تىقىلىپ كېتىپ، بەزىلەر نامراتلىشىپ سارغىيىپ كەتسە، ھەتتا ئالىي مەكتەپنىڭ چاقىرىقنامىسى كەلسىمۇ ئۆلۈۋالسا، ئۇ ھالدا سىياسەتنىڭ مەلۇم ھالقىسىدىن چاتاق چىققان بولىدۇ. تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ئومۇمىيەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان بۇنداق مەسىلىلەرگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدۇ.

ناۋادا، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق نۇرى ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالارنى، بولۇپمۇ دېھقانلارنى يورۇتالمىسا، «ئوقۇش پۇلى» يەنە جان ئالىدۇ!

«ئوقۇش پۇلىنىڭ جان ئېلىشى» ھازىرقى ئىجتىمائىي ئاممىۋى پاراۋانلىق سىياسىتىگە خىرىس قىلماقتا. كەڭ دېھقانلارنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار دۆلەتكە شەرتسىز يوسۇندا ھەرخىل باجلارنى تاپشۇرىدۇ، بۇ باج كىرىمى دۆلەتنىڭ مۇھىم مالىيە ئاساسى. ھالبۇكى، دېھقانلارنىڭ دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسىگە سېلىشتۇرغاندا، دۆلەتنىڭ دېھقانلارغا بېرىدىغىنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا، دېھقانلار دۆلەتكە باج تاپشۇرغانىكەن، مۇناسىپ پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك ئىدى. دېھقانلار پەقەت پۇل تاپشۇرۇپ مۇناسىپ پاراۋانلىققا ئېرىشەلمىسە، بۇنى بەزى دېھقانلارنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب دېمەي بولمايدۇ. ئوخشاشلا، شەھەر-بازارلاردا نامرات، ئالاھىدە نامرات ئائىلىلەر بەزىدە پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن بولالمايۋاتىدۇ ياكى پاراۋانلىق نېسىپ قىلىنىۋاتىدۇ.

ناۋادا ئالىي مەكتەپلەر «يۇقىرى خىراجەتلىك مەكتەپ» كە ئايلىنىپ قالسا، «ئوقۇش پۇلى» يەنە داۋاملىق جان ئالىدۇ.

دەرۋەقە، ئالىي مائارىپ مەجبۇرىيەت مائارىپى ئەمەس، پۇقرالار ئالىي مائارىپتىن بەھرىمەن بولماقچى بولسا، پۇل تۆلىشى كېرەك. بۇ نۇقتىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ھېچكىم بۇنىڭغا ئۆكتە قوپمايدۇ. لېكىن پۇل تاپشۇرۇشتىمۇ «تۆۋەن چەك» بولۇشى كېرەك-تە. ھازىر نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەر «مائارىپنى كەسپلەشتۈرۈش» نى باھانە قىلىپ، ئوقۇش ھەققىنى ھەدەپ ئۆستۈرۈپ، ئۆز مەكتەپلىرىنى «يۇقىرى خىراجەتلىك ئالىي مەكتەپ» كە ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. تالاي ئىشچى-خىزمەتچى بىر يىل جاپا تارتىپ، ئاران نەچچە مىڭ يۈەن مائاشقا ئىشلەيدۇ. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش پۇلىلا ئون مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇيەردە تېخى تىزىمغا چۈشمىگەن قالايمىقان ھەقلەرنى دېمەي تۇردۇق. ئالىي مەكتەپلەر بولۇپمۇ دۆلەت ئىلكىدىكى ئالىي مەكتەپلەر دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلىشىشى، كەڭ پۇقرالارنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. بولمىسا، تالاي پۇقرا «مەكتەپ» كە قاراپ ئاھ ئۇرۇپلا قويىدۇ، «ئوقۇش پۇلى» يەنە جان ئالىۋېرىدۇ!

---

گۇڭداجۇڭ قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون ئەسلى «شەرقىي شىمال ئاخبارات تورى» (« 东北新闻网 ») نىڭ 2003-يىل 16-ئاۋغۇست سانىدىن «تاللانغان فېلىيەتونلار» (« 杂文选刊 ») ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 10-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. **ئابلىز ئۆمەر ھاجى** تەرجىمىسى (M1)



# ئۆتمۈش ۋە بۈگۈن

ئابلىكىم ئابلىز

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30-40-يىللىرىدا جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون باسقۇنچىلىرى قەدىمى يەتكەنلىكى يۇرتلاردا قورال كۈچىگە تايىنىپ، زورلۇق ۋاستىسى بىلەن قىز-ئاياللارنى ئېچىنىشلىق دەپسەندە قىلىپ، تارىختا «ھەمراھ بولغۇچى ئاياللار» پاجىئەسىدىن ئىبارەت نومۇسلۇق داغلارنى قالدۇرغانىدى. ھازىر ئۇ كۈنلەر ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، بىر قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشاش، ئەستىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇزاقتا قالدى.


قانۇن-تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلىنىۋاتقان مەدەنىيەتلىك، زامانىۋى جەمئىيىتىمىزدە، ئۆز ئېچىمىزدىن چىققان ئادەم بىدىكلىرى بولمىش نائەھلى مۇناپىقلار ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان قىزلارنى خىلمۇ خىل ۋاستىلەر بىلەن چوڭ شەھەرلەرگە، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ مال ئورنىدا سېتىپ، ئۇلارنىڭ خروئىن، ئەيدىز ۋىرۇسى... چىرمىغان زەئىپ تېنى، ئازابلىق قان-ياشلىرى، كېرەكتىن چىققان جىسمى ۋە روھى... ئارقىلىق تارىخىمىزدا ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىپلاس - شەرمەندە داغلارنى قالدۇرماقتا.

ئۇلارنىڭ نىيىتى، ئىش-ھەرىكىتى ياپون باسقۇنچىلىرىدىنمۇ ۋەھشىي، رەھىمسىز... ئىكەن.

ياپون باسقۇنچىلىرى ئاللىقاچان تۈپ يىلتىزىدىن قورۇتۇلۇپ، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى خەلقئارا سوت تەرىپىدىن دارغا ئېسىلىپ، تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلاندى، ئەمما ئىنسانىي قىممەتلەرنى دەپسەندە قىلىش، ئۆلتۈرۈشتە ئۇلاردىن «تەلىم» ئالغان «شاگىرت»لار - ئادەم بىدىكلىرى؛ بىدىكلەرگە بازار ئېچىپ بېرىۋاتقان ئىپپەت سېتىش «شىركەت»لىرىنىڭ پەردە ئالدىدىكى، پەردە ئارقىسىدىكى خوجايىنلىرى؛ خېرىدار - ئىستېمالچىلىرى ھەدەپ قۇترىماقتا (بۇنداقلاردىن تېخى بىرەرسى خەلقنىڭ كۆز ئالدىدا ئېتىلىپ باقمىدى). ئەۋلادلارغا سوزۇلغان قارا قوللارنىڭ دەستىدىن، بالا غېمىدە كۆزلەردە قان-ياش، يۈرەكتە ئەلەم ۋە خۇن، قەلبتە پىغان-ھەسرەت، دىللاردا ئاچچىق نەپرەت، تىللاردا لەنەت ۋە قارغىش...

---

ئاپتور: باي ناھىيە سايرام بازىرىدا(M2)



# خوتەن سەيپىددىن ئەزىزىنى ئەسلەيدۇ


(ئەسلىمە)

نۇرمۇھەممەت توختى

## 1

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق رەھبەرلىرىدىن بىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ئۇزۇن يىل ئاپتونوم رايون رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن سەيپىددىن ئەزىزى كېلەر يىلى - 2004-يىلى 90ياشقا كىرىدۇ. ئاسترونومىيىلىك يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى بويىچە شۇنداق ھېسابلانسىمۇ، ھاياتلىقلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ياش - ئۆمۈر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇ ئاللىقاچان 90ياشتىن ھالقىدى. ئۇنىڭ 90يېشىنى قۇتلۇقلاش - ئەلۋەتتە ۋە شەك-شۈبھىسىز ئەھمىيەتلىك ئىش.

پارتىيە، دۆلەت، ھۆكۈمەت خىزمەتلىرى جەريانىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى نۇقتىسىدىن بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن ھامىيلىقىدىن بولسۇن، مەيلى يازغان ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى تەرىپىدىن بولسۇن، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان زات. بىر ئادەم 90ياشقا كىرگەنىكەن، شۇنچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنىكەن، ئەلۋەتتە قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدۇ. ئاددىي ئادەملەر ئۈچۈنمۇ



شۇنداق.

ۋەھالەنكى، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى كېيىنكى 60يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا ئىزچىل دىققەت نەزىرىمىزدە بوپكەلدى. ئاخىرقى تۆت-بەش يىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشتىن - ئاخىر ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ باش پېرسوناژى بوپكەلدى. ئەدەبىيات ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. مەيلى كەچمىشلىرى نۇقتىسىدىن بولسۇن، مەيلى جەمئىيەتتە ئىگىلىگەن ئورنى نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئۇ ھەرگىز ئاددىي ئادەم ئەمەس. ئاددىي ئادەم بولمىغانىكەن، ئۇنىڭ مۇبارەك 90يېشىنى تېخىمۇ قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدۇ.

كىشىلەر 60ياشقا يەتمەي تۈرۈپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىر ئادەم 90ياشقىچە ياشايدىكەن، بۇ ئەلۋەتتە دىققەتنى تارتىدۇ، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ھۆرمەتلىك سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى نەۋەجىدىن 90ياشقىچە ئۆمۈر كۆردى؟ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى قانداق؟ بۇنى بىز ئۆزىدىن سوراپ كۆرۈشكە ئامالسىز. بۇيەردە تىرىشچان ياپونلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىنى تىلغا ئېلىپ، گەپنى ئۇزارتىشنىڭمۇ ئەھمىيىتى يوق. ھېكايە قىلىشلىرىچە، داڭلىق تېۋىپ، 124ياش ئۆمۈر كۆرگەن تۈردى ھاجىمدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش تەجرىبىلىرى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ لوقمان سانىي: «بىرىنچىدىن، ياراتقۇچىنىڭ شاپائىتىدىن، ئىككىنچىدىن، كۆن غەربكە قىيسايغاندىن كېيىن

غىزالانمىدىم ، ئۈچىنچىدىن ،تاماق تاللىمىدىم ۋە بەك تويغىچە يېمىدىم ، تۆتىنچىدىن ، هاياتتىن ئۈمىدۋار بولدۇم »دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن .

هۆرمەتلىك سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىمىز بەلكىم ئاشۇنداق ئېسىل ئادەتلەر مۇجەسسەم تاپقان بولۇشى مۇمكىن . ئەمدى سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تېبابەت ، مېدىتسىنا ساھەسىدىكىلەرگە قالدۇرۇپ ، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى گېپىمىزگە قايتىپ كېلەيلى .

سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن ياشلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان . هېكايە ،شېئىر ،رومانلارنى يازدى . ئەهمىيىتى ئۇلاردىنمۇ زور بولغان ئەسلىمىلەرنى نەشر قىلدۇردى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى هەرگىز ئاز ئەمەس ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە دېسەك ، هەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز . شۇنداقكەن ، ئۇيغۇر شائىر - يازغۇچىلىرى ئىچىدە تون كىيگۈزۈش - تون كىيىش ئەۋج ئېلىۋاتقان دەۋردە ئۇنىڭغا تون كىيدۈرۈش لايىقمىدى - ئەمەسمىدى دېگەن سوئال ئالدىمىزنى تورايدۇ . مەلۇمكى ، تارىختا پادىشاهلار قول ئاستىدىكى ۋەزىر-ۋۇزرا ، بەگ-سىپاهلارغا تون يېپىدىغان ،ۋەزىر-ۋۇزرا ،بەگ-سىپاهلارمۇ ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە تون يېپىدىغان ئادەت بولغان . بۇ ، يۇقىرىنىڭ تۆۋەنگە تون يېپىشى بولۇپ هېسابلىنىدۇ . قايسىبىر يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەرهۇم ئۆتكۈر ئەپەندىگە تون ياپقانلىقى خەۋەر قىلىنغان . بۇ ، تۆۋەننىڭ يۇقىرىغا تون يېپىشى بولۇپ هېسابلىنىشى مۇمكىن . بۇلاردىن تونىنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېپىلىشىمۇ ،تۆۋەندىن يۇقىرىغا يېپىلىشىمۇ بولۇۋېرىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ . ئەپسۇسكى ،تاهازىرغىچە سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىگە نە يۇقىرىنىڭ ، نە تۆۋەننىڭ تون ياپقانلىقى خەۋەر قىلىنمىدى . بۇ ، كىشىنى سەل ئويغا سېلىپ قويىدۇ . بەلكىم تۆۋەننىڭ سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىگە تون ياپماسلىقى هۆرمەتنى ۋايىغا يەتكۈزەلمەسلىكتىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ،يۇقىرىنىڭ سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىگە تون ياپماسلىقى بولسا ، ئۇنداق سىياسەت - بەلگىلىمىنىڭ يوقلۇقىدىن بولۇشى مۇمكىن . قانداقلا بولمىسۇن ، شان-شەرەپ بېرىلىشكە تېگىشلىك ئادەمگە شان-شەرەپ بېرىلمەسلىكى ياكى ۋاقتىدا بېرىلمەسلىكى ئادەمنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ . هەتتا مەتبۇئاتلارنىڭ ، رادىئو-تېلېۋىزىيەلەرنىڭ ئۇنى كېيىنكى تۆت-بەش يىلدا تامامەن ئەستىن چىقىرىپ قويۇشى ،شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭمۇ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈشكە سەۋەب بولۇشى ئادەمنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ . بىزنىڭ بۇنداق نادامەت چېكىشىمىز تامامەن ئورۇنسىز بولۇشى مۇمكىن . بۇ قېتىم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەهمەد ئەپەندى خوتەندە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ 90يېشىنى قۇتلۇقلاش مەسىلىسىنى تىلغا ئاپتۇ . بۇ ئۇنىڭ شەخسىي تەشەببۇسى بولماسلىقى مۇمكىن . پارتىيە ،هۆكۈمەت سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ 90ياشقا كىرگەنلىكىنى قۇتلۇقلاشنى پىلانلىغان بولۇشى مۇمكىن . قانداقلا بولمىسۇن ، گەپ سىرتقا چىقتى . سىياسىي كېڭەش خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ سۆهبەت يىغىنى ئاچقانلىقىمۇ خەۋەر قىلىندى . خوتەندە سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ تۆهپە-خىزمەتلىرى ،كەچۈرمىشلىرى ،تەسىرى ئەسلىنىشكە باشلىدى . مانا بۇ خەۋەرلەر بىزنىڭمۇ سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى هەققىدە قەلەم تەۋرىتىشىمىزگە تۈرتكە بولدى . خوتەن ئۇنى چوقۇم ياد ئېتىدۇ .

## 2

سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ 90ياشقا كىرگەنلىكىنى قۇتلۇقلاش خوتەن ۋىلايىتى ئۈچۈن ئۆزگىچە ئەهمىيەتكە ئىگە . سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ پۈتكۈل مەملىكەت ئۈچۈن ،پۈتكۈل ئاپتونوم رايون ئۈچۈن قوشقان تۆهپىلىرى تارىختىن ، ئاخبارات خەۋەرلىرىدىن مەلۇم . يەنە بەزى ئىشلىرى ئاشۇ يىلى ئۇ ناهەقچىلىككە ئۇچرىغاندا تارقىتىلغان تەنقىدىي تەھلىل ماتېرىياللىرىدىكى تۆهمەتلەردىنمۇ مەلۇم . كەچمىشلىرى بولسا ،ئۆز ئەسلىمىسى - «ئۆمۈر داستانى »دا تىلغا ئېلىنغان . ۋەهالەنكى ، ئۇنىڭ خوتەن ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ئىشلىرى ،خوتەن خەلقى ئۈچۈن ئېيتقان هەققانىي سۆزلىرى خوتەننىڭ سىرتىدىكى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن كەم مەلۇم .

پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلەپ هېسابلىشىچە ، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى خوتەن تۇپرىقىغا يەتتە-سەككىز قېتىم قەدەم تەشرىپ قىپتۇ . ئۇنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى قۇمساز تۇپراقتا يەتتە-سەككىز قېتىم ئىز قالدۇرۇپتۇ . خوتەن دىيارىدا بوران كۆپ چىقىدۇ ،قۇم-توزان كۆپ ئۇچىدۇ . ئۇنىڭ ئىزلىرى كۆمۈلۈپ كەتمىدىمىكىنە؟ كۆمۈلۈپ كەتتى ، ئەمما يەنىلا ئەستە قالدى .

ئانامغا نېمىدەپ يىغلاي ،
دادامغا نېمىدەپ يىغلاي .
ئېتىڭنىڭ ئالدىدىن ئاشقان
ساماندەك سارغىيىپ يىغلاي .

لاچىن سوققان توشقاننىڭ
جاڭگالدا ئۇۋىسى بار .
مەندەك بىر مۇساپىرنىڭ ،
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار ؟ !

مانابۇ - مەشهۇر خوتەن خەلق ناخشىسى «ئانارگۈل » .ئۇنىڭ مۇڭلۇق كۈيى قايەردە ئاڭلانسۇن ،خوتەن ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى دەرهال سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنى ئەسكە ئالىدۇ . سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى شۇ قېتىم خوتەنگە كەلگەندە «خوتەن بۇلبۇلى »سالامەت مەخسۇت ئۇنىڭغا «ئانارگۈل »ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ . قىزىقچى ئارتىس مۇختار ئىمىن هاجى :

تۇنۇك بېشىغا ئاي كەلدى، بالام،
دادىڭىز سالتاڭ ساي كەلدى، بالام.
تالما ياغلىقتا ،بالام،
كاۋا باراڭلىقتا ،بالام.

دېگەن «ئەللەي ناخشىسى»دىكى قوشاقلارنى يېشىپ، «ئانارگۈل»نىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ .ناخشىدىكى لىرىك مۇڭ ۋە ھېكايىدىكى قىزىقارلىق تەپسىلات سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىگە ئاجايىپ تەسىر قىلىدۇ. شۇڭىمىكىن، ئۇ، شۇ چاغدىكى خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ،شائىر ئىمىن راشىددىنغا «ئانار گۈل»ھېكايىسىنى درامىلاشتۇرۇپ چىقىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. مەرھۇم ئىمىن راشىددىن ئۇنىڭ ھاۋالىسىنى يەردە قويماي راستىنلا «ئانارگۈل» (بەزى مەنبەلەردە «ئادارگۈل»دەپ ئېلىنغان) درامىسىنى يېزىپ چىقىدۇ ۋە ئۇنى سەيپىددىن ئەزىزىنىڭ قوللىشى بىلەن «يېڭى قاشتېشى»سەنئەت ئۆمىكى خوتەن ،ئۈرۈمچى سەھنىلىرىدە ئوينايدۇ. شۇنداق قىلىپ خوتەن خەلق ناخشىسى بولغان «ئانارگۈل»ۋە «ئەللەي ناخشىسى»ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تارقىلىدۇ. ھەتتا كېيىن مەريەم ناسىر خانىم «ئەللەي ناخشىسى»غا ئۇسسۇل ئىشلەپ، مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. ئۇ چاغلاردا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولغاچقا ،ھېكايىغا ،دراما - ئوپېرالارغا سىنىپىي تۈس بېرىلەتتى .سىنىپىي پۇراق بەرمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. گەرچە مەرھۇم ئىمىن راشىددىن ئەپەندى درامىلاشتۇرغان «ئانارگۈل» ئاشۇنداق تەپسىلاتلىرى سەۋەبىدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن درامىدىكى ئىككى ناخشىنىڭ ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تارقىلىشىغا ۋە بۈگۈنگىچە ئېيتىلىپ كېلىشىگە ھەسسە قوشىدۇ. خەلق ناخشىلىرىنى «سېرىق ناخشا»دەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇۋاتقان شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ دراما ئىچىگە كىرگۈزۈپ بولسىمۇ خەلق ناخشىلىرىنى سەھنىگە ئاچىقىشقا مەدەت بەرگەنلىكى كاتتا-چوڭ ئىش ئىدى. خوتەن ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى بۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەلىسۇن؟!

## 3

قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىدە ياكى يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق-تىنجىق كۈنلىرىدە خوتەن دېھقانلىرىنى ھاشارغا ھەيدىگەن سادا ئاڭلانسا، خوتەن دېھقانلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن تۇنجى ۋە ئاخىرقى قېتىم بىر ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويغان رەھبەر سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنى ئەسكە ئالىدۇ، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ تۇرۇپ، سېغىنىش بىلەن ئەسكە ئالىدۇ .ئۇ پەيتنى تارىخ ئېسىدە ساقلاپ قالدى. بۇ، 1970-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى نويابىرنىڭ ئاخىرى - قەھرىتان قىش باشلانغان ،سوغۇق تاغ شامىلى زەرب بىلەن سوقۇپ، زۇمرەتتەك سۇلار ئەينەكتەك سۈزۈك مۇز توڭقان چاغ ئىدى. خوتەن دېھقانلىرى خوتەن شەھىرى بىلەن يورۇڭقاش دەرياسى ئارىلىقىدىكى كونا «ئىلچى دەرياسى»نىڭ قىنىنى بويلاپ «ئىگەرچى»گە، «ئىگەرچى»دىن «ياپىلاق»قا، «ياپىلاق»تىن «ھاڭغىتلىق»قا ،ئۇيەردىن «يېڭىبېرىق»نىڭ ئايىغىغا ،ياكى «دەرۋازىقۇم»، «ھاكىمنىڭ كەپىسى»گە قەدەر سوزۇلىدىغان «شەرق شامىلى ئۆستىڭى»نى قېزىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇيەردە ئىشلەۋاتقىنىغا نەچچە ھەپتە بولغانىدى. كەڭلىكى سەككىز-ئون مېتىر كېلىدىغان ئۆستەڭ قىنى بەزى يەرلەردە بەش-ئالتە مېتىر چوڭقۇرلىغاندا ئۆستەڭ تېگىدىن سۇ چىقىپ كەتكەنىدى. «كوئېنلۇن سۇئامبىرى» ۋە يورۇڭقاش دەرياسىغا يېقىن يەرلەردە چىقىپ كەتكەن سۇ تىزغا كېلەتتى. ئەمما ئۆستەڭ قېزىش تېخى لايىھەدە بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتمىگەن ،تەلەپ ئورۇندالمىغان ،داۋاملىق قېزىش لازىم ئىدى، قازماي بولمايتتى .خوتەن دېھقانلىرى سوغۇقتا يالىڭاياق بولۇپ، ئىشتاننىڭ پۇشقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈپ ،سۇ كېچىپ ئىشلەۋاتاتتى. سۇنىڭ تېگىدىكى توڭلاپ كەتكەن لايىنى بىر كەتمەن-بىر كەتمەندىن چۆنەكتا توقۇلغان زەمبىلگە ئالاتتى، تاغارغا ئۇساتتى. زەمبىلنى كۆتۈرۈپ، تاغارنى يۈدۈپ بەش-ئالتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۆستەڭ قېشىغا ئاچىقىپ تۆكەتتى. تاغاردىن ساقىغان لاي سۇ كۆتۈرگۈچىنىڭ ھەممە يېرىنى ھۆل قىلىۋېتەتتى. ھۆل بولغان كىيىملەر توڭلاپ قالاتتى، زەمبىل كۆتۈرگەن بىلەكلەر ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك تالاتتى. كەتمەن تۇتقان قول-ئالقانلاردىن قان چىقىپ كېتەتتى. ھەممىدىن يامىنى سوغۇق ئىدى. ئەتىگەن ئەينەكتەك سۈزۈك مۇز قاتقان سۇنى كېچىۋاتقان پۇتلار بىردەمدىلا ھېچنېمىنى سەزمەس بوپقالاتتى. كەچتە-قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىشتىن چۈشۈپ، سەھەردە - تاڭ ئاتماستا ئىشقا چىققىچە كونا جۇۋا بىلەن ھەرقانچە يۆگىسىمۇ ئەسلىگە كېلەلمەيتتى ،ئىسسىق سېزىم پەيدا بولمايتتى. قوللار، قۇلاقلارمۇ توڭاتتى. سوغۇق شامال ئۇششۇك ھەرىسىدەك چېقىپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭدىنمۇ يامىنى قورساق ئىدى. ئۆستەڭ قىرىغا ئېسىلغان داشقازاندىن بېرىلىۋاتقان خامخۇتىلا ئوماچ ۋە تۇزلۇق زاغرا قۇۋۋەتنى تولۇقلىيالمايتتى. زەمبىلنى كۆتۈرۈپ، تاغارنى يۈدۈپ، بەش-ئالتە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۆستەڭ قىرىغا چىققۇچە پۇتلار ماغدۇرسىزلىقتىن لاكاسلاپ قالاتتى، قورساق كورۇلداپ كېتەتتى ،ئاچلىق قىيىنايتتى. چىدىمساڭمۇ ئامال يوق ئىدى. لايىھەدە بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتكۈزەلمىگەنسەن، ئۆلسەڭمۇ ئىشلەۋېرىشىڭ لازىم ئىدى. قېچىپ كېتىشنى خام خىيال ئەيلىمە. قاچىدىكەنسەن، تۇتۇپ، باغلاپ ئەكېلىدىغانلار ھەرقاچان تەييار .تېخى «خۇسۇسىيلىققا قارشى كۈرەش قىلمىغان»بولىسەن ،كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنىڭ قۇيرۇقى بولۇپ كۈرەش - تەنقىدكە تارتىلىسەن. ئۆستەڭ چېپىش چېمىڭ بىر ھەسسە كۆپەيتىلىدۇ. مۇشۇ ئۆستەڭدە جاپاغا، سوغۇققا ،ئاچلىققا چىداپ ئىشلەيسەن. ياكى ئۆستەڭ

پۇتكۇچە ۋەياكى ئۈستەل قىنىدا ئۆلۈپ يىقىلغۇچە ئىشلەيسەن . كىم سېنى زۇكام بوپقالسۇن دەپتۇ ، كىم سېنى بوغۇم ياللۇغى بوپقالسۇن دەپتۇ ، كېسەل بولساڭمۇ ئىشلەيسەن .تاكى پۇتكۇچە ياكى ئۈستەل قىنىدا يىقىلىپ ئۆلگۈچە . . .

بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىم قانچە ؟دەپ سورىدۇڭمۇ ،نېمە ئىش ھەققى ئۇ ، ئۈستەل چاپسالڭ ، ماڭا چېپىپ بېرەتتىڭمۇ ، كوممۇنادىكى ۋەزىپەڭ ئۈچۈن چاپىسەن . ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇندىساڭ - بىر كۈنلۈكۈڭ ئۈچۈن بىر گۈڭ - ئون نومۇر خاتىرىلەپ قويۇلىدۇ . يىل ئاخىرىدا بىر گۈڭ ئۈچۈن - بىر كۈنلۈك ئەمگىكىڭ ئۈچۈن 15تىيىن - 15سىنىت . بىر كۈنلۈك ئەمگىكىم مېكىياننىڭ بىر قېتىم ئىنجىقلىغىنىغا ،بىر تۇخۇمغا تەڭ بولمىدى ، دەپ ئاغرىنىشقا رۇخسەت يوق . ۋۇ ئەبلەخ ،تولا كاسىلدىغىچە چېپىڭنى چاپ .ئاشۇ سۇ چىقىپ كەتكەن يەردىن ھېسابلىغاندا يەنە بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا چاپىسەن . يەنە 16كۇب مېتىر توپا - لاي چىقارساڭ ۋەزىپەڭ تۇشىدۇ . . .

سوغۇق ، جاپا ،ئاچلىق ئازابىدىن ھەممە خوتەن دېھقىنى ئاشۇ «شەرق شامىلى ئۈستىڭى»نىڭ قىرىدا كېسەل بولۇپ ماغدۇرىدىن كېتىپ ، توڭلاپ يىقىلىدىغاندەك ، ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . «تۆت كىشىلىك گورۇھ»نىڭ مۇشۇ يەردە ھوقۇق تارتىۋالغان ئاتارمەن-چاپارمەنلىرىنىڭ خەلقنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ، ئاچ-يالىڭاچلىقى ، توڭلاشلىرى بىلەن كارى يوق ئىدى . پەقەت ئىشقا سېلىشنىلا بىلەتتى . ئۇلار ئېغىر ئەمگەك ئارقىلىق خوتەن دېھقىنىنى جۇن قىلماقچى ، ئەقلىنى ئىشلىمەس ، سەزگۈلىرىنى تۇيماس قىلماقچى ئىدى . ئەمما خوتەن دېھقىنى يەنىلا جاپانى ،سوغۇقنى ، ئاچلىقنى سېزىپ تۇراتتى ،قىينىلاتتى ،قۇتۇلالمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ تۇراتتى .

جان تاتلىق ئىدى . بىر-بىرىنى ئەسكى كەتمەن بىلەن چاناپ ئۆلۈپ بېرىشنىڭ ، بۇ دۇنيانى قويۇپ بېرىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى . ئۇ پەقەت ئۈمىدسىزلىنەتتى . ئۆز تەقدىرىنى ئاللاغا تاپشۇراتتى . . .

خوتەن دېھقىنى مانا مۇشۇنداق جان تالىشىۋاتقان چاغدا «شەرق شامىلى ئۈستىڭى»نىڭ قىرىدا سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندى پەيدا بولدى . مەركەزنىڭ يۆلىشى بىلەن «تۆت كىشىلىك گورۇھ»ئۇنىڭدىن ھوقۇق تارتىۋالالمىغان ،ئۇنىڭ يەنىلا ئاپتونوم رايوندا ھوقۇقى بار ئىدى . بۇ قېتىم خوتەنگە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ كەلگەنىدى . ئۇ قەھرىتان سوغۇقتا تىزىغىچە سۇ كېچىپ ئىشلەۋاتقان يىلىڭ -يوپۇق ، ماغدۇرسىز خوتەن دېھقانلىرىنى كۆردى ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك جاپاسى ،سوغۇق ئازابى تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

ئۇ ھازىرچە ئۇلارنى ئاچ-يىلىڭلىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئاجىز ئىدى .ئەمما سوغۇق ئازابىدىن ، قىش-سوغۇقتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەمگەك جاپاسىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا قۇربى يېتەتتى . ۋاقىتلىق ، ئەتىياز كەلگىچە بولسىمۇ قۇتۇلدۇرالايتتى . «تۆت كىشىلىك گورۇھ»نىڭ مۇشۇ يەردە ھوقۇق تارتىۋالغان ئاتامەن - چاپارمەنلىرىنىڭ قەھرىتان قىشتا كىشىلەرگە جاپا ۋە زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلدىمۇ ،سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندى «شەرق شامىلى ئۈستىڭى»نىڭ قىرىدا پەيدا بولۇپلا قاپىقىنى تۈردى . خېلى ئۇزۇن جىمجىت قاراپ تۇردى .ئاتارمەن-چاپارمەنلەر بولسا ئۇنىڭدىن ماختاش تەمە قىلىپ ھەدەپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ،ئۇنۇمى ھېسابقا ئېلىنمىغان ئەمگەكنى ماختاۋاتاتتى . شۇ دەقىقىدە سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ قۇلىقىغا ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى كىرمىدىمۇ -يوق ، بۇ نامەلۇم ، ئەمما تۇيۇقسىز ئېغىز ئېچىپ : «نېمە قىلىق بۇ ، شۇنچە سوغۇقتا ئەمگەككە سالغىنىڭلار نېمىسى؟ دېھقانمۇ ئادەمغۇ؟ ئۇ ياكى ئىسسىق - سوغۇقنى سەزمەيدىغان بۇت بولمىسا ، تارقىتىۋېتىڭلار ، دەرھال ئۆيلىرىگە تارقاپ كەتسۇن . . »دېدى . تەلەپپۇزى خېلىلا قاتتىق ئىدى . ئەگەر ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ پۈتۈپ قالغاندەك پەس چىقىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا ، ئۇنىڭ غەزەپتىن ۋارقىرىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولاتتى . ئاۋاز پەس ئاڭلاندى . شۇنداقتىمۇ ئاتارمەن-چاپارمەنلەرنىڭ خىزمەت تونۇشتۇرۇۋاتقان ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى . ئاتارمەن-چاپارمەنلەرنىڭ ئاۋازى ئۆچتى . . . يېقىن ئەتراپتا ئىشلەۋاتقان دېھقانلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەنىدى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كىمدۇر بىرى : «ياشىسۇن رەئىس !»دەپ ۋارقىرىۋەتتى . ئاۋازى يىغلىغاندەك تىترەپ چىقتى . باشقا دېھقانلارمۇ قوشۇلدى .ئۇلار : «ياشىسۇن رەئىس !»دەوپ ۋارقىرىغانچە ئۈستەڭ قىنىدىن چىقىپ ،نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېلىپ پۇررىدە تارقاپ كەتتى . . .

دېھقانلارنىڭ سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىنى «ياشىسۇن !»دېگەنلىكى توغرا بولمىغان بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى ئۇ يىللار كامبودژالىق سەرگەردان پادىشاھ سىخانوكنى (1970-يىلى كامبودژىدا سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ ، ھازىرقى پادىشاھ نورودوم سىخانوك جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي پاناھلىق بېرىشى بىلەن جۇڭگودا مۇساپىرەتتە ئىدى . - باش مۇھەررىردىن ) «ياشىسۇن ،دېسە بولۇدىغان ، لېكىن ئۆزىمىزنىڭكىلەردىن ماۋزېدۇڭدىن باشقا كىشىنى «ياشىسۇن»دېيىشكە يول قويۇلمايدىغان يىللار ئىدى . ئەمما دېھقانلار ئۇنى يەنىلا «ياشىسۇن» دېدى . ئاشۇ «ياشىسۇن»نىڭ قىممىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى . ئۇنىڭ قىممىتىنى قەھرىتان سوغۇقتا يالىڭاياق بولۇپ ،مۇزدەك سوغۇق سۇنى كېچىپ ئىشلىگەن ئادەملا بىلەتتى . ئاشۇ «ياشىسۇن !» «شۇنچە سوغۇقتىمۇ ئەمگەككە سالغان بارمۇ . . . تارقىتىۋېتىڭلار ، ئۆيلىرىگە تارقاپ كەتسۇن»دېگەن سۆزگە ئايرىۋاشلانغانىدى . ئايرىۋاشلاش ئۇسۇلىمۇ نەق ،سەممىي ،ئادىل ئىدى . ئاشۇ سورۇندا سەيپىدىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ ئاشۇ ھىممىتىگە يەنە قانداق جاۋاب بەرگىلى بولاتتى؟ ئۇنىڭ سەممىي

سۆزىگە ئايرىۋاشلىغىلى بولۇدىغان باشقا بىرنەرسە تېپىلاتتىمۇ؟ تېپىلاتتى. ئۇ، يىغا، كۆزلەردىن مارجاندەك تۆكۈلگەن ياش تامچىسى. ئەمما ئۇ، ئاشۇ «ياشىسۇن» دېگەن رەھمەتكە، تىترىگەن ئاۋازغا قوشۇلۇپ قويۇلغانىدى...

سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ خوتەندىكى تەكشۈرۈشنى تۈگىتىپ ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن يەنە تېلېفون بېرىپ: «ئاشۇ ئەمگەكچىلەر ھەممىسى تارقاپ كەتتىمۇ؟ باشقا يەرلەردە ئىشلەۋاتقانلارمۇ تارقىدىمۇ؟ تارقىمىغانلارنى دەرھال تارقىتىۋېتىڭلار...» دەپ سورۇشتە قىلغانلىقى ھېلىمۇ ئېينى چاغدىكىلەرنىڭ ئېسىدە. ئەمما بۇ خوتەن دېھقانلىرىغا كۆرسىتىلگەن ئاشۇ قېتىملىق ھىممەتنىڭ داۋامى بولۇپ، مۇھاكىمىمىزدىكى مەسىلە ئەمەس. مۇھاكىمىمىزدىكى مەسىلە شۇكى، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ نامۇۋاپىق پەسىلدە قىلىنغان، زۇلۇم تۈيغۇسىنى بېرىدىغان نامۇۋاپىق ئەمگەكنى توسقان تۈنجى ۋە ئاخىرقى رەھبەر بوپقالغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت.

خوتەن دېھقانلىرى ئاشۇ 1970-يىللاردىن ئىلگىرى، ئېنىقراق ئېيتقاندا 1958-ۋە1960-يىللاردا، نامۇۋاپىق پەسىلدە — تومۇز ئىسسىقتا ياكى قەھرىتان سوغۇقتا تالاي قېتىم بوزيەر ئېچىشقا، سۇئامبىرى ياساشقا، ئۆستەڭ چېپىشقا، لايلاپ كەتكەن ئۆستەڭلەرنى قايتا چېپىشقا ۋە يەنە ئاللىقانداق نەتىجىسىز ئەمگەكلەرنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىندى. ئالايلۇق، قاراتاغىزدا، مۇجىدا، زاڭگۇيدا، پىيالمىدا، سەككىز پارچىدا، لەمپىدە، كاۋاكتا، تۈزلۈقئوتاقتا، ئەلەمبۇلۇڭدا، سېرىق ئوتتا، داۋزىقۇمدا، ئۇزۇن شوردا، تارشىلىقتا، يالغۇز جىگدىدە، ئىچىقاتتا، يامان بۇكتە، خالتا بۇلۇڭدا، گۈزەرمىدە، ئەگرىياردا، قاراتوغراقتا، توغرىسۇدا، تولغانجىدا، ھاڭگىيدا، بەشتوغراقتا، چىرىدا، گۈلاخمىدا، دامكۇدا، قاراقىيدا، شىۋۇلدا، جايدا، يېڭىباغدا، ئويتوغراقتا، سالغۇزەكتە، ئەندىردە بوزيەر ئاچقاندا خوتەن دېھقانلىرى تومۇز ئىسسىقتا تۈنجۇقۇپ، قەھرىتان قىشتا مۇزلىمىدىمۇ؟ ئەمما ھېچكىم: «ھاي، بۇ ئىشلارنى مۇۋاپىقراق پەسىلدە، سەل مۇۋاپىقراق قىلايلى، ئەمگەكنى زۇلۇمغا ئايلاندۇرۇۋالمايلى» دەپ باقمىدى. خوتەن دېھقانلىرى ئاشۇ يىللىرى ياپچان سۇ ئامبىرىنى، كەڭەز سۇ ئامبىرىنى، سانجۇ سۇ ئامبىرىنى، غوجىدۆك سۇ ئامبىرىنى، شورلۇق سۇ ئامبىرىنى، شەرق شاملى سۇ ئامبىرىنى، داخان سۇئامبىرىنى، قاراساي سۇ ئامبىرىنى، ياۋا 1-سۇ ئامبىرىنى، ياۋا 2-سۇئامبىرىنى، لەمپە سۇ ئامبىرىنى، يېڭى قۇرۇلۇش سۇ ئامبىرىنى، تۈزلۈقئوتاق 1-سۇئامبىرى، يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى، يامانيار سۇئامبىرى، ھالالباغ سۇئامبىرىنى، چاكەش سۇ ئامبىرىنى، كۆئىنلۇن سۇئامبىرىنى، تولغانچى سۇئامبىرىنى، خالتابۇلۇڭ سۇ ئامبىرىنى، قاراكۆل سۇ ئامبىرىنى، ئاچچىقسۇسۇئامبىرىنى، بۇغراقۇم سۇئامبىرىنى، مول ھوسۇل سۇ ئامبىرىنى، پۇناق سۇ ئامبىرىنى، قاراسۇ سۇئامبىرىنى، ئاۋانگارت سۇ ئامبىرىنى، كېرىيە تەۋەسىدىكى 13سۇ ئامبىرىنى، نىيا تەۋەسىدىكى بەش سۇ ئامبىرىنى ياسىدى. ھېچقانداق زامانىۋى چېپىش-يۆتكەش قوراللىرى بولمىغان ئەھۋالدا ئىككى قولى بىلەن كەتمەن چېپىپ، ئىككى قولى بىلەن زەمبىل كۆتۈرۈپ، ئىككى دولىسىدا تاغار يۈدۈپ، ئاشۇ سۇ ئامبارلىرىنىڭ ئېگىز، قېلىن، مەزمۇت توغان داملىرىنى ياساپ پۈتكۈزدى. ئۇلار تومۇزنىڭ ئىسسىقىدا كۆيمىدىمۇ؟ قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇقىدا توڭلىمىدىمۇ؟ ئەمما ھېچكىم: «ھاي، بۇ ئىشلارنى سەل مۇۋاپىقراق پەسىلدە، سەل مۇۋاپىقراق ئۇسۇلدا قىلايلى» دەپ باقمىدى. خوتەن دېھقانچىلىقى ئۆستەڭ-ئېرىقلارغا تايىنىپ سۇغۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان دېھقانچىلىق. خوتەندىكى ئېرىق-ئۆستەڭلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى خوتەندىكى يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن يۈز ھەسسە، مىڭ ھەسسە ئارتۇق. خوتەندىكى ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى بىر-بىرىگە ئۇلىسا، يەرشارىنى نەچچە ئورىغىلى بولىدۇ. ئاشۇ باش-ئايىغى ئېنىق، ئەمما خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى تومۇرلاردەك ھەممە يەرگە سوزۇلغان چەكسىز ۋە سانسىز ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى ھېچقانداق چېپىش-قېزىش ماشىنىسى يوق ئەھۋالدا، خوتەن دېھقانلىرى تاكان كەتمىنى بىلەن بىر كەتمەن، بىر كەتمەندىن چېپىپ، بىر تاغار، بىر تاغاردىن يۈدۈپ قاشقا ئاچىقىپ پۈتكۈزگەن. لاي تىنىپ قالسا يەنە قايتا چاپقان! بىز ئاشۇ ئۆستەڭلەرنى — «بەھرام ئۆستەڭ»، «ماكۇي ئۆستەڭ»، «گۈللۈك ئۆستەڭ»، «چوڭ ئۆستەڭ»... دەپ ساناپ بولالايمىزمۇ؟ مۇشۇ سان-ساناقسىز چەكسىز ئۇزۇن ئۆستەڭلەرنى چاپقاندا خوتەن دېھقانلىرى تومۇز ئىسسىقتا ھاسىراپ — ھۆمۈدەپ، قەھرىتان سوغۇقتا جالاقلاپ تىترىمىدىمۇ؟ ئەمما ھېچكىم: «ھاي، ئۆستەڭلەرنى سەل مۇۋاپىقراق پەسىلدە قازايلى، سەل مۇۋاپىقراق...» دەپ باقمىدى. چىرىلىقلار، گۈلاخمىلىقلار، دامكولۇقلار «جەڭگىۋار ئۆستەڭ»گە كەم ئەمەس 30يىل ئىشلىدى. ئاشۇ «جەڭگىۋار ئۆستەڭ»نىڭ قىرىدا بىر ئەۋلاد ھالىدىن كېتىپ قېرىدى، 2-ئەۋلاد ياشلىقىنى كۆمۈپ قويدى، 3-ئەۋلاد ئەستىلىكلەرگە، ئۆششۈگەن قۇلاقلارغا، قاپارغان، قان چىققان قوللارغا، بوغۇم ياللۇغى ۋە ئاللىقانداق كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان پۇتلارغا ئىگە بولدى. ئاچچىق ئۆرۈك گۈلىسى سېلىپ ئېتىلگەن سۇيۇق ئۇماچ ۋە كافكازلىقلارنىڭ، رۇمىنىيىلىكلەرنىڭ پاپاخلىرىغا ئوخشايدىغان ئېگىز گىرۋەكلىك تەلپەك ئۇلارغا 30يىل، قىشمۇ ياز ھەمراھ بولدى... نىيىلىقلار «18-ئاۋغۇست» سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 25يىل ئىشلىدى. «كۆكمەرەس» تىكى سوغۇق تاغ شاملى ئۇلارنى 25يىل سوقتى. بىر ئەۋلاد ئاشۇ تەشمىلەر ئىچىدە يىقىلدى، 2-ئەۋلاد تەشمىلەر يېنىدا 30ياشقا يەتتى، 3-ئەۋلاد بوۋىسىنىڭ تاكان كەتمىنىنى قولىغا ئالدى... ئۇلارغا قىشتا سوغۇق تېگىپ، يازدا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىدىمۇ؟ ئەمما ھېچكىم: «ھاي، ئۆستەڭلەرنى سەل مۇۋاپىقراق پەسىلدە قازايلى، سەل مۇۋاپىقراق ھاۋادا...» دەپ

www.uyghurkitap.com

باقمىدى . . .

ھېچكىم دەپ باقمىغان ئاشۇ گەپنى 1970-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى قىشتا ھۆرمەتلىك سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى تۇنجى بولۇپ دېيىشكە جۈرئەت قىلدى . تېخى خېلىلا غەزەپلىنىپ تۇرۇپ : «نېمە قىلىق بۇ ، شۇنچە سوغۇقتا ئەمگەككە سالغىنىڭلار نېمىسى؟ دېھقانمۇ ئادەمغۇ ،ياكى ئۇ ئىسسىق-سوغۇقنى سەزمەيدىغان بۇت بولمىسا ، تارقىتىۋېتىڭلار ،ئۆيلىرىگە تارقاپ كەتسۇن» دېدى . ئۇ ، خوتەنلىكلەرئۈچۈن مۇشۇنداق گەپنى دېگەن تۇنجى رەھبەر ! ئاشۇ گەپنىڭ قىممىتىنى ئاشۇ ساناقسىز قەھرىتان قىش ۋە تىنجىق يازلاردا ، ئاشۇ ساناقسىز ئەمگەكلەردە سوغۇقنىڭ ،ئىسسىقنىڭ ، جاپانىڭ ،ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىغان ئادەملا بىلىدۇ ! بىز سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنى خوتەن دېھقانلىرى ئۈچۈن ئاشۇنداق گەپنى دېگەن تۇنجى رەھبەر ، دېدۇق . ئاخىرقى رەھبەر كىم؟ ئاخىرقى رەھبەرنىڭ دەرىجىسى بەكلا تۆۋەن . ئۇ ،لايىقا يېزىلىق پارتكومنىڭ ھېلىقى لى فامىلىلىك سېكرېتارى (شۇجىسى ) بولۇشى مۇمكىن . ئۈچ-تۆت يىل بۇرۇن خوتەن لايىقدىكى لى شۇجى : «سوغۇق قىشتا ،رامزاندا دېھقانلارنى سىرتقى ئەمگەككە سالمايلى» دەپتۇ ، دېھقانلارنى دەم ئېلىشقا قويۇۋېتىپتۇ ،دېگەن گەپلەر تارقالدى . لى شۇجىنىڭ تەرىپ - قىممىتى ھەممە يەردە سۆزلىنىپ يۈردى . تېخى خېلىلا تەسىر قوزغىدى . نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا تەسىر قوزغايدۇ؟ چۈنكى چارەك ئەسىردىن بېرى - سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى 1970-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاشۇ گەپنى دېگەندىن كېيىن تاكى لى شۇجىغىچە ھېچكىم بۇنداق گەپنى دەپ باقمىغانىدى . . . ئەمما لى شۇجىنىڭ ئەمەل دەرىجىسى بەكلا تۆۋەن ئىدى . سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ ئەينى چاغدىكى دەرىجىسىدىن يەتتە دەرىجە تۆۋەن ئىدى . ئۇنىڭ گېپى ئاران كىچىككىنە لايىقا يېزىسى دائىرىسىدىلا ئۆتەتتى .

بىز سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنى خوتەن دېھقانلىرى ئۈچۈن لىللا گەپ قىلىپ قويغان تۇنجى ۋە ئاخىرقى رەھبەر دېگىنىمىزدە ،ئەلۋەتتە ئۇنىڭ دەرىجىسىنى نەزەردە تۇتتۇق . ئۇۋال قىلمايلى ، دەرىجىسى سەل يۇقىرى ۋە سەل تۆۋەن رەھبەرلەردىن يەنە بولۇشى مۇمكىن .ئۇلار خەلق چاكارلىرىغا لايىق سەممىي ۋە چىن كۆڭلىدىن توڭۇپ تىترەۋاتقان ياكى ئىسسىقتا ھۇمۇدەپ تەرگە چۆمۈپ كەتكەن خوتەن دېھقانلىرى ئۈچۈن لىللا گەپلەرنى بىر قېتىم ۋە كۆپ قېتىم دېگەن بولۇشلىرى مۇمكىن . ئۇلارنىڭ گەپلىرى ھاشار ئەبەدىي تۈگىمەيدىغان خوتەندە ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلالمىدى .ساقلىنىپ قالغىنى پەقەت سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ سۆزىلا ، خالاس .

بىز - سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنى ،ئەگەر ئۇ 1994-يىلى 7-ئاينىڭ 4-كۈنى ئەتراپىدا ، ياۋا يېزىسىنىڭ ئايىغىدا ،38سېلتىسىيە گرادۇسلۇق ئىسسىقتا بوزيەر ئېچىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ ،ئىچى سۈرۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولسا ،1998-يىلى قىشتا ، لوپ ناھىيىسىنىڭ سوغۇققۇم دېگەن يېرىدە ،نولدىن تۆۋەن 20سېلتسىيە گرادۇسلۇق سوغۇقتا بوزيەر ئېچىۋاتقانلارنىڭ توڭلاپ ،ئۆپكىسىگە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋېلىپ توختىماي يۆتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسا ،شۇ قىشتا ئۇزۇن شوردا ، قاغا تۈزدا ،تۈزياقلاقتا بوزيەر ئېچىۋاتقانلار-نىڭ سوغۇقتا توڭۇپ كۆك ماڭقىسى چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بولسا ، 2001-يىلى 8-ئاينىڭ 18-كۈنلىرى ئەتراپىدا ،سېلتسىيە 30گرادۇسلۇق ئىسسىقتا 20مىڭدەك دېھقاننىڭ «لاي ئېقىتىپ بوزيەر ئاچىسىلەر» دەپ كېرىيىنىڭ قاراقىي يېزىسى بىلەن شىۋۇل يېزىسى ئارىلىقىدىكى 215-نومۇرلۇق دۆلەت يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئاپتاپقا سېلىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرگەن بولسا ۋە ئاشۇ يەردە قومۇللۇق داڭلىق ئايال يازغۇچى ئايشەم ئەخمەت خانىمنىڭ : « ھاشار دېگەن ۋاڭ-گۇڭلارنىڭ زامانىسىدىكى ئىش ، كومپارتىيە ۋاقتىدا نېمە ئۈچۈن ھەقسىز ھاشارغا سالىدىكەن سىلەرنى» دەپ ساقچىلارنىڭ ھەيدىشىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرگەن بولسا ، ۋە يەنەتالاي-تالاي تۈگىمەس ھاشارلاردىن خەۋەر تاپقان بولسا . . . 1970-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلى-رىدىكى ھېلىقى مەردانە ،لىللا گېپىنى يەنە تەكرارلىغان بولاتتى ،غەزەپ بىلەن ھومايغان بولاتتى ، پۈتۈكرەك چىقىدىغان ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىغان بولاتتى ،دەپ ئىشىنىشكە تامامەن ھەقلىقمىز . چۈنكى ئۇنىڭ كۆرگەن تەربىيىسى ، خەلقچىللىق روھى ، ئەمەل دەرىجىسى ، سالاھىيىتى ئۇنىڭغا شۇنداق ئىمكانىيەت بەرگەنىدى . ئەپسۇسكى ،ئۇ كېيىنكى يىللاردا بۇياقلارغا ئۆتەلمىدى . خوتەننىڭ قۇمساز تۇپرىقىغا قەدەم باسالمىدى ، قىشتىكى سوغۇق ، يازدىكى ئىسسىقتا ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنىمۇ كۆرەلمىدى .ئەپسۇس . . . خوتەن دېھقانلىرىنىڭ تومۇز ئىسسىقتا ،قەھرىتان سوغۇقتا ھاشارغا ھەيدىگەن سادانى ئاڭلىسا ، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنى ئەسكە ئېلىشىدىكى سەۋەب شۇ .

4

سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىگە ئەڭ كۆپ ۋە ئۈنۈملۈك ھامىيلىق قىلغان رەھبەرلەرنىڭ بىرى .مەلۇمكى ، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ، ئۆزىگە خاس تەجرىبە ۋە نەتىجىلىرى بىلەن بىرمىللەتنىڭ جىسمانىيىتىنى ،روھىيىتىنى قوغداپ كەلگەن ئۇيغۇر تېبابىتى كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بىردىنلا ئومۇملاشقان غەرب تېبابىتىنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كەلدى . ئۇنىڭ قىسىشىغا ،چەتكە قېقىشىغا ، سىقىپ چىقىرىشىغا ئۇچرىدى . ھەممە كەسىپ ئىدارىلاشقان ،ھەممە كەسىپ ھۆكۈمەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈلگەن شارائىتتا ئۇيغۇر تېبابىتى دەپتەر-تىزىملىكىنىڭ ، ۋېۋىسكىلىق دەرۋازىنىڭ سىرتىدا قالدى . ھەممە كىشى كوممۇنا ئەزاسىغا ئايلىنىپ ، ئېتىزلىقتا ئىشلەشتىن باشقا ئىش قىلىشقا

يول قويۇلمىغان يىللاردا تېۋىپلارمۇ تومۇر تۇتىدىغان قوللىرىغا كەتمەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. قارىغاندا، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى ئىپتىداسىغا يېقىنلاشقاندەك، ئاخىرقى سەھىپىلىرى يېزىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مانا مۇشۇنداق چاغدا سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى ئۇيغۇر تېبابىتىنى ئۆز ھامىيلىقىغا ئالدى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلدى، ئۇنى يۆلىدى. سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى ئەڭ كۆپ يۆلىگەن يەر يەنىلا خوتەن. ئۇ، خوتەننىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىدا تۇتقان تەۋرەنمەس ئورنىنى، خوتەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تېۋىپلىرىنىڭ ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەدخوتەنىي، جامالىددىن ئاقسارايىدىن باشلاپ تۇردى ھاجىم، تۇردىمۇھەممەت ئاخۇنۇم، غوجا باھاۋىددىن ئاخۇنۇم، ئەمەت ھاجىم، ئېلىخان ھەزرىتىم، ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ دامولla ھاجىمغىچە بولغان ھۆكۈمالىرىنى پىششىق بىلەتتى. خوتەننى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قەدىمكى بۆشۈكى دەپ قارايتتى. ئۇ، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا، ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا زۆرۈر شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. مانا بۈگۈنكى كۈندە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى 30 ـ 40 يىللىق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە، پۈتكۈل مەملىكەت تەۋەسىدە، ھەتتا خەلقئارادا خېلىلا ئىناۋەت تېپىپ، غەرب تېبابەت دوختۇرخانىلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغان، ئۇلار داۋالىيالمىغان قىيىن كېسەللەرنى داۋالاپ، ئۇلارنى ھەيرەتتە قويىدىغان سالاپەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئەلۋەتتە بۇ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ غەربچە داۋالاشنىڭ دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇللىرىنى ۋە غەربچە داۋالاشنىڭ دورا ياساش ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى كۈنسېرى يۈكسەلدۈرگەنلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تېبابىتى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئاستا سۈرئەتتە شاگىرت تەربىيىلەش ئۇسۇلىدىن قۇتۇلۇپ، مۇنتىزىم مائارىپ يولى ئارقىلىق ئىزباسار تەربىيىلەش يولىغا قەدەم قويدى. ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي مەكتىپىگە ئىگە بولدى. بۇلارنى ئەلۋەتتە سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئەنئەنىسىنىڭ كېيىنكى مەھسۇلى دېمەي مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بۇنى ئاددىيلا قىلىپ ئەمەت ھاجىم، ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ دامولla ھاجىم، ئىمىننىياز ئاخۇنۇملار سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ يۈرەك كېسەللىنى داۋالىغان، سەيپىددىن ئەزىزى شۇڭا «ئۇيغۇر تېبابىتىنى يۆلىگەن» دەپ ئىزاھلاشقا ئۇرۇنساق، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى بېجىرىش ئەخلاقىغا ھاقارەت كەلتۈرگەن، ئۆزىمىزنى بىھۇدە گۇمانخورلۇق پاتقىقىغا ئىتتەرگەن بولىمىز. ئىش ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەس، شۇنداقلا دۇنيا ھەممە ۋاقىت چاكىنىلىقلارغا تولغان ئەمەس. ئۇ چاغلاردا تېخى ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىدىغان چىرىكلىشىلەر كۆرۈلمىگەن بولۇپ، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىنى يۆلىشى، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشى ـ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى ئوبيېكتىپلىقنى، ئادىللىقنى ئەكس ئەتتۇرەتتى؛ بىر مىللەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق داۋالاش مەدەنىيىتىنى قوغداش ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن قانداقمۇ گۇمانلىنىشقا بولسۇن؟ سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە كۆرسەتكەن قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش پوزىتسىيىسى ـ چوقۇم مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە تېگىشلىك تەرەپ، تارىخقا يېزىلىشقا ئەرزىيدىغان نەتىجە. قانۇن-تۈزۈم مۇكەممەللەشمىگەن دەۋردە بىرەر رەھبەرنىڭ بىرەر ئېغىز سۆزى بىرەر مەدەنىيەتنىڭ تەقدىرىنى يائۇيانلىق، يابۇيانلىق قىلىۋېتەلەيدىغان ئاشۇ يىللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا، بىز ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىمىزنىڭ ھازىرقى نەتىجىلىرىنى كۆرەك قىلغان چېغىمىزدا چوقۇم سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنى ئەسكە ئېلىشىمىز، ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلىشىمىز كېرەك.

## 5

تارىختا يۈز بەرگەن بىرەر قېتىملىق چوڭ ۋەقەنىڭ خاراكتېرىگە ھۆكۈم قىلىشتا، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيداندا تۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، چىقارغان ھۆكۈمىمىزدە ئاسانلا ئېغىش يۈز بېرىدۇ. ھۆكۈمىمىز كىشىلەرنى قايىل قىلالمايدۇ ۋە پوچەك گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ ۋە ناھەقچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىنتايىن زىل مەسىلە. پەقەت ھەقىقىي ماركسىزمچىلارلا ئۆزىگە خاس ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن زور تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ خاراكتېرىگە توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى مەيلى تەربىيىلىنىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا بولسۇن ۋەياكى كېيىنكى ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغان نۇقتىدىن بولسۇن، ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان داڭلىق ماركسىزمچى. ئۇ مۇشۇ سالاھىيىتى بىلەن شۇنداقلا 20-ئەسىر شىنجاڭ تارىخىدىكى زور ۋەقەلەرنىڭ ئىشتىراكچىسى ۋە شاھىدى سالاھىيىتى بىلەن ئەينى چاغ ۋەقەلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ھۆكۈم چىقىرىشتا چوڭ نوپۇزغا ئىگە. باشقىلار رەت قىلالمايدىغان، سەل قارىيالمايدىغان نوپۇزغا ئىگە. چۈنكى ئەپقاچتى گەپلەرنىڭ قۇلاق موللىرىغا قارىغاندا، ئەينى ئىشنىڭ ئىشتىراكچىسى دېگەن گەپلەر بەكرەك ئوبيېكتىپ بولىدۇ ۋە ئىشتىراكچى ئاۋۋال گەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولىدۇ. كېيىنكى يىللاردا تارىخچىلار ئارىسىدا 20-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىكى شىنجاڭ ۋەقەلىرىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە ئىختىلاپ كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىكى شىنجاڭ ۋەقەلىرىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە يا ئۇنداق ـ يا مۇنداق پەرقلەر كۆرۈلدى، بەزىلەر ئۇنى قارىلىدى، ماركسىزمچىلار ئاقلىدى. ئەنە شۇ ئاقلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭى سەيپىددىن

ئەزىزى ئەپەندىدۇر .ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» دېگەن كىتابىنىڭ 11-بابىدا ،ئۆزى ئىشتىراك قىلغان ۋە شاھىد بولغان ئاشۇ ۋەقەلەرنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە توختىلىپ ، تولۇق دەلىل ۋە پاكىتلار ئاساسىدا : «مىنىڭچە ، 30-يىللارنىڭ بېشىدا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى ئەلۋەتتە ئىنقىلابىي ھەرىكەت دەپ قارىلىشى كېرەك »دەپ جاكارلىدى . ئۇ دەلىل كەلتۈرۈپ : «بۇ قوزغىلاڭلار ھەممىدىن بۇرۇن جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى شوئار قىلىشتەك ئېنىق ، روشەن مەقسەتكە ئىگە ئىدى » ، «بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھېچقانداق يەردىكىسى قوزغىلىش بىلەن تەڭلا ‹ مۇستەقىللىق› ،‹بۆلۈنۈش› بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققان ئەمەس . (قوزغىلاڭدىن كېيىنكى )خوتەن ھۆكۈمىتىگە كەلسەك ، قوزغىلاڭنىڭ بېشىدىلا ئۇلاردا ‹ مۇستەقىل بولۇش› ،‹بۆلۈنۈش› بايرىقى ئېنىق ئىدى ،دەپ تۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ . . . شۇ ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئايرىم كىشىلەردە ئاشۇنداق خاھىش بولغان دېيىلگەن ھالەتتىمۇ ئۇنى قوزغىلاڭچى خەلق ئاممىسى بىلەن چېتىپ ،ئۇلارنىڭ بىگۇناھ قان-تەرىنىڭ جىن شۇرېن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇشقا سەرپ قىلىنغىنىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك » ، «قوزغىلاڭچىلار خەلقپەرۋەرلىككە ، تەرەققىيپەرۋەرلىككە ھەممىدىن ئوبدان ۋەكىللىك قىلالايتتى » ، «سۈزۈك بۇلاق ئۈستىگە يۇندا چاچماسلىق كېرەك» دەپ كۆرسەتتى سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى . ئەلۋەتتە ئاشۇ قوزغىلاڭلاردىكى خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتتى . ئۇ ئاخىرىدا : «بىرنەرسە ناھايىتى ئېنىقكى ، بۇ قوزغىلاڭلار ھەرمىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىڭى ئىدى ، ئۇنىڭ چوڭ يۆنىلىشى توغرا ، كۆرەش ئېلىپ بېرىش شەكلى توغرا ، يېتەكچى بولغان ئاساسىي مەقسىتى توغرا ئىدى . . . » ، «بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ كۆرەشلەرگە قانخور زالىملارنىڭ تىلى بىلەن ئات قويۇپ يۈرسەك توغرا بولمايدۇ »دەپ خۇلاسىلىدى .

سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ «ئۆمۈر داستانى»سەرلەۋھىلىك بۇ كىتابى 1990-يىلى بېيجىڭ مىللەتلەرنەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ ، بۇ ، تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدە ھەرخىل گەپ-سۆزلەر ئەمدى پەيدا بولۇۋاتقان چاغ ئىدى . سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ مۇشۇنداق پەيتتە كىتابىدىن مۇھىم بىر بابنى ئاجرىتىپ ، 1930-يىللار ۋەقەلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ماركسىزملىق تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن باھا بېرىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى . ئۇ ئېنىق ھالدا 1930-يىللاردىكى شىنجاڭ ۋەقەلىرىنى «خەلق قوزغىلىڭى» ، «ئىنقىلابىي ھەرىكەت»دەپ ئاتىدى . بۇ ، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ دۆلىتىمىز رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى (ئۇ شۇ چاغدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى )نى ، داڭلىق ماركسىزمچى ئىكەنلىكىنى ؛ 1930-يىللار ۋەقەلىرىنىڭ ئىشتىراكچىسى ۋە شاھىدى ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلار ئۈچۈن مۇھىم يولىيورۇق ئىدى . تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدىكىلەر ئۈچۈن بولسا ، تېخىمۇ يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى .

خوتەنلىكلەر سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ 90ياشقا كىرگەنلىكىنى قۇتلۇقلىغان چاغدا ،ئۇنىڭ 1932-يىلىدىكى خوتەن قوزغىلىڭىغا ئوبيېكتىپ باھا بەرگەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ . ئەمەلىيەتتىمۇ خۇددى سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى ئاشۇ كىتابىنىڭ 7-بابىدا كۆرسەتكەندەك ، ئاشۇ چاغدا «خوتەن خەلقىمۇ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلققە ئوخشاشلا قاتتىق زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە قاتتىق ئازاب چەككەنىدى . خوتەن رايونىدا ئالتۇن ، قاشتېشى (يىپەك ، گىلەم )مول بولغانلىقتىن ، تەبىئىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى باشقا جايلاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن ئىدى .ئەمما بۇ ئەۋزەل شارائىت ئۇنى تېخىمۇ كەمبەغەللىكتە ياشايدىغان ؛ تېخىمۇ مۇشەققەت تارتىدىغان قىلىپ قويدى . ياڭ زېڭشىن ، بولۇپمۇ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئامبال-دوتەيلىرى خوتەن رايونىنى ئالتۇن ، كۈمۈش ، قاشتېشى بۇلايدىغان مۇھىم بازىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى . جىن شۇرېننىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ قاشتېشى بۇلاڭچىسى ئىدى » ، «مۇشۇنداق ئېغىر زۇلۇم ئاسارىتىدە قىينالغان خوتەن خەلقىنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى . بۇنداق ۋەزىيەت خوتەن خەلقىنىڭ قوزغىلىشىغىمۇ تۈرتكە بولدى . تاقىتى چېكىگە يەتكەن خەلق مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى» . سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈش ئالدىدىكى ۋەزىيەتنى ئەنە شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ . قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈش سەۋەبىنى ئەنە شۇنداق ئىزاھلايدۇ . بۇ باشقا تارىخىي پاكىتلارغىمۇ ئۇيغۇن .بارلىق ھەقىقىي تارىخچىلارلا پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدۇ . پاكىتقا ھۆرمەت قىلمايدىغانلار تارىخچى ئەمەس .

## 6

سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى 1947-يىلى ، شۇچاغدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقچىل ئومۇمىي سايلام ۋاقتىدا ،گەرچە ئۆزى قەشقەر سايلام رايونىنىڭ مەسئۇلى بولسىمۇ ، خوتەندىكى سايلامنى كېلىشتۈرۈش مەقسىتىدە ،خوتەنگە بىرىنچى قېتىم كەلگەن .1949-يىلىدىن كېيىن ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، 1955-يىلىدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولۇپ تۇرغان چاغلاردا ،دۆلەت دەرىجىلىك رەھبەر بولغان چاغلاردا يەنە خوتەنگە كۆپ قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلغان . كۆپ قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلغانىكەن ، ئۇنىڭدىن كۆپ ئىزلار ، كۆپ ھېكايىلەر ،كۆپ تەسىراتلار قالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس . بۇلار ئۈچۈن يەنە كۆپ ئىزدىنىشلەرگە ، توم-توم كىتاب يېزىشلارغا توغرا كېلىدۇ . بۇ ،


لۇەتتە ماقالىمىزنىڭ چەكلىك سەھىپىسىگە سىغمايدۇ. ھېكايەت شۇكى، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنى تۇنجى قېتىم خوتەندە پارا ئالغان دېسەك، تامامەن چاقچاق گەپ. ئۇ، 1947-يىلى بىرىنچى قېتىم خوتەنگە كېلىپ قايتىش ئالدىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى، شۇ قېتىملىق سايلامدا خوتەن ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ سايلانغان ئابدۇقادىر ھەسەننىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىدۇ. ئابدۇقادىر ھەسەن ئۇنىڭغا بىر دانە خوتەن گىلىمى يوللۇق تۇتىدۇ. سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى: «سەن ماڭا پارا بەرمەكچىمۇ؟» دەپ چاقچاق قىلىدۇ. ئابدۇقادىر ھەسەن: «پارا ئەمەس، ساۋاقداشلارنىڭ كۆڭۈل سوۋغىسى» دەيدۇ. كۇلۇشمەك بولىدۇ. بۇ ئىش شۇ سورۇنغا داخىل بولغانلارنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە. گەرچە شۇ چاغلاردا گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى ئومۇمىي ئىشقا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى گومىنداڭ ئەمەلدارى ئەمەس، بەلكى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى. بيۇروكرات ئەمەلدار ئەمەس، ھەقىقىي ئىنقىلابچى ئىدى. شۇچاغلاردىلا ئەمەس، بەلكى كېيىن – كاتتا ئەمەلدار بولغان چاغلىرىدىمۇ ئۇ ھەقتە مىش-مىشلارنىڭ تارقالغانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق. ئابدۇقادىر ھەسەن بولسا گەرچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى باشقۇرۇۋاتقان رايوندا مۇئاۋىن ھاكىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گومىنداڭ تەيىنلىگەن ھاكىم ئەمەس، بەلكى خەلقچىل سايلام ۋاقتىدا خەلق سايلىغان ھاكىم ئىدى.

پارا بېرىشتەك بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەيتتى. ھېكايە قىلىشىدۇكى، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى بىر قېتىم خوتەنگە خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەندە، لوپ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. بۈگۈنكى يۇرۇڭقاش بازارلىق ھۆكۈمەتكە كەلگەندە، بىر ئىشخانىنىڭ ئالدىدا 20نەچچە ئادەمنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرىدۇ. نېمىشقا كەلگەن ئادەملەر ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇرىدۇ. ئۇلار توي خېتى ئېلىش ياكى ئاجرىشىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىكەن. خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا نۆۋەت ساقلاۋاتقانلار ئىكەن. سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى ئۇلارنىڭ بىرسىدىن: «بۇ يۇرتنىڭ ئىسمىنى نېمە دەيدۇ؟» دەپ سورايدۇ. سورالغۇچى: «ئەلۇگۆڭشە» دەيدۇ. «نېمە، نېمە؟» دەپ قايتۇرۇپ سورايدۇ ئېنىق ئۇقالمىغان سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى. ھېلىقى كىشى يەنە: «تەلۇگۆڭشە» دەيدۇ، دەپ تەكرارلايدۇ. سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىگە ھېلىقى «تەلۇ» دېگەن گەپ بەك سەت ئاڭلىنىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇيغۇر تىلىدا «تەلۇ» دېگەن گەپ بەك سەت گەپ ئىدى. چوڭلارنىڭ ئالدىدا دېگىلى بولمايدىغان، سوقۇشۇپ قالغان ئادەملەر بىر-بىرىنى ھاقارەتلەشكەن چاغدا، ئەقلى-ھوشلىرىنى يوقاتقان چاغدا دەيدىغان گەپ ئىدى. سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى «شۇنداق چىرايلىق يۇرتقا نېمە بولۇپ بۇنداق سەت ئىسىم قويۇلۇپ قالغاندۇ» دەپ ھەيران بولىدۇ. يېنىدا ھەمراھ بولۇۋاتقانلاردىن سورۇشتۇرىدۇ. مەلۇم بولىدۇكى، يۇرت ئىسمى ئۇيغۇرچىدىكى «تەلۇ» ئەمەس، خەنزۇ تىلىدىكى «تېلىيۇ – 铁流 – تۆمۈر ئېقىم گۇڭشې – كوممۇنا» ئىكەن. يۇرت-جاي ناملىرىنى ئۆزگەرتىشكە خۇشتار ئادەملەر 1958-يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە گۇلاخما ۋە دامكۇدىن باشقا ھەممە يېزا ناملىرىنى زەربىدارلىق بىلەن ئۆزگەرتكەندە، ئاشۇنداق ئۆزگەرتكەنىكەن. ھېلىقى دېھقان خەنزۇ تىلىنى تەلەپپۇز قىلالمىغانلىقتىنمۇ ياكى خەلق ئىشلىرى كادىرىغا ساقلاپ، ئىشلىرىنى بېجىرەلمەي جىلە بوپقالغاچقىمۇ، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىگە: «تەلۇگۆڭشە» دەيدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى بۇيۇرتنىڭ كونا نامىنىڭ «يۇرۇڭقاش» ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، يەر-جاي ناملىرىنى ئۆزگەرتكەنلەردىن قاتتىق خاپا بولىدۇ، ئۇلارنى تەنقىد قىلىدۇ ۋە: «〈تەلۇ گۆڭشە〉 دېگەن نېمىدېگەن سەت ئىسىم. يۇرۇڭقاش دېگەن شۇنچە چىرايلىق ئىسمى تۇرسا، قايسى قاپاقباش ئۆزگەرتتى بۇنى؟ دەرھال كونا ئىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭلار» دەپ بۇيرۇيدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇيۇرتنىڭ يۇرۇڭقاش دېگەن ئىسمى ئەسلىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ «قوڭچى گۇڭشې» (توغرىسى: خوڭچى – قىزىل بايراق گۇڭشې)، «پاڭقاي گۇڭشې» (توغرىسى: فىڭخو گۇڭشې)، «ۋاشاڭ گۇڭشې» (توغرىسى: ۋېيشىڭ گۇڭشې – يۇقىرىقىلار ئەينى ۋاقىتتا دېھقانلارنىڭ تىلى كەلمەي، خەنزۇ تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەپ، سەتلەشتۈرۈلۈپ شۇنداق ئاتالغان. – باش مۇھەررىردىن) دېگەندەكلەرمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى چىرايلىق ئىسىملىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ خوتەن يەر-جاي ناملىرىنىڭ ساقلىنىشىغا قوشقان ھەسسىسى، شۇنداقلا يەر-جاي ناملىرىنى ئۆزگەرتمەسلىككە بەرگەن يوليورۇقى. ۋەھالەنكى، يەر-جاي ناملىرىنى ئۆزگەرتىشكە خۇشتار كىشىلەر ھېلىمۇ كوچا ناملىرىنى ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ يۈرۈشۈپتۇ. ئۇلارغا سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ يوليورۇقىنى ئەسلىتىپ قويۇش كېرەك.

سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندىنىڭ 90يېشىنى قۇتلۇقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ خوتەندىكى ئىزلىرىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئۇنىڭ خوتەندىكى ھەممە گەپ-سۆزلىرىنى، ئىش-پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلەشكە ئورۇنۇدىغان بولساق، باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەكلا، چوڭ-چوڭ كىتابلارنى يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى بەلكىم سىياسىي كېڭەش خوتەن ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرۇشى ياكى ئورۇندىشى مۇمكىن. بىز ئەمدى ئەسلىمىلىرىمىزنىڭ قالغانلىرىنى ئۇلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، سەيپىددىن ئەزىزى ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90يىللىقىنى مۇبارەكلەيلى. ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، كېيىنكى ھاياتى خاتىرجەملىكتە ئۆتسۇن!

2003-يىل 22-سېنتەبىر، شەھىرى خوتەن(M1)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



# «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە»

ئابدۇقادىر جالالىددىن

ـ سۆز نەپەس بىلەن بىللىدۇر، سۆزنىڭ ھېكمىتىنى نەپەستىن ئىزدە.
ـ ئەل ئىچىدىكى بىر دانىشمەنىنىڭ ئاغزىدىن

كۆپ قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا بولدۇم، شۇنى سەزدىمكى، تىلىمىزدىكى ئىلمىي ئاتالغۇلار دېگەندەك قېلىپلىشىپ بولالمىغانلىقتىن، بايانچىنىڭ ئۆز نۇقتىئىنەزىرىنى تولۇق بىلدۈرۈش ئارزۇسى ئىشقا ئېشىپ بولالمىغان. بۇ مەيداندا بايانچى ھەممىنى روشەن قىلىپ ئېيتتىم، دەپ ئويلايدۇ، ئەمما تىڭشىغۇچىلار يات بىر چۈشەنچىدە غۇلغۇلىغا گىرىپتار ياكى بايانچىنىڭ مۇددىئاسىدىن قېيىپ كەتكەن بىر ۋارىيانتتا تەسىرات ئالغان. مەزكۇر سورۇندا ئوتتۇرىغا تاشلانغان مەسىلە ھېسسىي نۇقتىدىن ھەممىگە مەلۇم، بىراق ئۇنى ئەقلىي ئۇقۇم پەللىسىگە كۆتۈرۈشكە كەلگەندە ئىختىلاپ مەۋجۇد ياكى بىر-بىرىنى چۈشەنمەسلىك مەۋجۇد. نەتىجىدە، مۇئەييەن بىر ئۇقۇمدىكى كوللېكتىپ ئەقلىي تەستىق روياپقا چىقماي، مۇھاكىمىنىڭ تۈگۈنلىرى غۇۋالىق ئىچىدە قالىدۇ. مەسىلەن «ۋىجدان»، «مەسئۇلىيەت» ... دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەر كۈندىلىك سۆز-نۇتۇقلىرىمىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئۆز سەۋىيىسىگە لايىق چۈشەنچە ياكى تۇيغۇغا ئىگە بەزىلەر بۇ سۆزلەرگە لۇغەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىزاھلىق شەرھىي بېرىشى مۇمكىن، بەزىلەر بولسا ئىلاھىيەت نۇقتىسىدىن شەرھىي بېرىشى مۇمكىن، شۇنداقلا پسىخولوگىيە، سوتسىيولوگىيە (جەمئىيەتشۇناسلىق) نۇقتىسىدىن ئىزاھلىشى مۇمكىن. لېكىن بىزدە ئۇقۇملارنى ئىلمىي ۋە ئەقلىي يۈكسەكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشىنىدىغان ئادەم قانچىلىك باردۇ؟! شۇنداقلا بۇ ئۇقۇملارنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلغان ھالدا ئۇيغۇرچە دەرسلىك، مەتبۇئات، رادىئو-تېلېۋىزىيىلىرىمىزدىن ئورۇن ئېلىشى قانچىلىك؟ بۇنداق مەيۇس سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە مەنمۇ قىينىلىمەن. بۇ بىزدە تەبىئىي پەن تەتقىقاتلىرىنىڭ بولمىغانلىقى، ھەدېسىلا باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقلىرىدىكى پەن-تەتقىقات ئۇقۇملىرىنى ياكى دەرسلىكلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا بېقىنىپ قالغانلىقىمىز، «پەن تەتقىقاتى» باشقىلارنىڭ

## تىلغا ئىلسار ـ ئەلگە ئىلسار

تەجرىبىخانىلىرىدىلا بولىدۇ دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئۆز خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنكى ھاياتىنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىدا مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارغانلىقىمىز ،ئىلمىي تەتقىقات يىغىنلىرىنىڭ يوق ھېسابىتا ئىكەنلىكى، تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا «چالا»لىشىش ۋە سىڭىشىشنىڭ بولمىغانلىقى قاتارلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرگە چېتىلىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق كېتىۋەرسە لۇغەتلىرىمىزنىڭ ئىنگلىز ،خەنزۇ تىللىرىدىكى يېڭى ئاتالغۇلار ئالدىدىكى گاڭگىراشلىرىنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ .ئۆز ئانا تىلىغا چالا بولغان تەرجىمە خادىملىرى ۋە يۇمشاق دېتال ھەۋەسكارلىرىنىڭ مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق سورۇشتۇرمەيلا: «تىلىمىز سۆزگە باي ئەمەس ئىكەن»دەپ ۋايساپ قويۇشلىرىنى ئاندا-مۇندا ئۇچرىتىپ قالىمىز. تىلنى ئادەم تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئۇنىۋېرساللىشىش ،مەخسۇسلىشىش، ئىنچىكىلىشىش دەرىجىسى، شۇنداقلا مەنە ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيىتى قاتارلىقلار تىلنىڭ تەرەققىياتى ۋە بېيىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، تالاي ئىلمىي سۆھبەتلەردىن غەرەزلىرىمىز دېگەندەك ئايدىڭ بولماي تارقاشتۇق، مۇددىئالىرىمىز بىرىيەرگە كەلمەي چېچىلىشتۇق ھەم قىزىرىشتۇق. تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىغا قارايدىغان بولساق، رىياسەتچىلەر پىكىرگە ۋە تېرمىنلارغا شۇنچە گاداي ،ئۇلار پاساھەتلىك جۈملىلەرنى تۈزۈشكە ئۇرۇنغانسېرى، ئىچكى دۇنيادىكى كاۋاكلىق شۇنچە بىلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە يادا بوپكەتكەن، ئۆتكەن زامانلاردىن قالمىش ئىنتايىن چەكلىك ئاتالغۇلار بىلەن ھازىرقى دەۋرنىڭ روھىي ھالىتىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىشكە چارىسىز.

بىز ئىزدەۋاتىمىز، ئىزدىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزدە ،لېكىن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيۋاتىمىز ؛بىز سۆزلەۋاتىمىز، سۆزلىرىمىزدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ئەقلىي يۈكسەكلىكتە چۈشەنمەيۋاتىمىز. موللا ،زىيالىي ،سودىگەر ،دېھقان، كادىر قاتارلىق تەبىقىلەر ئارا بىر-بىرىنىڭ گېپىنى چۈشەنمەسلىك ،بىر تەبىقىنىڭ ئىچىدىمۇ بىر-بىرىنى چۈشەنمەسلىك بىزدىكى بىر ئەمەلىيەت. بۇ ھادىسە مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ جالالىددىن رۇمىينىڭ بىر ھېكايىتىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ :تۈرك ،ئەرەب ،پارس ۋە يۇناندىن بولغان تۆت كىشى سەپەرگە چىقىدۇ. يولدا خاسىيەتلىك بىر كىشى ئۇلارغا بىر تەڭگە سوۋغا قىلىدۇ.

— پۇلغا ئەنگۈر ئالايلى — دەيدۇ پارس ئۆزتىلىدا.

— ياق، بۇ پۇلغا ئەيناب ئالايلى، — دەيدۇ ئەرەب ئۆز تىلىدا.

— ياق ،بۇ پۇلغا ئۈزۈم ئالايلى، — دەيدۇ تۈرك ئۆز تىلىدا.

— ياق، بۇ پۇلغا ستافىل ئالايلى ،— دەيدۇ يۇنان ئۆز تىلىدا.

ۋەھالەنكى، يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى «ئۈزۈم»دېگەن مەنىدە ئىكەن، لېكىن ئۇلار بىر-بىرىنى چۈشەنمەي ماجىرالىشىپ قالىدۇ. جالالىددىن رۇمىي بۇ ۋەقەدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ:

«بەس، ئۇلار بىردەك قارارغا كەلدىلەر،
كېيىك، چۈشەنمەي، بەھسۇ-غەۋغا قىلدىلەر.
بارچىدا خاھىش ئۈزۈم ئەردى پەقەت ،
كېيىك، ئاراغا شۇم جاھالەت تۈشتى ،بەس،
تىش ،قوۋۇرغا لەت يېدى، تاپتى شىكەست.
غاپىلۇ-غەپلەت سۆزىدىن ماجەرا،
بىزنىكى - بىرلىك بىلە سۈلھە - سالا...»①

«21-ئەسىر ئۈمىد ۋە خىرىس بىلەن تولغان بىر ئەسىر» — مەن بۇ جۈملىنى تېلېۋىزىيەرىيا-سەتچىلىرىنىڭ ئاغزىدىن كۆپ ئىشىتتىم. لېكىن بۇ جۈملىنىڭ كونكرېت مەنىسى دېگەنلەرنى ئۇچراتمىدىم. «ئۈمىد» قانداق ئۈمىد؟ ئۇ نەدىن كەلگەن؟ «خىرىس»چۇ؟ بۇ سۆزنىڭ ھەربىر مەيدان، ھەربىر مۇھىتتىكى مەنىسى ئوخشىمايدۇ .بىراق، بۇنداق ئوخشىماسلىق بىزنىڭ ئاممىۋى مېدىيىلەر (تارقىتىش ۋاستىلىرى)دە گەۋدىلەنمىدى. نۇتۇقلار ئىستراتېگىيىلىك ۋە تاكتىكىلىق ئەمەس. ئەگەر 21-ئەسىردە «خىرىس» ۋە «رىقابەت»كە دۇچ كېلىدىغانلىقىمىز راست بولسا، ئىشنى مەنتىقىي پۇختىلىق ،پەلسەپىۋى تويۇنمىلىق، ئىلمىي ئېنىقلىققا ئىگە بىر تىل بەرپا قىلىشتىن باشلاش كېرەك.

ئوخشىمىغان ھەزارەت ۋە مەدەنىيەتتىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان ھازىرقى دەۋردە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى ،قىممەت قارىشى، سالاھىيىتى ھەققىدە مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولۇلىشى كېرەك. شۇچاغدىلا ئۇ يەرشارى كەنتىدىكى ھەزارەت (文化) ئاتلاپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇئەييەن قۇتۇپقا ۋەكىللىك قىلالايدىغان تىرىك مەۋجۇدلۇق بولالايدۇ. ئوخشىمىغان ھەزارەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش بۇرۇن سىياسىي، ھەربىي ساھەلەردىكى دىپلوماتلارنىڭلا ئىشى ئىدى ،كېيىن ئۇ ئىقتىسادىي ساھەلەرگە ،بارا-بارا مائارىپ ،ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەلىرىگە قەدەر كېڭەيدى. بۇنداق مۇھىتتا، ئالماشتۇرۇشقا نىسبەتەن پائال قىزغىنلىق بولسىلا بولمايدۇ. سەن باشقىلارغا بېرەلەيدىغان ئۆزگىچە قىممەتنىڭ بولۇشى ئالدىنقى شەرت. بىلىم مۇلازىمەتچىلىكى ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، ئەنگلىيە پەيلاسوپى مايكول پولانىي② بىلىم ئىنىدىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولىدۇ، ماھارەتمۇ بىرخىل بىلىم بولۇپ، ئۇنىڭدا باشقىلارغا يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولمايدىغان تەركىبلەر بولىدۇ، دېگەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىلىمنىڭ خۇسۇسىي تەركىبلىرى (خاس تەركىبلىرى)بىلەن ئومۇمىي تەركىبلىرى بىر-بىرىنى ئۆزئارا شەرت قىلىدۇ، بىلىش مۇشۇ ئارقىلىق

كۆپىيىدۇ .بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، خاس مەۋقەگە ئىگە بولالمىغانلار دۇنياۋى يېڭىلىق يارىتىش سەھنىسىدىكى مەۋجۇد بولۇش پۇرسىتىنى ئۇتتۇرۇۋېتىدىكەنلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بىراۋنى چۈشىنىش ئۆزىنى چۈشىنىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ . ئۆزىنى چۈشىنىشمۇ باشقىلارنى چۈشىنىش ئارقىلىق مۇللىشىدۇ . بىراۋنى چۈشىنىش دېگەنلىك ئۇنىڭ ئويلاش ۋە مەسىلە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى چۈشىنىش دېگەنلىكتۇر . بىز باشقىلارنى تەرجىمە ئارقىلىق چۈشىنىمىز ،ئالاقە ئارقىلىق چۈشىنىمىز ،ھەمكارلىق ئارقىلىق چۈشىنىمىز ، ھەرىكەت ئارقىلىق چۈشىنىمىز . باشقىلارنى چۈشەنگەنسېرى ئۆزىمىزنى چۈشەندۇرەلەيدىغان بولىمىز .بۇنىڭ ئىچىدە دۇنياۋى كلاسسىك ئەسەرلەر تەرجىمىچىلىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر تەركىب . بۇ جەھەتتە ئەجدادلىرىمىز كۆپ مېھنەتلەرنى سىڭدۈرگەن .ئەمما ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي پەنلىرى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتلىرىگە دائىر دۇنياۋى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشىمىز دەۋرنىڭ تەرەققىيات رىتىمىغا ئەگىشەلمەي قالدى . بىر تىل باشقا بىر تىلدىكى دۇنياۋى ئەسەرلەرنى ھەزىم قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ دۇنياۋى ئىممۇنىتېت كۈچىنى يارىتىدۇ . بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق پروفېسسورى ، دوكتور مارۇڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ :« ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن 40-يىللىرىغىچە جۇڭگو ئەدىبلىرى چەت ئەللەرنىڭ زور تۈركۈمدىكى ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى . بۇ ئەسەرلەرنى ئەگەر قەدىمكى زامان ئەدەبىي تىلى بىلەن تەرجىمە قىلغان بولساق ، بەك مۇشكۇل ئىش بولاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى نۇرغۇن سۆزلەرنى خەنزۇ تىلىغا ئاغدۇرغاندا ،قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن ئۇزىگە ماس كېلىدىغان سۆز تاپقىلى بولمايتتى . شۇڭا بىر قىسىم تەرجىمانلار ئۆزلىرى يېڭى سۆزلەرنى ئىجاد قىلىپ ، بۇ ئەسەرلەردىكى ھېسسىيات ۋە ئوبرازنى ئىنچىكە ئىپادىلىدى . بۇ ئەسەرلەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن يېڭى سۆزلەر ئاستا-ئاستا تارقالدى ۋە خەنزۇ تىلى لېكسىكولوگىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى .»③ يېقىنقى يىللارنى ئالساق ، جامېس جويسىنىڭ «يۇلىسس» ،مارسل پۇرۇستىنىڭ «يوقىتەن زاماننى ئىزدەش» ،مارتىن ھېيدېگېرنىڭ «مەۋجۇدىيەت ۋە زامان»قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش خەنزۇ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىدىكى زور سىناق بولدى . ئۇندىن باشقا مىشىل فوكوۋ ،ژاك دېرىدا قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تەرجىمە قىلىندى . «چەت ئەل پەلسەپە لۇغىتى»④دىن مەلۇم بولۇشىچە ، 1949-يىلىدىن بۇرۇن 70پارچىدىن ئارتۇق مەشھۇر پەلسەپە ئەسىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ، 1949-يىلىدىن كېيىن تەرجىمە قىلىنغانلىرى 450پارچە ئەتراپىدا ئىكەن .دېمەك ، ھازىر خەنزۇ تىلىدا پەلسەپىگە دائىر دۇنياۋى ئەسەر 500پارچىدىن ئاشىدۇ ، دېگەن گەپ . ئەسەرلەرنىڭ كاتالوگىنى كۆرۈپ شۇنى بايقىدىمكى ، ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەرب ئىدېئولوگىيىسىگە ئائىت ئىكەن ، ئاز بىر قىسمى شەرقىي ئاسىيا ياكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا تەۋە ئەسەرلەر ئىكەن . تۈرك ، ئەرەب ، پارس تىللىرىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلماپتۇ دېيىشكە بولىدۇ . بۇ ، 20-ئەسىردە باش كۆتۈرگەن مەدەنىيەتتىكى غەرب مەركەزچىلىك ئىدىيىسىنىڭ جۇڭگودىكى ئىنكاسى ئىدى . تەرجىمە ئوبيېكتلىرىنى تاللاشتا بېسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل ئىككى بولىدۇ ، بىرى ، نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ نوپۇزى ، يەنە بىرى ، ئىچكى ئېھتىياج ياكى قايىللىق . قانداقلا بولمىسۇن ،بىز مارۇڭ ئەپەندىنىڭ سۆزىدىن ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكنىڭ ، بولۇپمۇ كلاسسىك ئەسەرلەر تەرجىمىچىلىكىنىڭ خەنزۇ تىلىنىڭ ئىپادىلەش سەۋىيىسىگە قانچىلىك ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .

تىلنىڭ ئىپادىلىشىدىكى تەرەققىيات كونكرېت ھالدا دەۋرنىڭ يېڭى ھالىتىنى تەسۋىرلەيدىغان يېڭى ئىبارىلەرنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ . بۇ ئىبارىلەر ئالاھىدە بىرخىل ئىبارىلەر بولۇپ ، بۇ ئۇقۇمنى فرانسىيىلىك پەيلاسوپ فوكوۋ ئوتتۇرىغا قويغان ، ئۇنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى《话语》 (ئىنگلىزچە discourse ) بولۇپ ، بىز ئۇنى «ئېيتىم» دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق . ئېيتىلىشىچە ، ھەرخىل پەنلەردە ئوخشىمىغان ئېيتىملار بولىدۇ ، ئۇلار كونكرېت باياندىن تۈزۈلىدۇ . ئۇ ، پەنلەردىكى بىلىم ئامىللىرىنىڭ جۇغلانمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ . مەسىلەن ، سىياسىي ئېيتىملار ،ئىقتىسادىي ئېيتىملار ،تىلشۇناسلىق ئېيتىملىرى .ئېيتىملار تامامەن ماس ھالەتتە بوپكەتمەيدۇ ، ئۇ يەنە ئۆز ئىچىدىن زىددىيەتلىك ھالەتلەرگە ئىگە . بۇ زىددىيەتلىك ھالەتنىڭ ئېيتىمنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ . ئۇ ئاپتورنىڭ تەپەككۇرىنىلا مەنبە قىلمايدۇ ، ئۇ بىر نامسىز ساھە بولۇپ ، ئاڭسىز قۇرۇلمىغا ئىگە . ئېيتىم ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدەنىيەت ياكى پەنگە يارىشا تىپقا ئىگە بولىدۇ . ئېيتىم تىپى تىل تارىخىنىڭلا مەھسۇلى بوپقالماستىن ، يەنە جەمئىيەت تارىخىنىڭمۇ مەھسۇلى . ئۇنىڭدا مول تارىخىي قاتلاملارنىڭ ئۇدۇمى ھەمدە باشقا مەدەنىيەت تىپى بىلەن بولغان پاراللېللىقنىڭ تەسىرى بىردەك مەۋجۇد بولىدۇ . ئۇنداق ئىكەن ، نوقۇل ئۆتمۈش دەۋرلەرگە مەنسۇپ نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىشلا كۇپايە ئەمەس . لېكىن ئۇنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، زاماندىش يات مەدەنىيەتلەردىكى ئەسەرلەرنى «ئەكىرىش»مۇ بىرتەرەپلىمىلىك بولىدۇ . بۇ ئىككى تەرەپنى ئۇنۇملۇك ماسلاشتۇرۇش ئىلمىي بىر باشقۇرۇش مېخانىزىمىنى تەلەپ قىلىدۇ .

تەرجىمە قىلىش ، تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر روھىنى ئۆز پائالىيىتىمىزنىڭ پىسخىك زېمىنىغا تەتبىقلاش ، ئىجاد قىلىش ، يېڭىلىق يارىتىش

قاتارلىقلار بىر خىل ئېيتىم ئىشلەپچىقىرىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىم ئىشلەپچىقىرىش بىر جەمئىيەتتە يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە سۆزلەر خەزىنىسىنى تۇرغۇزۇش دېگەنلىكتۇر، ھەم بۇ سۆزلەرنى جەمئىيەت ھەرىكىتىنىڭ مەنىۋى تۈرتكىسىگە ئايلاندۇرۇش دېگەنلىكتۇر. دېمەك، ئېيتىم بەرپا قىلىش ماھىيەتتە بىر خىل تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىدۇر. ئاممىۋى مېدىيەلەر (تارقىتىش ۋاستىلىرى) كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئىگىلەۋالغان ھازىرقى دەۋردە تېخىمۇ شۇنداق. مەن ئويلايمەنكى، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە يۈزلەپ يىرىك ئەسەرنىڭ پىشقان تەرجىمە نۇسخىلىرىغا ئىگە بولغان بىر تىلنىڭ رىقابەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىدىن گۇمانلانمىسىمۇ بولىدۇ. بىزدە «دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن 100 مەشھۇر شەخس» دېگەن كىتاب نەشر قىلىنىپ، خېلى ئالقىش تاپتى. ۋەھالەنكى، بىز 100 مەشھۇر شەخسنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىنى بىلىش بىلەنلا توختاپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ ئىسمىدە ئەمەس، بەلكى ئەسەرلىرىدە، يەنى ئىدىيىسىدە. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قىزىقىپ كەتمىگەندەك تۇرىمىز. ئۇلار بىلەن چوڭقۇرلاپ تونۇشۇش ئۈچۈن كېتىدىغان ئىقتىسادىي راسخوتلارنى ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىز سەۋىيىسىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك بولسىمۇ، نوقۇل شۇنداق دەپ تۇرۇۋېلىشنىڭ ئۆزى پاسسىپ پوزىتسىيىدۇر.

يېقىندىن بېرى بەزى دۇنياۋى ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىندى، لېكىن بۇ بەكلا ئاز. مۇمكىن بولسا، مەشھۇر ئەسەرلەر فوندى جەمئىيىتى قۇرۇپ، خەلقنى دۇنياۋى نادىر مىراسلار بىلەن تونۇشتۇرۇش كېرەك. بىر ھېسابتا بۇ تەشۋىقات مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئىشى ئىدى. «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» دېگەن يۈرۈشلۈك كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ياخشى باشلىنىش بولغانىدى. گەپ بۇ ئىشنىڭ داۋاملىشىشىدا بوپقالدى.

مەن جامائىتىمىزنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە سۈپىتىدە بىر ئىشنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى ئورۇنلۇق دەپ بىلدىم. بەلكىم، ماقالىدا ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان پىكرىمىزنىڭ كونكرېت بىر مىسالى بوپقالار.

مورتىمېر ئادلېر (1902 ـ ) دەيدىغان بىر كىشى بار، ئۇ چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ دەۋرىمىزدىكى پەيلاسوپ ۋە پېداگوگ. ئۇ ئۆمۈر بويى مەشھۇر ئەسەرلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالىي مەكتەپلەردە مەشھۇر ئەسەرلەر ئوقۇتۇشىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە بۇ جەھەتتە ئۆزىمۇ بىۋاستە قول تىقىپ جىق ئىشلارنى قىلغان. ئۇنىڭ «ئەركىنلىك ئۇقۇمى»، «ئەخلاق دىئالېكتىكىسى»، «كاپىتالىزم خىتابنامىسى»، «مائارىپ ئىنقىلابى»، «كىتابنى قانداق ئوقۇش كېرەك؟» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. 1952-يىلى ئۇ باشقىلار بىلەن بىرگە «غەرب دۇنياسىدىكى ئۇلۇغ كىتابلار» نامىدا 54 توملۇق يۈرۈشلۈك كىتابلارنى تۈزۈپ، نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتابلارنى دەستىلىسە ئېگىزلىكى يەتتە ئىنگلىز چىسى كېلىدىكەن. كىتابلار 74 نەپەر بۈيۈك يازغۇچىنىڭ 443 پارچە ئەسىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنى تۈزۈش ئۈچۈن سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان. 1977-يىلى ئۇ يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «غەرب ئىدىيىسى خەزىنىسى» (ئۈچ مىڭ يىللىق غەرب ئىدىيىسىنىڭ كۆرسەتكۈچى)نى تۈزۈپ، نەشر قىلدۇرغان ۋە بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغان. بىزدىكى ئىمكانىيەت ناھايىتى چەكلىك، ئەلۋەتتە. لېكىن ئىمكانىيىتىمىزگە يارىشا ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلە بۇنى لايىھىلەيدىغان ئادەم، باش قوشىدىغان ئادەم ۋە كاپالەتلەندۈرىدىغان ئورگاننىڭ بولۇشىدا. بۇيەردە يەنىلا تەشكىللەيدىغان ئادەمنىڭ بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم. تارىختا شەرق كلاسسىكلىرى غەربكە ئۇستاز بولغان. شەرقنىڭ بۇنداق يوشۇرۇن كۈچى ھېلىھەم مەۋجۇد. بۇلارنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان كلاسسىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشىنى ئالىي مەكتەپلەر مۇنبەرلىرىدە ئېلىپ بارغىلى بولامدۇ-يوق؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ بولمايدىغان يېرى، گەپ تەشكىللەيدىغان ئادەمدە.

مەن يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مورتىمېر ئادلېرنىڭ «غەربنىڭ تەپەككۇرى» (خەنزۇچە نامى 《西方名著中的伟大知慧》) ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. كىتابتا ياخشىلىق ۋە رەزىللىك، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، بەخت ۋە مەسئۇلىيەت، ئەركىنلىك ۋە بىخەتەرلىك، مەقسەت ۋە ۋاستە... قاتارلىق 601 خىل ئۇقۇم غەرب تەپەككۇر ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئىخچام ھەم چوڭقۇر ئىزاھلانغان. بۇ ئۇقۇملارغا بىز كۈندىلىك ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا ھەمىشە دۇچ كېلىپ تۇرىمىز. بۇ كىتاب ھەرگىزمۇ دېئىل كارنېگ ۋە ناپالېئون خىل قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇرەسسە خاراكتېرىدىكى كىتابلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئاپتور مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تەرەپسىز ھالدا رېئال ۋە جانلىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ئوقۇرمەنلىرىمىزنى مۇشۇ مەسىلىلەر بويىچە چوڭقۇرلاپ كىرىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. مېنىڭچە، بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بولغان قىممىتىنى مۇنداق مۆلچەرلەشكە بولار:

بىزدە بۈيۈك ئەسەرلەر بىلەن سىستېمىلىق تونۇشۇپ چىققۇدەك ئىمكانىيەت ھازىرچە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرساھە ئادەملىرىنىڭ پەلسەپە تەتقىق قىلغۇدەك ۋاقتىنىڭ بولۇشىمۇ ناتايىن. لېكىن ئاز-تولا پەلسەپە ئۆگىنىش ھەرقانداق بىر كەسىپنىڭ مۇقەررەر ئېھتىياجىدۇر. مەزكۇر كىتاب ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار، رادىئو-تېلېۋىزىيە خادىملىرى، ئادۋوكاتلار، كادىرلار ئۈچۈن، ھەتتا يازغۇچىلار ئۈچۈنمۇ زۆرۈر ئوقۇشلۇق. بۇ كىتاب كىشىلىرىمىزنىڭ نۇتۇق ۋە سۆھبەتلىرىدىكى

شاكاللارنىڭ ئازىيىشىغا مەلۇم جەھەتتە تۈرتكە بولغۇسى .

تۈرمۇشتىكى تۈپ مەسىلىلەر ھەرقانداق دەۋر ۋە جەمئىيەتتە ئوخشاش بولىدۇ . ئوقۇرمەنلىرىمىز مەزكۇر كىتابتىن ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلۈدىغان مەسىلىلەرنىڭ يېپ ئۇچىنى تاپالايدۇ . ئوقۇرمەنلىرىمىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى ، كىتاب سىزنىڭ مەسلىھەتچىڭىز ، لېكىن مەسلىھەتنى تۇرمۇشىڭىزغا قايسى خىل مەيدان ۋە ئۇسۇل بويىچە تەتبىقلاش سىزدىن مەلۇم ساپانى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ كىتابتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر خرىستىئان ،يۇنان ئىلاھىيەتچىلىكى ئاساسىدا شەكىللەنگەن نۇقتىئىنەزەرلەر بويىچە تەھلىل قىلىنغان . ۋەھالەنكى ، دۇنيادا مۇسۇلمانلار ،بۇددىستلار ۋە كۇڭزىچىلارمۇ بار . ئۇلارنىڭمۇ دۇنيا ۋە جەمئىيەت ھەققىدە ئىدىيە سىستېمىلىرى بار . كىتابنى ئوقۇغاندا بۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىش كېرەك ئەمەس . شارائىت يار بەرسە مۇشۇ كىتابتىكى ئوقۇملارغا جاۋابەن «بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز»نامىدا بىر كىتابنى ئىشلەپچىقىشنىڭ زۆرۈرلىكى كەمىنىگە ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ . بۇ ھەقتە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ زوقىنى ئىلگىرىلەپ بىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ .

بىزنىڭ ئۆز مەسىلىمىزنى ئادىلېر ۋە باشقىلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ھەل قىلىشىمىز لازىم ، دەيدىغان تەشەببۇسىمىز يوق .بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس .لېكىن ئادىلېرنىڭ بۇ ئەسىرى ھېچ بولمىغاندا بىزگە ياخشى بىر ئەينەك بولالايدۇ . سۆزلەشمۇ بىرخىل ھوقۇق ، لېكىن ئويلىنىشمۇ كاتتا ھوقۇق . ھازىر بىر تۈركۈم لەيلىمە ئەۋلادلار پەيدا بوپقالدى . «غايەڭ بولمىسىمۇ ، ئىدىيەڭ بولمىسىمۇ ، ئېتىقادىڭ بولمىسىمۇ ، ئىجتىمائىي ئورنۇڭ بولمىسىمۇ ياشاۋەر ، ئۇ نەرسىلەر ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان يۈك . بىزگە كېرىكى ياشلىق ، زىبالىق ۋە پۇل» ـ مانا بۇ ئۇلارنىڭ دەيدىغانلىرى .ئۇلارنىڭ ئىستېمال قىلىدىغانلىرى پادىچى ئىشتان ، يەڭسىز ۋە كىندىك ياپالماس مايكا ، سىغىز ،شامپان ،ۋىنو ، تورت ،كىپىش ئاياق . ئۇلارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە پۇلى ۋە ئەملى بارلارغا ئىستېمال بۇيۇمى بولالايدۇ . بۇ ئەھۋال قارىماققا ئىدىيىسىزلىكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ،ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەرخىل ماددىي بەلگىلەر ئاڭ ساھەمىزدىكى ئېھتىياجلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ھاسىل قىلىدۇ ـ دە ، پىكىر يوللىرىمىزغا كۆرۈنەرلىك تەسىرلەرنى ئەكېلىدۇ . بىزنىڭ سۆھبەتلىرىمىز ۋە نۇتۇقلىرىمىز جەمئىيەتتىكى ماددىي ئىنقىلاشلارنىڭ تۈيغۇ ئامىللىرىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەندىلا كىرزىستىن خالاس بولالايدۇ .

ـ 2003 ـ يىل 3 ـ يانۋار ، شەھىرى ئۈرۈمچى

## ئىزاھلار

① جالالىددىن رۇمىي : «ئۇچماققا قانات يوق ، لېكىن ئۇچقايمەن» ،ئۆزبېكىستان «غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى» ، تاشكەنت ، ئۆزبېكچە نەشرى ،1994 ـ يىل .

② مايكول پولانىي : «خۇسۇسىي بىلىملەر»ناملىق كىتابنىڭ كىرىش سۆزىگە قارالسۇن . گۇيجۇ خەلق نەشرىياتى ، خەنزۇچە . 2000 ـ يىل نويابىر .

③ مارۇڭ : «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى تەتقىقاتىدا قوللىنىلىشى ھەققىدە مۇھاكىمە» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2003 ـ يىل 3 ـ سان ،ئۇيغۇرچە نەشرى .


④ «چەت ئەل پەلسەپە لۇغىتى» ، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى ، خەنزۇچە نەشرى ، 2003 ـ يىل ئىيۇل .

ئاپتور : شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى(M1)

## بايانات

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە . خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ .

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ يادا بوپكەتكەن نەرسىنى تەكرارلاش - بىزارلىقنىڭ باشلىنىشى .

- جۇرئىتى

ئاپتور : كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر گۈزىلى

## ئۈزۈك تىنقلار

▲ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئەقلىدىن ئېزىشى شۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ھالاك قىلسا ،ئەل باشچىلىرى ۋە دانىشمەنلەرنىڭ ئەقلىدىن ئېزىشى پۈتكۈل قەۋمنى ھالاك قىلىدۇ .

▲ كىشىلەر ئېڭىدا مۇكەممەل ئېتىقاد ۋە ساغلام ئەخلاق قارىشى بولمىغان جەمئىيەت جىنايەت پاتقىقىغا پاتقان جەمئىيەتتۇر .

▲ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ ۋە

www.uyghurkitap.com

مېھىر-مۇھەببەت يوقالغان كۈن ـ دەل قىيامەت قايىم بولىدىغان كۈن .

▲ بوۋام باشقىلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە ئەمەس ، نېمە قىلغانلىقىغا قارا ، دېگەنىدى .مەن بوۋامنىڭ شۇ تەلىمىگە ئاساسەن ئىنساب ـ دىيانەت ، ۋىجدان ۋە پاكلىق ھەققىدە جار سالغانلارنىڭ قىلغىنىنىغا قارىۋېدىم ، ئۇلاردىن رايىم قايتتى .

▲ بايلارنىڭ نامراتلارغا قىلغان ياردىمى ساخاۋەت دەپ قارالسا ،نامراتلارنىڭ بايلارغا قىلغان ياردىمى خۇشامەت دەپ قارىلىدۇ .

ـ ئابدۇللا قۇدرەت

ئاپتور : قاغىلىق ناھىيە كۆكيار يېزا ئېگىز يار كەنتىدىن ، دېھقان

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ئانىمىزنى چۈشىنىش ئۆزىمىزنى چۈشىنىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇلىدۇر .

▲ خارلانغۇچى قەۋمنىڭ خارلىنىشىنى ئۆز قەۋمىدىكى ئاياللارنى ئۆزلىرى خارلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان .

▲ ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىشنى كۆپىنچە ھاللاردا «ئادىمىي ھايۋان»لار قىلىدۇ .

▲ بەزى ئادەملەرگە قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۇلارنىڭ ساڭا ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ قويۇشى مۇمكىن .

▲ پۇقرا قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىكەن .ئەگەر ھۆكۈمەت قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا ، نېمىنىڭ جازالىشىغا ئۇچرايدۇ ؟

▲ ھازىرقى ئادەملەر كەلگۈسىگە ئىنتىلىدۇ-يۇ ، كەلگۈسىدە ياشىيالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ .

▲ سەن بىر نەرسىنى مەلۇم نۇقتىدا تۇرۇپ توغرا دېسەڭ ، يەنە مەلۇم نۇقتىدا تۇرۇپ خاتا دەيسەن .

▲ «سېنىڭ ئۈچۈن جېنىم پىدا» دېگەندەك ۋەدە ـ قەسەملەرنى تولا قىلغان قىز-يىگىتلەر بىر-بىرىنىڭ مۇھەببىتىگە ئىشەنمەي ،ئەڭ بۇرۇن بىر-بىرىدىن يۈز ئۆرۈيدىغانلاردۇر .

▲ ھۆكۈمرانلار خەلققە پايدىلىق ئەمىر-پەرمان ، ئىشلارنى ئۆزى بىۋاستە دەيدۇ .خەلققە زىيانلىق (پايدىسىز )ئەمىر-پەرمان ،ئىشلارنى ۋاستىلىق دەيدۇ .

▲ بالاڭنى كىچىك ۋاقتىدا چىڭ باشقۇرمىساڭ ، چوڭ بولغاندا سېنى باشقۇرىدۇ .

▲ بۇگۈنكىلەرنىڭ يالغانچىلىقى ئەتىكىلەرنىڭ ساختىلىق قىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ .

▲ تەبىئەتتىن يىراقلاشقان ئادەم ،ئىنسانىيلىقتىن ياتلاشقان ئادەمدۇر .

▲ ئادەم ياش ۋاقتىدا مەردلىشىدۇ ، قېرىغاندا پىخسىقلىشىدۇ .

▲ ئامېرىكا بىن لادىن بىلەن ساددامنى قاچان تۇتىدۇ ؟ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئامېرىكىغا كىرىكى قالمىغاندا ئاندىن تۇتىدۇ .

▲ ئەگەر ئاۋام خەلق ئىتائەتچان بولسا ، ھۆكۈمرانلارنىڭ يالغان گېپىمۇ ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ .

▲ مۇستەبىت ھۆكۈمراننىڭ پەرمانى : خەلقنىڭ ئوبرازى زىيانغا ئۇچرىسا مەيلى ،ئەمما دۆلەتنىڭ ئوبرازى زىيانغا ئۇچرىمىسۇن .

▲ ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن يىراقلاشقان مىللەت قانچە تەرەققىي قىلسىمۇ ،مەنىۋى جەھەتتە نادان مىللەتتۇر .

▲ «مەدەنىيەت »ۋە «ئىلىم-پەن »ئۆگىنىش باھانىسى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «تىنچ ئۇرۇش» مىللەتنى تىنچ ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشتۇر .

▲ سائىتىڭىزگە قاراڭ : ھاياتلىق ۋاقتىڭىز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ . سېكۇنت ئىسترېلكىسى سىزنىڭ بالىلىقىڭىز ، مىنۇت ئىسترېلكىسى ياشلىقىڭىز ، سائەت ئىسترېلكىسى قېرىلىقىڭىز .ئەپسۇس ، بۇلارنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ تەڭشىگىلى بولمايدۇ .

▲ بىز ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى ياسىغانسېرى ۋاقتىمىز شۇنچە قىسىلىشىپ ،تېخىمۇ ئالدىراش بوپكېتىۋاتىمىز .

▲ بىز ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلىرىمىزگە ئېرىشەلمەي ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئېرىشىشنى خالىمىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىپ قېلىۋاتىمىز .

▲ كۆپىنچە ئالىملار ئاخىرقى ئۆمرىنى پۇشايمان ۋە قايغۇ بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ .

▲ بۇنىڭدىن 14يىل بۇرۇن كەنت سېكرېتارى ئەرلەرنى كالا ئورنىدا قوشقا قېتىپتىكەن ، شۇ ۋاقىتتا ئەرلەر «كالا »بولۇشقا قارشىلىق كۆرسەتمەپتىكەن ؛ بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن ھېلىقى سېكرېتارنىڭ ئوغلى شۇ «كالا »لارنىڭ خوتۇنلىرىنى سۆرەمىگە قېتىپتۇ .

▲ بىلىم ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت ئاياللارنى پەرىشتىلىك ماقامىغا يەتكۈزسە ، بىلىمسىزلىك ۋە ئەخلاق-پەزىلەتسىزلىك ئاياللارنى ئالۋاستىلىققا يەتكۈزىدۇ .

▲ ئارزۇ-ئارمانلىرىڭغا تولۇق يەتسەڭ ، ياشاش ئىقتىدارىڭنى يوقىتىسەن .

▲ دوستۇڭنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىشكە قىزىقما ، بولمىسا دوستۇڭ سېنىڭ دۈشمىنىڭگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن .

▲ ھەرقانچە جانجىگەر دوستلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئارىلىق بولۇشى كېرەك ،بولمىسا ئۇلارنىڭ جانجىگەرلىكى ئۇزاققا بارمايدۇ .

▲ گۈلنى قولدا تۇتۇپ پۇراۋاتقان كىشىگە قارىغاندا ،گۈلنىڭ پۇرىقىنى يىراقتىن پۇراۋاتقان كىشى گۈلگە بەكرەك تەشنا كىشىدۇر .

▲ ساڭا تۇنجى قېتىم گىگانت كۆرۈنگەن ئادەم ، سەن چوڭشەنگەندىن كېيىن ئەرزىمەس ئادەم بولۇپ

چىقىشى مۇمكىن .

▲ سەن دائىم ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيدىغان ئادەمنى بىر كۈنلەردە تىللاپ، قاغاشقا مەجبۇر بولىسەن .

▲ دۇنيانىڭ بىر تەرىپى بەختسىزلىك بولغاچقىلا، يەنە بىر تەرىپى بەختكە تولغان .

▲ ئايرىلىشقا كۆز يېشى قىلمىغانلارلا ئايرىلىشنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ .

▲ ئاچچىق نەرسىلەر بولغاچقىلا كىشىلەر نېمىنىڭ تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن .

▲ سېنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھىڭ دەل ئۆزۈڭدۇر .

▲ بىر كىمگە ھاجىتىڭ چۈشسە يۈز تەبىر تاپىسەن .

▲ ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشساڭ، ئۆزۈڭنى مەمنۇن قىلمايدىغان نەرسىگە ئېرىشىسەن .

▲ توتۇرۇقسىز خام خىيالنى كۆپ قىلغان كىشى ئاخىرى «تەقدىرىم تەتۈر» كەلدى دەپلا يۈرۈيدۇ .

▲ ھازىرقى جەمئىيەتتە رەزىللىك بىلەن گۈزەللىك قوش بىلەن كېپەك ئالتۇندەك بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ .

▲ باشقىلارغا ياخشىلىقنى قىلىۋەرسەڭ، ئۇلارنىڭ «قول»نغا ئايلىنىپ قېلىشىڭ مۇمكىن .

▲ ئىنسان قورسىقى ئاچسا، بىلىپ تۇرۇپ زەھەر يەيدۇ .

▲ كۆز يېشى خوتۇن-قىزلارنىڭ ئوقسىز قورالىدۇر .

▲ باشقىلار خاپا بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا گەپ سورىما، بولمىسا يۈزۈڭگە ئاچچىق شالىي چاچراپ كېتىدۇ .

▲ ئۆزۈڭنى باشقىلارنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈپ باق، ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ھەقىقىي تونۇيالايسەن .

▲ باشقىلارنىڭ بەختىگە ھەۋەس قىلساڭ، ئۇلارنىڭ بەختى سېنىڭ قەبرەڭ بولۇپقېلىشى مۇمكىن .

▲ چىرايلىقنى سۆيسەڭ ئازابقا قالىسەن، سۆيۈملۈكنى سۆيسەڭ بەخت تاپىسەن .

▲ ئۈمىدتىن كېيىنكى ئۈمىدسىزلىك ئاشىق بولغۇچىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ «ئۆلتۈرۈپ» قويىدۇ .

▲ ئاچكۆز ئادەم بىر كۈنلەردە ئاسىيلىق تۇغىنى كۆتۈرۈدىغان ئادەمدۇر .

▲ شەكىللۋازلىق ئەۋج ئالغان مائارىپنىڭ تەربىيىلەيدىغىنىمۇ بىر توپ شەكىللۋازلاردىن ئىبارەت، خالاس .

▲ قايەردە مائارىپ زاۋاللىققا يۈزلىنىدىكەن، شۇيەردە قىيامەتنىڭ سۈرى ئەڭ بالدۇر چېلىنىدۇ .

▲ ئۆتنتۇش ئاسان بولغان بولسا، بۇ دۇنيادا ئازاب بولمىغان بولاتتى .

▲ پۇشايمان قاچىسى مەڭگۈ تولمايدىغان تېگى يوق قاچىدۇر .

▲ مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان چاغلار قىز-يىگىتلەرنىڭ كۆزى كور بوپقالىدىغان چاغلاردۇر .

▲ بۇرۇن ئىمپېرىيىلەر باشقىلارنىڭ زېمىنىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىش ئارقىلىق قۇرۇلاتتى، ھازىر بولسا باشقىلارنىڭ مېڭىسىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق قۇرۇلىدىغان بولدى .

▲ كۆز يېشىڭنى سۈرتۈشكە جۈرئەت قىلالىساڭ، ئاندىن كۈلەلەيسەن .

▲ پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا بىلەن ئانىنى باغلايدىغان زەنجىرگە ئايلىنىپ قېلىشى، ئائىلە «مۇھىت»ىنىڭ ئاللىبۇرۇن بۇلغانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

▲ ھازىر تېلېۋىزور «دىل ھوزۇر»لۇقنى يوقىتىپ «دىل بوزۇر»غا ئۆزگىرىپ كەتتى .

▲ ئاچا قويۇلغان دەرەخ شاخلىرى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ .

▲ ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى بىلمىگەن ئادەم، باشقىلارنىڭمۇ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ .

▲ بىز باشقىلار بىلەن ياخشى ئىش قىلساق ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىمىز . ئەگەر قىلغان ئىشىمىز ئەپلەشمەي، چاتاق چىقىپ قالسا، ئاۋۋال باشقىلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىمىز .

▲ مەن يا ئۆزۈمنى، يا باشقىلارنى باشقۇرالمىغاچقا، «ھايۋان»لار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ كېلىۋاتىمەن .

▲ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرى تاۋارلاشقان ئەلدە پۇل مېھىر-مۇھەببەتنىڭ تارازىسى بولىدۇ .

▲ بىز «ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنى يولغا قويدۇقيۇ لېكىن كاللىمىزغا قولۇپ سېلىۋالدۇق .

▲ خەلقنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلمىغان ھاكىمىيەت مۇستەبىت ھاكىمىيەتتۇر .

▲ بۇرۇن ئادەملەر جىسمانىي جەھەتتىن قۇل قىلىنغان بولسا، ھازىر روھىي جەھەتتىن قۇل قىلىنىۋاتىدۇ .

▲ ئۆلۈم قىممىتىنى يوقاتقان ئەلدە تۇغۇلۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن .

▲ بۇرۇن ئادەملەرنىڭ كاللىسى دىنىي خۇراپاتلىق چىرمىۋالغان بولسا، ھازىر سىياسىي خۇراپاتلىق چىرمىۋالدى .

▲ بىر ئادەمنىڭ ياخشى ياكى يامان ئەخلاقى مەكتەپتە ئەمەس ئائىلىدە يېتىلىدۇ .

▲ بۈگۈنكى كۈنلەردىن زارلىنىپ ئەتىنى كۈتۈپ ئۆلتۈرماڭ، «جاھان دېگەن مۇشۇنداق» . . .

▲ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشى ۋە پىكرى بولمىغان ئادەم بىر پۈتى يوق ئادەمدۇر .

▲ بىر تال غاز پېيى ئارقىلىق شىرنى

ئۆلتۈرگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئاشۇ بىر تال غاز پەيدىن ياسالغان قەلەم نەچچە مىڭلىغان «شىر»نى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

▲ ئەركە ئۆسكەن بالا ئاتا-ئانىسىغا «ئاتا-ئانا» بولۇدىغان بالىدۇر.

▲ بىز بۇرۇن كىيىممىزنىڭ پۈتۈن بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان بولساق، ھازىر كىيىممىزنىڭ يىرىم-ياتا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىۋاتىمىز ھەم شۇنىڭغا يۈزلەنمەكتىمىز.

▲ باتۇر - ئەزىمەت كىشىلەر ئۆز كېپەنلىكىنى ئۆز قولى بىلەن كۆتۈرۈپ مېڭىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەردۇر.

▲ بىزدە ھازىر ئائىلە كىرىمى ئاشقانسېرى «ئائىلە ئۇرۇشى» كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ.

▲ ئاشقىلىق ئادەمنى بوشاڭ - ئىرادىسىز قىلىپ قويىدۇ.

▲ ئاق رەختكە داغ ئاسان يۇقىنىغا ئوخشاش، ھەقىقىي - پاك ئادەملەرگە تۆھمەت ئاسان يۇقىدۇ.

▲ ئاشىقلار شائىر ھېسابلانغان كۈن شائىرلارنىڭ ئۇدۇنياغا سەپەر قىلغان كۈنىدۇر.

▲ دۇنيادىكى ھەرخىل دىنلار «بۇ ئالەم قانداق بىنا بولدى؟ مېنى كىم ياراتتى؟ دۇنيادىكى ياخشى-يامان ئىشلارنىڭ سورىقى بولامدۇ-يوق؟» دېگەن سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ خىلمۇ خىللىقىدىن شەكىللەنگەن.

▲ ھەددىدىن زىيادە غەم-ئەندىشە ئادەمنى شەخسىيەتچى قىلىپ قويىدۇ.

▲ قەھرىمان جەڭدە ئۆلمەيدۇ، ئەمما جەڭدىن كېيىنكى «غەلىبە جېڭى»دە ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

▲ شېئىر ئوقۇيدىغانلار ۋە چۈشىنىدىغانلارنىڭ ئازلاپ كېتىشى ئەدەبىياتنىڭ بىر پۈتىنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

▲ مىلتىق ئارقىلىق بويسۇندۇرغىلى بولسىمۇ، لېكىن ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

▲ شېئىر ئارقىلىق رەسىم سىزالىغان، رەسىم ئارقىلىق شېئىر يازالىغانلار ھەقىقىي شائىر، رەسساملاردۇر.

▲ ئۆزۈڭنى چۈشىنىشىڭ چوڭقۇرلاشسا، يولۇڭ كەڭرى ھەم داغدام بولىدۇ. ئەمما باشقىلارنى بەك چۈشىنىپ كەتسەڭ يولۇڭ تارلىشىپ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

▲ دېھقانلار نامراتلىق دەردىدە باش كۆتۈرەلمەيۋاتسا، ھۆكۈمەتنىڭ ئېيىغا مىڭ نەچچە يۈەن مۇقىم مائاشىنى، ھېيت-ئايەملەردە تارقىتىپ بېرىۋاتقان پاراۋانلىق تەمىناتىنى ئېلىپ تۇرۇپ، بىز نامرات دەپ قاقشاپ يۈرگەن مائاشلىقلارغا قاراپ «ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىمەن».

▲ «ئەيدىز»، «سارس» كېسەللىكلىرىنى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى (شەھۋانىي ۋە نورمىدىن سىرت ياۋايى جانلىقلارنى يېيىش نەپسى)نى تىزگىنلىيەلىسىلا ئۇلارنى تىزگىنلىيەلەيدۇ.

▲ باي بولغانسېرى دەرد-ئەلەمگىمۇ تولا باي بولىسەن.

▲ ھېسسىياتقا تەسلىم بولغىنىڭ، ئەقلىڭگە ئاسىيلىق قىلغىنىڭدۇر.

▲ كېچە بولغاچقىلا كۈندۈزكۈن (قۇياش) ئۇلۇغ ھەم مۇقەددەستۇر.

▲ يەرشارىغا پاتمىغان ئادەم ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى 0.8 مېتىر بولغان «يەرشارى»غا پاتىدۇ.

▲ بىز «ئەسكى-تۈسكى» دەپ تاشلىۋەتكەن «نەرسىلەر»نى باشقىلار ئالتۇن ئورنىدا كۆرۈۋاتىدۇ.

▲ «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭ سورىغىنىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئويلىنىشقا، پىكىر قىلىشقا باشلىغان تۇنجى قەدىمىڭدۇر.

▲ بىخۇد كىشى قانچە بىخۇدلاشقانسېرى ئۆزىنى بىلىملىك - دانا چاغلايدۇ.

▲ نەپرەتلىنىش - يوشۇرۇن قارشىلىق كۆرسىتىشتۇر.

▲ خۇشاللىق ئىزدىسەڭ خاپىلىقمۇ بىللە كېلىدۇ.

▲ زېمىستاندىكى ئوت ھەرقانچە يالقۇنلاپ كۆيگەن بىلەنمۇ ھامىنى ئۆچۈپ قالىدۇ.

▲ سىم-سىم يامغۇر «كۈنلۈك»ى يوقلارغا مولدۇر بولۇپ چۈشىدۇ.

▲ نادانغا ئاقىللارچە سۆزلىمە، بولمىسا مەسخىرىگە قالىسەن.

▲ گادايغا يولۇقساڭ گادايچە، بايغا يولۇقساڭ بايچە سۆزلەشنى ئۆگىنىۋال.

▲ ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتقاندا، ئىتتىپاقلىق ۋە تىنچلىقنى پەقەت باللارغىلا تەكىتلىگەن تۈزۈك.

▲ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن ھەرقانداق ئىش ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ.

▲ دۆلەتلەر ۋە شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىدۇ ھەم دۈشمەنلىشىدۇ.

▲ قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان جەمئىيەتتە كىم ئويغانسا، شۇنىڭ بېشىغا چوماق تېگىدۇ.

▲ ئاياللار ئەرلەر تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشقا چىدايدۇ، ئەمما ئاياللار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشقا چىدىمايدۇ.

▲ ساڭا خائىنلىق قىلىدىغان ئادەم سېنىڭ «خەرىتە»ڭنى بىلىدىغان ئادەمدۇر.

▲ تەييار خۇلاسىلارغا ئادەتلىنىپ قالغان كىشىلەر يېڭى شەيئىيلەرگە سوئال قويۇشتىن ئەيمىنىدۇ.

▲ ھۆكۈمرانلار ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ناكەس ئەمەلدارلار ئارقىلىق ياپىدۇ.

▲ ھۆكۈمران خەلقنى ئالدايدىغان، خەلق

ھۆكۈمرانىنى ئالدايدىغان دۆلەتتە ساختا «تەرەققىيات» بارلىققا كېلىدۇ.

▲ بىر دۆلەت ئۈچۈن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئەنسىرىگىدەك ئىش ئەمەس، ئەنسىرىتىدىغىنى، تىرىك تۇرۇپ روھى ئۆلۈپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان ئەخلەت نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىدۇر.

▲ ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان تۈزۈلمىدىن پايدىلىنىشنى بىلمىسەڭ، ھەرقانچە ئىقتىدارلىق بولساڭمۇ «ئىقتىدارسىز» بوپقالىسەن.

▲ ئىنسانلار دۇنياغا يىغلاپ تۇرۇپ كېلىپ، ئاندىن كۈلۈشنى ئۆگىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسانلارغا جاپا ئالدىدا، راھەت كەينىدە كېلىدۇ.

▲ «قانۇن» قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان يەردە، پۇقرانىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشى تەبىئىي ئىشتۇر.

▲ بەزى يازغۇچى-شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغۇساق لۇغەت ئاختۇرۇدىغان بوپقالدۇق. بۇ ئۇلارنىڭ تىلىمىزنى بېيىتقىنىمۇ ياكى تىلىمىزنى گادايلاشتۇرۇپ، تىلەمچىلىككە سالغىنىمۇ؟

▲ ئۆز ئىشىڭغا پۇختا بولمىساڭ، باشقىلارنىڭ كەمتۈك يەرلىرىنى تولۇقلايدىغان «يەم»گە ئايلىنىپ كېتىسەن.

▲ مەن سېنى دەپ ئاۋارە، سەن ئۇنى دەپ ئاۋارە.

▲ باشقىلارنىڭ ساڭا ھاجىتى چۈشسە، ھاجەتمەننى ساڭا يەنە ئۈمىد بىلەن قارايدىغان ھالەتتە ھاجىتىنى راۋا قىل. ئەمما ھاجەتمەننى تولۇق رازى قىلما.

▲ تۈنۈگۈنىڭنى بۈگۈنگە ئۆلىيالىساڭ، ئاندىن ئەتەڭنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئۈمىد قىل.

▲ بۇرۇن ئوۋچىلىرىمىز ھايۋانلارنى «قىلتاق» قۇرۇپ تۇتاتتى. ئۇلار تۇتۇدىغان ھايۋانلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتىمۇ - قانداق، ھازىرقى «ئوۋچىلار» قىزلارغا «قىلتاق» قۇرۇپ ئۇلارنى تۇتۇۋاتىدۇ.

▲ قايسى مىللەت ئۆزىنىڭ مائارىپىغا ساختىلىق قىلىدىكەن، شۇ مىللەت باشقىلارنىڭ ساختا ئىشلىرىغا گول بولۇپ ئۆتىدۇ.

▲ ئەرلەرنىڭ كۈچى جىسمانىي ئىشلاردا ئىپادىلەنسە، ئاياللارنىڭ كۈچى مەنىۋى ئىشلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

▲ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ساڭا دائىم خۇشاللىنارلىق نەتىجە ئەكېلىشى ناتايىن.

▲ بىلىمسىز، ئەمەلىي ئىش بىلەن خۇشى يوق كىشىلەر ھەرخىل نەزەرىيىلەرگە خۇددى پەرۋانە ئۆزىنى چىراغ يورۇقىغا ئۇرغانغا ئوخشاش ئۇرىدۇ.

▲ خائىن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەيدىغان ئادەمدۇر.

▲ ئاددىي نەرسىلەرنى شەرھىيلەپ بېرىش مۇرەككەپ نەرسىلەرنى شەرھىيلەپ بېرىشتىن تەستۇر.

▲ باشقىلارغىلا قاراۋەرمەي ئۆزۈڭگىمۇ قاراپ باق، بولمىسا ھېچكىم ساڭا چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە - تەبىئىيلىكتۇر.

▲ ئىنسان ئۆزى ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغان نەرسىگە ئېرىشەلمىسە، شۇ نەرسىگە ئۆچ بوپقالىدۇ.

▲ ئىنسانلار ھەددىدىن زىيادە «ئەقىللىقلىشىپ» كەتكەنلىكتىن، ئۆزلىرى يەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ ساختا ياساپ ئۆز تېنىنى «غەيرىي» قىلىپ قويماقتا.

▲ ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي تراگېدىيىلىرىدىن ساۋاق ئالمىغان مىللەت، باشقىلارنىڭ ساۋاق بېرىشىگە موھتاج بولىدۇ.

▲ «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلىنى چىڭىتقان بولسا، باشقا ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئۆلىنى بوشاشتۇرۇپ قويدى.

▲ بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز يەرشارىنىڭ ئۇ چېتىدىكى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىسمىنى بىلىدۇيۇ، ئەمما ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جاينىڭ ھايۋان، ئۆسۈملۈكلىرىنى كۆرسىمۇ بەزىلىرىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالىدۇ.

▲ چەكلىمە بولمىسا ئەركىنلىكمۇ بولمايدۇ، مانا بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ئېرىشىش.

▲ ساڭا يەر تېگىدىن قارىغان ئادەمدىن ھوشيار بول.

▲ تارىم دەرياسى قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، تۇرپان كارىزلىرى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. ماھىيەتتە قۇرۇپ كېتىۋاتقان، يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان ئۇلار بولماستىن، دەل بىزنىڭ روھىمىز ۋە جىسمىمىزدۇر.

▲ ئاتا-ئانىسى تۇغۇپ كەتكەن باللار يېتىم ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىسى تۇرۇپمۇ تەربىيىسىز قالغانلار ھەقىقىي يېتىمدۇر.

▲ بىز ئۆزىمىزدىكى بار نەرسىلەرنى قەدىرلىمىگەچكە، باشقىلارنىڭ «ئەخلەت-چاۋارلىرى»نى تۇتىيا بىلىپ قەدىرلەۋاتىمىز.

▲ بىزنىڭ يولىمىز نېمىشقا تار؟ چۈنكى بىرسىمىز ئاچقان يولغا مىڭىمىز كىرىۋالىمىز ئەمەسمۇ؟

▲ مەجبۇرلانغان سۆيگۈ نەپرەتكە ئايلىنىدۇ.

▲ زىرائەتلىرىمىز خىمىيىۋى ئوغۇتقا خۇمار بوپقالماقتا، بىز بولساق غەيرىي كېسەللەرگە گىرىپتار بوپقېلىۋاتىمىز.

▲ تەبىئەتتىن ئايرىلغان ئىنسان تەبىئەتتىن قورقىدۇ.

▲ شەخس ۋە دۆلەت ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ باشقا شەخس ۋە دۆلەتكە ياخشى-يامان باھالارنى بېرىدۇ. مانا بۇ ھازىرقى دۇنيادىكى ئومۇميۈزلۈك باھا بېرىش ئۇسۇلىدۇر.

▲ بىرەر ئادەمنى بەك ئۇزاق ساقلاۋەرمە، بولمىسا ئورنىغا دۈشمەن كەپقېلىشى مۇمكىن.

▲ كىچىككىش - پۇشايمان دېمەكتۇر.

▲ پۇلدىن پۇل تۇغدۇرالىساڭ ئاندىن باي بولالايسەن.

▲ ۋاز كېچىش ياخشى كۆرۈش، كۆرمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

▲ نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشى ئۆلۈپ كەتكەن مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمىنى تويغا ئوخشاتقانلىقتۇر.

▲ ئائىلە ۋە مەكتەپ بالىلارغا تاماكا چەكمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن جەمئىيەت ئۇلارنى تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىشكە مەجبۇرلايدۇ.

▲ قىز-ئاياللارنىڭ يېرىم يالىڭاچلىقى زامانىمىزدىكى قانۇنلۇق پاھىشىلىقتۇر.

▲ سېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن ئادەم سەندىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي ياشىغان ئادەمدۇر.

▲ بەزى ئادەملەر ھايۋانمۇ قىلمايدىغان ئىشنى قىلىۋاتىدۇ. بەزى ھايۋانلار بولسا كۆپ ساندىكى ئادەملەر قىلىدىغان ئىشنى قىلىۋاتىدۇ.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشىي، ياۋۇز، رەھىمسىز ھايۋان - «ئادىمىي ھايۋان» دۇر.

▲ ئىنسانلارنىڭ جان-جانىۋارلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇشى ئۆزلىرىنىڭ ھايۋان بولۇشى ئۈچۈن رەھىمسىزلەرچە ئېلىپ بارغان قانلىق ئۇرۇشىدۇر.

▲ بىز ئىتتىپاقلىشىشنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي، شەكىل ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىشنى تەكىتلەۋەرگەچكە، ھەممىمىز يېنىمىزدا تۇرغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلمەي مەھشەر كۈنىگە قېلىۋاتىمىز.

▲ ئۇلۇغ شەيئىيلەرنىڭ بىر ۋە پەقەت بىر بولغىنى ياخشى.

▲ ياشلىق دەۋرى - بىلسەڭ بەخت دەۋرى، بىلمىسەڭ ئازغۇنلۇق دەۋرى.

- ئابلىكىم روزى

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە چولپان يېزىسىدا، دېھقان

* * *

▲ ئۇيغۇرلار ئىچىدە «سارىڭغا سوت يوق» دېيىدىغان ماقال-تەمسىل بار. ئۇنى ھازىر «بايۇۋەچچىگە سوت يوق» دەپ ئۆزگەرتسەك بولغۇدەك.

▲ ھازىرقى زامان ئىختىساسلىقلار دەۋرى ئەمەس، ئىقتىسادلىقلار دەۋرى.

- ئابدۇراخمان ئەمەتنىياز

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە بەشئېرىق يېزا قوشئېرىق كەنتىدە، دېھقان

## كۈندىلىك خاتىرەمدىكى تەپەككۇرلاردىن ئۈنچە

▲ مېھنەتسىزلا كەلگەن بايلىق، يېقىنىسلا كېلىدىغان بالا-قازانىڭ دەسلەپكى سىگنالى.

▲ ئېرى ئاشنىسىنى ئىزدەپ «سەتەڭلەر» قاۋاقخانىسىغا ماڭدى. ئايالى ئاشنىسىنى ئىزدەپ «دۇۋەڭلەر» رېستورانىغا ماڭدى. بىچارە سەبىي بالىلار دۇنياغا تۆرەلگەنگە پۇشايمان قىلىپ، خۇداغا نالە قىلدى: «ئاھ! خۇدا، تېزراق قىيامەت قايىم قىلساڭچۇ!»

▲ تارىخ ئەنە شۇنداق رەھىمسىز: ئۇ قاتتىق قول بولغانلارغا ئىللىق چىراي ئاچىدۇ، ئاجىز-مىسكىنلارغا تەتۈر قارايدۇ.

▲ مۇپەتتىش، تەپتىش ئورۇنلىرى يەرلىككە بېقىنغاچقا، بۇ نورغۇن رەھبەرلەرنىڭ چىرىكلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

- تۇرسۇنجان تۇرۇپ

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە قاراساي يېزا مالىيە-باج پونكىتىنىڭ خادىمى

* * *

▲ ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش - ئاق كۆڭۈللەرنىڭ ئىشى، ئادەمگە قاراپ مۇئامىلە قىلىش - ئاقىللارنىڭ ئىشى.

- ھەنىپىگۈل ئەكبەر

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## قانلىق قاداقلار

▲ كۈچۈڭنى بىھۇدە يەرگە ئىشلەتسەڭ، بىرى، ئۆزۈڭنىڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىڭنى، يەنە بىرى، نادان ئىكەنلىكىڭنى ئاشكارىلاپ قويىسەن.

▲ ئەمەلىيەتتە بۇ دۇنيادا سېنىڭ خۇشاللىقىڭغا چاۋاك چالىدىغانلاردىن ھەسرىتىڭگە چاۋاك چالىدىغانلار كۆپ بولىدۇ. چۈنكى سەن خۇشھال بولغاندا ئەتراپىڭا نەزەر سېلىپ ھەممىنى كۆرۈۋسەن. قايغۇرغاندا بولسا، ئۆزۈڭ بىلەنلا قېلىپ كۆزۈڭنى يۇمىسەن-دە.

▲ راست سۆزلەشنى ئەۋزەل كۆرسەڭ، راست سۆزلەيدىغان ئادەملەر ئارىسىدا ياشا.

▲ زاماننىڭ زۇلمى موھتاجلار بىلەن بېكىنمە كىشىلەرنى بەكرەك باسىدۇ.

▲ ئەڭ قەدىرلىك نەرسە بىز ئەڭ موھتاج نەرسىدۇر.

▲ ئادەملەر ئىتقا ئىشەنمىگەندىلا ئۇنى باغلاپ قويىدۇ.

▲ قەسەم ۋاپادارلىق بىلەن قوشكېزەكتۇر.

▲ گۈزەللەرنىڭ گۈزەللىكى رەزىللەرنىڭ ئالدىدا ئاندىن ھەقىقىي نامايان بولىدۇ .

▲ كىم ئاۋۋال سېنىڭ قولۇڭغا سۇ قۇيسا ، سەن ئۇنىڭ يۈزىنى يۇيۇش ئۈچۈنمۇ قوشۇپ سۇ قۇيۇشقا مەجبۇر بوپقېلىشىڭمۇ مۇمكىن .

▲ جانجىگەرلەرنىڭ جېنى ئۆلۈم ئالدىدا سىنىلىدۇ .

▲ چىرىك ھاكىمىيەت قولىدا ياخشى پۇقرا بولغانلارنى زامان ئاستا-ئاستا يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ .

## ياربلانغان چوغلار

▲ ئەگەر ئەرلىرىمىزنىڭ غۇرۇرى ئاياللىرىنىڭ ئاشىنىسىغا ئۆچ بولغاندا ئىشلىگەنچىلىك كېرەككە كەلسە ئىدى ، ئۇ چاغدا بىزگە تېخىمۇ شانلىق تارىخلار قۇچاق ئاچقان بولاتتى .

▲ غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ ئارىلىقى - ئىنساننى پالاكەت باسىدىغان مەزگىلىدۇر .

▲ ئىسلاھاتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەنلەر ، بىر بولسا ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغانلار ،بىر بولسا زاماننىڭ ئارقىسىدا ئاقساپ قالغۇچىلاردۇر .

▲ دۈشمەنلىك بولماي دېسەڭ ئۆز دېپىڭنى ئاز چال .

▲ ئانىلارنىڭ تارتىۋاتقان زۇلمى ئېرى بىلەن ئەجدادىدىن كېلىدۇ .

▲ قاسساپ نۇرغۇن قوينى بورداپ سەمرىتىپ سويىسىمۇ ، ئەمما قوينىڭ نەسلىنى قۇرۇتىۋەتمەيدۇ .

▲ بوزۇقچىلىق ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللارنىڭ تۆلەيدىغان بەدىلى كۆپ بولىدۇ .

▲ ئورتاقلىق - دۈشمەننىمۇ دوستقا ئايلاندۇرالايدۇ .

▲ئاياللىرى ئىشرەتكە دۇچار بولغان ئەلدە باللار پاجىئەلىك ئىبرەتكە دۇچار بولىدۇ .

▲ كۆپىنچە ئوغۇللار قىزلارنىڭ قولىنىڭ ئۈچىنى تۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارنى باش ئەگدۈرسە ، كۆپىنچە قىزلار ئوغۇللارنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۈچىنى تۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارنى باش ئەگدۈرىدۇ .

▲ قىزلارنىڭ مەغرۇرلۇقى ئوغۇللارنىڭ مەھكۇملۇقىدىن كېلىدۇ .

▲ ئېھتىماللىق - يېرىم ھەقىقەتتۇر .

▲ قەدىمىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان ئۈچۈرلارغا ئىشىنىشتىن ئىلگىرى شۇ كىتابنى يازغان مۇئەللىپكە ئىشىنىشىڭ شەرت .

▲ مۇھەببەت يۇزەكىلەشكەندە ئالىيجاناب بول ، چوڭقۇرلاشقاندا ئاگاھ بول .

▲ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى سۆيۈپ ئاندىن ئۆزگىنى سۆيۈشنى ئۆگەن . شۇ چاغدا سۆيگۈڭ ھەقىقىي چىن سۆيگۈ بولۇپ چىقىدۇ .

▲ ئېيىپتىنى دەسمىي قىلىپ ياشايدىغان ئاياللار غۇرۇرنى دەسمىي قىلىپ ياشايدىغان ئەرلەردىن ئىنسابلىقراق كېلىدۇ .

▲ زامان سېنى پەپىلىگەندە خۇدۇڭنى يوقاتساڭ ، تاشلىۋەتكەندە ئۆزۈڭنى يوقىتىدىكەنسەن .

▲ ئۆز سۆزۈڭگە تەبىر بەرگۈچىلەر چىقمىغاندىلا ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ زاماندىن ھالقىپ كەتكەنلىكىڭنى ھېس قىلالايسەن .

▲ ئەركىنلىك - ئاللانىڭ ئىنسانغا بەرگەن ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى .

▲ باللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىش مۇنداق ئىككى خىل ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ : بىرى ، باللارنى گۇناھكارلىق پاتقىقىغا تېخىمۇ پاتۇرۇپ قويىدۇ ؛ يەنە بىرى ، باللارنى دانىشمەنلەردىن قىلىپ يېتىشتۇرۇپ چىقىرىدۇ .

▲ قۇشلارنىڭ ئەركىنلىكى قانىتىدا بولغىنىدەك ، ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكى ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتىدە بولىدۇ .

▲ موھتاجلىق - نامراتلارنى چۈشىنىشتىكى تۇنجى دەرستۇر .

▲ بۇدۇنيادا ئىنسانغا نىسبەتەن يېڭىلمەس كۈچ پەقەت ئۆلۈمدۇر .

▲ ئەرلەرنىڭ ئەسەبىيلىكى ئاياللارنى تىترەتسە ،ئاياللارنىڭ ئەسەبىيلىكى ئەرلەرنى تۈگەشتۈرىدۇ .

▲ئاياللار ئەرلەرنى تولۇق چۈشىنىۋالغاندا ئەخمەق قىلىشقا باشلايدۇ . ئەرلەر ئاياللارنى تولۇق چۈشىنىۋالغاندا پۇشايمان قىلىشقا باشلايدۇ .

▲ ئاياللارنىڭ ئىمانىنى سېتىشى ئىلاجىسىزلىقتىن بولسا ، ئەرلەرنىڭ ئىمانىنى سېتىشى غۇرۇرسىزلىقتىن بولىدۇ .

▲چۈشىنىشنىڭ ئۆزى چېكىنىشتۇر .

▲ دېموكراتىيە - بيۇروكراتلار ئۈچۈن ساختا قانۇندۇر .

▲ ئانىلاردىكى مەسئۇلىيەت پەقەت بالا تۇغۇشلا بولۇدىغان بولسا ، ئۇنداق ئانىلارنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن قوي قوتىنىغا سولىۋېتىش كېرەك .

▲ خۇددى چاشقان دورىسى ئىشلىتىدىغانلار كۆپەيگەنچە چاشقانلار ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتكەندەك ، تۈزۈلگەن قانۇنلار كۆپەيگەنسېرى جەمئىيەتتىكى جىنايەتلەرمۇ ھەددىدىن زىيادە كۆپەيمەكتە .

- مەھمۇتجان يانتاق

---

ئاپتور : يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا گەمەساك كەنتىدە

## تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر

▲ئانىلارنىڭ مىڭ قۇياش تەپتىگە تەڭ باغرىدىن ئېرىپ چىققان سۈتنى بىز ئىنسانلار نومۇس قىلماي

خام سۈت دەۋالدۇق .

▲ قىزلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى (مەنىۋىيىتى) قانچىكى پۇچەك بولغانسىرى ئۇلار تاشقى گۈزەللىككە ئېتىبار بېرىپ (گۈزەللىك قوغلىشىپ) ھەتتا يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشتىنمۇ باش تارتمايدۇ .

▲ دېھقانلار تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەندەك ھەقىقەتەن ئاشۇنداق باي بولسىدى ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادتا ئامېرىكىنى بېسىپ چۈشەتتى .

▲ شەبنەمنىڭ قۇياش پارلىغاندا يوقاپ كېتىشىگە ئوخشاش ، ساختىلىقمۇ ھەقىقەت (ھەقىقىي)نۇرى پارلىغان ھامان يوقاپ كېتىدۇ .

▲ يازغۇچى ـ روھىيەت ماشىنىسىغا ماي قاچىلىغۇچىلاردۇر .

▲ مۇئەللىم ـ ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى . ئەگەر ئۇ مائاش ئېلىش ئۈچۈنلا ئادەم تەربىيىلەيدىغان بولسا ، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولماي ئىنسان روھىنى بۇلغىغۇچى مەنىۋى شەيتاندۇر .

▲ ئەرلەر پاھىشە ئاياللاردىن يىرگىنىدۇ ،ئەمما ئۇ ئاشۇ ئاياللارنىڭ پاھىشە بولۇشىغا ئۆزىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ .

▲ ئىنساننىڭ دۇنياغا كېلىشتىكى مەقسىتى بىر ، ئەمما ياشاش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ . مانا بۇ ، دۇنيانىڭ سىرى ۋە كۆپ خىللىقى .

▲ قورالنى ئىنسانلار تىنچلىق ئۈچۈن ياساپ ، ئۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتتى .

▲ ساختىلىقنى سۆزۈكتە يوشۇرغىنىڭ بىلەن كۆزۈڭدە يوشۇرالمايسەن .

▲ يېزا بالىلىرىنى يېڭى شەيئىيلەرگە قىزىقمايدۇ ، دېگەنلەر يېزا بالىلىرىنىڭ يېزىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن ئايروپىلانغا ھەۋەسلىنىپ ھەتتاكى كىچىك ئۈكىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئاسمانغا قارايدىغانلىقىنى كۆرمىگەن-دە .

**ـ ھاشىمجان رەھمەت**

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر كۆلەڭگۈسى

▲ ئادەم ئادەمگە دۈشمەن ئەمەس ، لېكىن ئادەم ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەنلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ باشقا دۈشمەنلىرى پەيدا بولغان .

▲ تاپا-تەنە ـ ئۈمىد شامىنى ئۆچۈرۈدىغان بالايىئاپەت بورىنىدۇر .

▲ شەبنەمنىڭ تېزلا يوقاپ كېتىشىدىكى سەۋەب ـ ئۇ سەھەردە ئەمدىلا ئېچىلغان گۈلنىڭ لېۋىگە سۆيۈپ مۇرادىغا يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ .

▲ قىزلارنىڭ پاكىزلىقى ئوغۇللاردا ھەۋەس قوزغىسا ،ئوغۇللارنىڭ پاكىزلىكى قىزلاردا ھەسەت قوزغايدۇ .

▲ پۇرسەت ـ بىر پايلا ئوق .

▲ ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىش تەۋەككۇلچىلىكتىن ئىبارەت .

▲ قىزلارغا كېلىدىغان ئازاب ـ بۇرۇنلاردا گۈزەللىكتىن كەلگەن بولسا ، ھازىر گۈزەللىكنىڭ ھېسسىيات شەكلى ئارقىلىق كېلىدىغان بولدى .

**ـ مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى**

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ دۇنيادا پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسىگە سۈيىقەست قىلىدىغان ئىككى قاتىل بار : بىرى ، ئاتا-ئانا ، يەنە بىرى ، جەمئىيەت .

**ـ مەھمۇتجان ياسىن**

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ يېقىن كىشىلىرىڭگە ئېيتقان قەلب سۆزلىرىڭنى باشقا بىراۋلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ ئويات-خىجىللىقتا قالغىنىڭدا ،ئاندىن «قىزلارنىڭ ئەڭ زور بايلىقىنىڭ پىنھان سىرلىرىنى يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ھېچ كىشىگە تىنماي مەھكەم ساقلاش» ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشىنىسەن .

▲ ئاتا قىلغانلىرىڭ بىلەن ئېرىشكەنلىرىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تېزلا ھېسابلاپ ، ۋاقتىنىڭ ئادىل گۇۋاھچى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانما . بىلگىنكى ، ۋاقىت تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق .

**ـ خانقىز ئابدۇرېھىم**

ئاپتور : خوتەن شەھەر لاسكوي ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ھەركىمنىڭ مىجەز-خاراكتېرىگە بېقىپ ياشايمەن دېيىش-ئېنىقكى ، ھاياتنى قۇللۇق تۇسىگە ئىگە قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر .

**ـ قۇربان ياسىن**

ئاپتور : ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ باشقىلارنىڭ خاتالىقىغا باش لىڭشىتىش ـ ئۆزۈڭگە ھۆكۈمران سايلىغىنىڭ بىلەن باراۋەر .

**ـ مۇھەممەتئېلى بارات**

ئاپتور : ئاقتۇ ناھىيە پىلال يېزا يۇقىرى ئاقتېچى كەنتىدە ،دېھقان

▲ ئىلگىرى قىزلار چىن سۆيگۈ دەپ ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلاتتى ،ھازىر قىزلار مۇھەببەت دەپ ئىپپەت-نومۇسىنى قۇربان قىلماقتا .

**ـ مۇھەببەت جاپپار**

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە بازىرىدا تازىلىق ئىشچىسى

▲ كەينىڭىزدىكىلەر سىزنى قوغلايدۇ ، سىز ئالدىڭىزدىكىلەرنى قوغلايسىز ، مانا بۇ ـ رىقابەت .

▲ ئەگەر باشقىلار سىزنى ئۆزىڭىز خالىمىغان يەرگە كىرىشكە مەجبۇرلىسا ، ھەرگىز كىرمەيسىز . لېكىن نېمىشقا باشقىلارنىڭ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ سىزنىڭمۇ كىرگىڭىز كېلىدۇ؟!

**- ئابلىز يۇنۇس**

ئاپتور : پەيزاۋات ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر ئۇنچىلىرى

▲ ئادەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقان بولىدۇ.

▲ تەنقىدلەردىن مەيۇسلەنمە، سېنىڭ ئىشىڭ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقانلىقى ئۈچۈن سېنىڭ توغراڭدا پىكىرلەر بولىدۇ.

▲ سەن بىراۋغا دوستلۇق قولۇڭنى ئۇزاتقاندا رەت قىلىشقا ئۇچرىساڭ، بۇنى ئۆزۈڭنىڭ ئوبيېكتىنى توغرا تاللىيالمىغانلىقىڭدىن كۆر.

▲ خورلۇق دېگەن نېمە؟

سەن ھالقىلىق پەيتتە ياردەم قولۇڭنى سۇنغان ئادىمىڭنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا ئۇچراش.

▲ زېھنىگە ئۆتكۈرلۈك بىلەن ساپ دىللىق بىرلەشكەن ئادەم پەرىشتىگە، ئۆتكۈرلۈك بىلەن ھىيلىگەرلىك بىرلەشكەن ئادەم شەيتانغا يېقىن كېلىدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىنى كونترول قىلالىغان بولسا، ئىنسانلارغا تەبىر بېرىدىغانلارنىڭ يېرىمى ئازلىغان بولاتتى.

▲ زامانىمىز كىشىلىرى ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاشنى تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرىشتىن باشلاۋاتىدۇ.

▲ مەدەنىيەتكە سەنئەتكە قارىغان كۆز بىلەن قارالغان بولسا، ياتلىشىشنىڭ قەدىمى بۇنداق تېز بولمىغان بولاتتى.

▲ نەشرىياتچىلىقى نوقۇل سودىغا يۈزلەنگەن مىللەتنىڭ تەپەككۇرى زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.

**- ئابدۇلېتىپ روزىنىياز**

ئاپتور : شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇردىن سۆز

▲ ئەر قانچىكى ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق، كەسكىن بولسا ئايالى شۇنچە سەممىي، مۇلايىم، ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولىدۇ. ئەر قانچىكى لاۋزا، لاتا مىجەز، گومۇش بولسا، ئايالى شۇنچە شاللاق، بىشەم بولىدۇ.

▲ ئاجرىشىدىغان ئەر-ئاياللار باشتا بالىلارنى تالىشىدۇ. بالا ئوقۇپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش پۇلى كۆپەيگەنسېرى بىر-بىرىگە ئىتتىرىشىدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى سۆزلەۋېتىپ :

- ئۇيغۇر ئاياللىرى بۇرۇن قارا چاچلىق، چاچلىرىنى 41تال ئۆرۈۋالىدىكەنتۇق ھەمدە باشقا ئەللەر خەلقلىرىنىڭ مەستلىكى كەلگىدەك چىرايلىق، پەزىلەتلىك ئىكەنتۇق. مانا بىز شۇ ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادى، - دېيىشىگە ئوقۇغۇچى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچى رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن :

- مۇئەللىم، سىز قايسى مىللەتتىن؟ - دېدى سوئال سوراپ.

- مەن ئۇيغۇرغۇ، - دېدى ئوقۇتقۇچى سوئالدىن ئەجەبلىنىپ.

- ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن چېچىڭىزنىڭ ئالدى قىزىل، كەينى سېرىق ھەم قىسقا؟ - دېدى ئوقۇغۇچى.

**- نۇرنىسا ئەخمەت**

ئاپتور : شىخو شەھىرىدە

* * *

▲ ئادەم ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئېرىشەلمىگەندە قاتتىق ئازابلىنىدۇ، ئېرىشكەندە تېڭىرقاپ قالىدۇ. مانا بۇ بىز ياشاۋاتقان دۇنيا.

▲ ئۇ شۇنداق ئەقىللىق لېكىن بەكلا قۇۋ؛ ئۇ شۇنداق سەممىي لېكىن بەكلا تۇز؛ ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ لېكىن شۇنداق بىچارە؛ ئۇ شۇنداق قەيسەر لېكىن شۇنداق ۋەھشىي، ئۇ شۇنداق ئىشچان لېكىن بەكلا جاپاكەش.

▲ بۇ دۇنيانى گۈزەللىك ۋە رەزىللىك دەپ ئىككىگە بۆلۈپ، ئۆزىمىزنى يېرىم ھالاك قىلدۇق.

**- توختى سىددىق**

ئاپتور : خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا چارشەنبە بازار كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ دوستۇڭ بۇرۇن بىلىنىدۇ، دۈشمىنىڭ كېيىن.

▲ «چۆگۈن تاشسا ئۆزىنىڭ بويىنىغا تاشىدۇ» دېيىش ھەقىقەتكە قىلىنغان ھاقارەتتۇر. ئويلاپ باقمامدۇق: ئۇ تېشىشقا سەۋەب بولغان ئوتنى ئۆچۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟

▲ سەن تارتىپ كېلىۋاتقان دەرد-ھەسرەت، كۈلپەتلىرىڭگە مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا رەھمەت ئېيتىپ قوي. چۈنكى ئاشۇ كۈلپەتلەر ساڭا ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

▲ باشقا ئەللەرنىڭ باغچىلىرىدا بالىلار ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىگە ھەيران قالسا، بىزنىڭ باغچىلىرىمىزدا بالىلار ھاراقكەشلەر ۋە ھايا-نومۇسنى يوقاتقان «ئاشىق-مەشۇق»لارگە ھەيران قالىدۇ.

▲ ئاچچىقىنى يېڭەلىگەن كىشى قۇللۇققا يۈزلەنگەن مەڭگۈ ئۇتتۇرغۇچى ئادەمدۇر.

▲ ھاياتىڭدا كۆز يېشىڭنى تۆكۈدىغان بىردىنبىر كىشى پەقەت ۋە پەقەت ئۆزۈڭدىنلا ئىبارەت.

▲ بېسىم ئادەملەردە قاراملىق - تەلۋىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ ئاسماندىكى ئاينىڭ گاھىدا چوڭ، گاھىدا كىچىك كۆرۈنۈشى بىزگە بىر خىل ئىقىمنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇد بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بەردى.

- غوپۇرجان ياقۇپ (سەگەك)

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيىسى يېڭىئېرىق يېزىسىدا

## تەپەككۇر ئۇنچىلىرى

▲ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن سېكرېتارنىڭ كەنت تەشكىلىدىن، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ مەسچىتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە قاراپ، ھەقىقىي كوممۇنىست، چىن مۇسۇلماننىڭ ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

▲ ھۆپۈپ - مېنىڭچە ئىسلاھاتچى - تەۋەككۇلچىلەرنىڭ باشلامچىسى بولۇشى مۇمكىن: ھۆپۈپ دائىم «تەۋەككۇل غوس!» دەپ يەرنى چوقۇيدىكەن، قۇرت چىقسا يەيدىكەن، قۇرت چىقمىسا يەنە ئىزدەيدىكەن. ئادەم بەزى ھاللاردا شۇ ئادىي قۇشچىلىك بولمايدىكەن ئەمەسمۇ؟!

▲ ئەزەلدىن قەھرىمانلار، باتۇرلار ياۋاشلاردىن ئەمەس، يامانلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان.

▲ ياۋاشلارغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، يامانلارنى باشقۇرۇش - سىياسىيئونلارنىڭ ئادىتى؛ يامانلارغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، خەلقنى مايىل قىلىش - قەھرىمانلارنىڭ مەردلىكىدۇر.

- مەتتۇرسۇن مۇھەممەت

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ناۋا يېزا مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ خادىمى

* * *

▲ جۇڭگودا باج كەچۈرۈم قىلىنىغان بىردىنبىر پۇقرا تىلەمچى. ئەگەردە شۇلارغىمۇ تاپاۋەت بېجى قويۇلسا، تىلەمچىلەر تۈگىشى مۇمكىن.

- ئازاد ئوسمانىي (مۇزئارت)

---

- ئاپتور: باي ناھىيە مىچىغ يېزا يامانسۇ كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر ساقىندىلىرى

### مۆجىزە ۋە رېئاللىق

ئەڭ گۈزەل جايلار ئەڭ رەزىل ئىشلارغا ماكان بولدى، ئەڭ گۈزەل ئىشلار ئەڭ ناچار مۇھىتتا ئايان بولدى...

### ھەقىقەتتىن قەترە

ئادەم گۆشتۇر، ئېتىقاد - ئۇمۇرتقا.

## پەرقتىكى ھېكمەت

ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى - ئەقىلنىڭ مەۋجۇدلۇقىدا ئەمەس، بەلكى ئەقىلنىڭ دەرىجىسى ۋەزىپىسىدە. چۈنكى ھايۋانلاردىمۇ ئەقىل بولىدۇ (بۈگۈنكى كۈندە بۇ سىر ئەمەس).

ھايۋانلاردىكى ئەقىل ھايۋانلارنىڭ ھايۋاندەك ياشىشىنى، ئادەملەردىكى ئەقىل ئادەملەرنىڭ ئادەمدەك ياشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ

## مىللەتنى سۆيۈشنىڭ چېكى

- مىللەتچىلىك - شەخسىيەتچىلىكنىڭ مىللەت گەۋدىسىدە ئىپادىلىنىشىدۇر. ئەمما مىللەتنى سۆيۈش باشقا گەپ، ئۇ ئاتا-ئانىنى سۆيگەنگە ئوخشايدۇ.

- ئابدۇرەقىپ ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

* * *

▲ سەن ئۆزۈڭگە تەن بولمىغان نەرسىنى مەڭگۈ ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالالمايسەن، بۇ خۇددى سېنىڭ قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتەلمىگىنىڭگە ئوخشاش.

▲ نارەسىدىلەرنى خارلاش، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك - جەمئىيەتنىڭ ئۆز كەلگۈسىنى دەپنە قىلغىنىغا ئوخشاش.

- رەخىمجان بارات

---

ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي - مائارىپ فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى - ئاجىزلار مۇنقەرز، كۈچلۈكلەر خۇن قەرز!

- ئابدۇراخمان ئەزىز

---

ئاپتور: قىرغىز، يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزىسىدا، دېھقان

## تەپەككۇر ھەرىلىرى

▲ مەرھۇم خەلق شائىرى روزى سايىت «دېھقان بولماق تەس» دەپ يېزىپتۇ، ئارقىدىنلا بەزى دورامچى كىشىلەر بەس - بەستە «ھاراق ئىچمەك تەس»، «بالا بولماق تەس»، «خوتۇن بولماق تەس»، «ئادەم بولماق تەس».... دېگەندەك نۇرغۇن «تەس» لەرنى «بازار» غا سالدى. ھالبۇكى، ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا بۇلار خەلقنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مانا بۇلار مەتبۇئات بازىرىدىكى كۆرسى چۈشكەن ساختا ماللارنىڭ ھەقىقىي تراگېدىيىسىدۇر.

▲ ئەرلەر بۇزۇلسا خوتۇن - بالىلار يىغلايدۇ، ئاياللار بۇزۇلسا پۈتكۈل دۇنيا يىغلايدۇ.

▲ ئېمىزگە قۇرۇق بولسىمۇ بالىنىڭ يىغىسىنى توختىتالايدۇ. ماختاشلار سەمىمىي بولمىسىمۇ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلالايدۇ. مانا بۇ رېئاللىقىمىزدىكى ئالداش بىلەن ئالدىنىشنىڭ گارمونىك تەۋرىنىشىدۇر.

▲ ئەگەر سىر دىيىشكە توغرا كەلسە، ئادەمنىڭ بوۋاق چاغلىرىدا زادى نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى ھەقىقىي سىرلىق دەيمەن.

▲ ئەتراپىنى شوئار ۋە ئېلان قاپلاپ كەتكەن جەمئىيەتتە خەلق ئۆزىنىڭ ئالىم ۋە ئەدىبلىرىگە قارىغاندىمۇ سەنئەتچىلىرىنى بەكرەك تونۇيدۇ.

- ياسىنجان ئۆمەر

ئاپتور: پىچان ناھىيە تۇيۇق يېزا 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ تەڭرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈشتىن بەكمۇ قورقىمىز ۋە بىراق كۆپىنچە چاغلاردا تەڭرىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىمىز.

- نىياز توختى (يانغىن)

ئاپتور: باي ناھىيە مىچىغ يېزا يامانسۇ كەنتىدە، دېھقان

## ئاداققى نىدالار

▲ بۈگۈن ۋە رېئاللىقنى چۈشىنىپ يېتەلىگەن ھەم ئۇنىڭدىن بىلىم ۋە مەنپەئەت ئالالىغان ئادەم ئەقىللىقتۇر.

▲ كەمسىتىلىشكە ئۇچراش ئەڭ ئېغىر خورلۇقتۇر.

بۇخىل خورلۇق ئىنسانىي مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ سىپايە، ئەڭ جىمجىت ئېزىلىشتۇر.

▲ ئاجىز كىشى ھاياتتىكى خىرىس ۋە زىددىيەتلەرگە تاقابىل تۇرالمىغاندا، ساختا ۋەز-نەسىھەت ۋە ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى ئۆزىگە قالقان قىلىدۇ.

▲ زامان راست ۋە يالغان ئالىم ۋە قەھرىمانلارنى يارىتىۋېرىدۇ. گەپ مانا مۇشۇ ئالىم ۋە قەھرىمانلارنىڭ زاماندىن زامانغا ئۆلمەي ياشىيالىشىدا.

▲ ۋەتەن ۋە تەڭرى يولىدا جان تەقدىم قىلىش بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى رىۋايەتتۇر.

▲ گاھىدا ئىنسان ئۆز ئەقىدە-ھەرىكىتىدە خاسلىق يارىتىمەن دەپ رېئاللىقتىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالىدۇ.

▲ رىقابەتچى يوق مۇھىتتا ئىنسان ئاسانلا قانائەتلىنىپ قالىدۇ.

▲ ئادالەتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمىغان مۇھىتتا كىشىلەرنىڭ «ئالغا ئىلگىرىلەش» غايىسى كۆپىنچە خۇشامەتچىلىك ۋە قۇلچىلىق يوللىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

▲ (ئادالەتسىز جەمئىيەتتە) ئەمەلدار ئۆزى تەنھا شارائىتتا قامچىدۇر، ئۆزىدىن يۇقىرى ئەمەلدارنىڭ ئالدىدا غالچىدۇر.

▲ خەبەردار كۆپەيگەنسېرى دەسلەپتە قەدىرلەنگەن چۆپقەتلەر ئۇنتۇلۇشقا باشلايدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت ئاخىرلىشىش، ۋەيران بولۇش ئەمەس، بەلكى كۈرەش جەريانىدىكى تاسادىپىي سىناقتۇر.

▲ ئاۋام ئالدىرىغان بىلەن تەڭرى ئالدىرىمايدۇ.

▲ تاغدەك ئەقىدە. تۆھپىلەر گاھىدا بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

▲ شەخسىيەتچى ۋە نادانلارنىڭ نەزىرىدە بۈگۈنلا بار، ئەتە يوق.

▲ ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتە شەيئىينىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە ئۆزگىرىش ياسايدۇ. ئۆزگىرىشنى ھېس قىلالىغانلار ھاياتتىن قىممەت ۋە مەنە تاپالايدۇ. ئۆزگىرىشنى ھېس قىلالمىغانلار ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ، دەۋرنىڭ داشقاللىرىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

▲ بىزنىڭ كۈرەشچان تارىخىمىز كۆلكە-چاقچاق ۋە يۇمۇر-لەتىپە بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

▲ ئۆز مەۋجۇدلۇقۇمنى نامايان قىلىمەن دېسەڭ، روھىڭدىكى پىچىرلاشلارغا قۇلاق سال.

▲ ئىنساننىڭ مەلۇم بىر ئوي-پىكىر قورشاۋىدىن ھالقىپ چىقىشى مۇشكۈل بىر جەرياندۇر.

▲ پەقەت زورلۇق كۈچ ۋە قورالغا تايىنىپ دۆلەت ۋە خەلقنى ئىدارە قىلىش - ماھىيەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ غالىبىيىتى ئەمەس، بەلكى مەغلۇبىيىتىدۇر.

▲ مەتبۇئاتنىڭ ئىلغارلىشىشى ۋە دېموكراتىيىلىشىشى خەلق ۋە دۆلەتنىڭ ئىلغارلىششى ۋە دېموكراتىيىلىشىشىگە يول ئاچىدۇ.

▲ شۇنداق ئەخمەق ۋە ساپاسىز كىشىلەر باركى، ئۆزىگە ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان شۇنداقلا مۇناسىۋەت ئارىلىقىمۇ ئىنتايىن يىراق بولغان ئادەم ۋە ئىشلار ئۈچۈن بىر ئۆمۈر باش قاتۇرۇپ، ۋاقىتسىز قېرىپ كېتىدۇ.

▲ كىتابلاردىن تاپقان ئىدىيە ۋە ھەقىقەتلەرگە قارىغاندا ھاياتتىن قوبۇل قىلغان ئىدىيە ۋە پىكىرلەر ھاياتىي كۈچكە ۋە پارلاقلىققا ئىگىدۇر.

▲ «مۇخبىر» دېگەن سۆزنىڭ بىزدىكى ئىستېمال مەنىسى ماختاش ۋە كۆككە كۆتۈرۈش، دېگەن بولىدۇ.

▲ چىرىكلىك، تەڭسىزلىك، ساختىپەزلىك ۋە شەكىلۋازلىق ئەۋج ئالغان جەمئىيەتتە راستچىللىق كۈچەپ تەرغىب قىلىنىسىمۇ، كىشىلەر ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان ناتوغرا خاھىش ئەلنىڭ رايىنى ياندۇرۇۋەتكەن بولىدۇ.

- زەپەر ئابدۇلھەي

ئاپتور: نىلقا ناھىيە سۇ ئىدارىسى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش باش پونكىتىنىڭ خادىمى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ شەكىلۋازلىق - يالغان چىنلىق.

▲ قاچقۇن جىنايەتچى - رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇدىغان خامېلېئون

▲ گەرچە «مەغلۇبىيەت - مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى» بولسىمۇ، ئەمما بىز «مۇۋەپپەقىيەت - مەغلۇبىيەتنىڭ بالىسى» دەپ ئېيتالمايمىز.

▲ گەرچە سەن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، تۈزەتكەن بولساڭمۇ قەلبىڭدە يەنىلا جاراھەت ئىزى قالىدۇ.

- ئالىمجان خۇدابەردى ئوغۇزتېكىن

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 3-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 3-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئادەم - مەۋجۇدىيەت ئالەمىدىكى ئىچچام موزېي.

▲ ھۆرمەتنىڭ ئۆسكەنسىرى ئۆزۈڭگە پەخەس بول.

▲ ياۋاشلىقنىڭ ئۆزى يېرىم گادايلىق.

▲ بىكارچىلىق چۈشكۈنلۈكتىن بىشارەت.

- كېرىم قاسىم ئەۋجى

ئاپتور: شايار ناھىيە تەمىنات-سودا كوپېراتىپىدا

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ بالىلىرىمىز كىچىك چېغىدا ئۇلارنى يىغلاتماسلىق ئۈچۈن نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىمىز، ئۇلار چوڭ بولغاندا بىزنى يىغلىتىدۇ.

▲ خورازلار بىزنى ئويغىنىشقا چىللاپ ئاۋارە، بىز ئۇلارنى سوقۇشتۇرۇپ (ئاۋارە).

▲ «غەپلەت» نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەكچى بولساڭ، قەبرىستانلىق يېنىدىن ناخشا توۋلاپ ئۆتكۈچىلەرگە قارىغىن.

▲ - ھەي شەيتان، بۇ كىشىلەر مېنىڭ مېيىت نامىزىمغا داخىل بولغىلى كەلگەنىدى، نېمە ئۈچۈن ئۇلار سەن ئازدۇرغانلار قاتارىدا تۇرىدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ ئۆلۈكنىڭ روھى شەيتاندىن.

- چۈنكى ئۇلار تىرىكلەرنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن كەلگەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شەيتان.

▲ مەسچىتلەر ھەشەمەتلىك سېلىنماقتا، كىشىلەردىكى ئىمان نۇرلىرى خىرەلەشمەكتە.

▲ روشەن ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان كىشى، سۇنى يۈدۈۋېلىپ ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەن تۆگىگە ئوخشايدۇ.

▲ خۇشامەتچىلىك - ئىنساني قەدىر-قىممەتنىڭ ئىختىيارىي يوسۇندا دەپسەندە قىلىنىشى.

▲ ياۋروپانىڭ يالىڭاچ مەدەنىيىتى - ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تېنىگە چىققان ھەرخىل يامان سۇپەتلىك ئۆسمە.

▲ مازار پۇل ھەممىگە قادىر، چۈنكى بىز پۇلغا ھەممىدىن بەكرەك چوقۇنىمىز.

- ئەركىن ئابدۇكېرىم

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ خاتالىقلارنى تەكرارلاش ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە قارشى كۈچەيتىپ بېرىشتۇر.

▲ ئەگەر ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپلا تۇرسا، دۇنيادىن كېتىش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇتتىمۇ غايەت زور ئۇنۇم يارىتالايسىز.

▲ ھىدايەت ۋە كامالەت يولى - ئۆز-ئۆزىگە جاۋابكار بولۇش.

▲ خىيىمخەتەرنى پەرەز قىلىشقا ھەتتا جەزم قىلىشقا بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن قورقۇشقا بولمايدۇ. بۇ شۇنداق نەرسىكى، يەڭسىڭىز بىرى ئازىيىدۇ، قورقسىڭىز بىرى ئۈچ بولۇپ كۆپىيىپ ئىرادىڭىز سۇنىدۇ.

▲ بەزىلەرنىڭ رىقابەتكە قاتنىشىشى ئۇستۇنلۇك تالىشىش بولسا، بىزنىڭ رىقابەتكە قاتنىشىشىمىز مەۋجۇدلۇقنى ساقلاپ قېلىش بولماقتا.

▲ تەبىئىي ئېكولوگىيە بىلەن ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە بۇزۇلۇش ۋە تۈزۈلۈشتە ئوخشاشلا ئوڭ تاناسىپ تۈزىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئادەم نېمە قىلىشنى بىلىدۇ.

▲ خاتالىقىمىزغا باھانە-سەۋەب ئىزدەش - يەنە بىر خاتالىققا يول ئېچىشتۇر.

▲ رېئاللىققا ئويغۇنلىشىش - كەلگۈسىگە ئويغۇنلىشىشتۇر.

▲ تار دائىرىدىكى دۇنيا قاراش بىلەن ھاياتىمىزغا نىشان بەلگىلەپ يۈرگىنىمىزدە، ئۆزىمىزدىن ياتلىشىۋاتقانلىقىمىز خىيالىمىزغا كىرىپ چىقمايدۇ.

▲ پەن-تېخنىكا ئاساسىي ئېقىم سۈپىتىدە مەڭگۈ كۈچلۈكلەرنىڭ قورالى بوپقالىدۇ، ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشىنى ئۆلغايتىدۇ.

▲ ئىنسان يېتەلەيدىغان مەنزىل ھامان ئۇنىڭغا يېقىن يەردە بولىدۇ. ئۇ، تەنىنىڭ سىرلىق قاتلىمىغا كۆمۈلگەن، ئىزدەڭ.

▲ چەكسىز يىراقتىكى نۇرلۇق يۇلتۇزدىن يېقىندىكى چىراغنىڭ گۇگۇگا نۇرى مىڭ ھەسسە كۈچلۈك.

▲ باراۋەر كۈچ ۋە ھوقۇقۇڭ بولمىسا، مەڭگۈ

باراۋەر بولالمايسەن .

▲ ئاددىي قائىدە : ئۆزۈڭنى كۈچلەندۈرمىسەڭ كۈچلۈكلەرگە يېقىنسەن ؛ ئۆزۈڭنى باشقۇرمىساڭ باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىسەن ؛ ئۆزۈڭنى بايقىمىساڭ نادان ،قالاق قېلىۋېرىسەن ، ئۇنتۇلىسەن .

▲ ماھىيەتلىك ھەقىقەتنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس .

▲ ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان ئادەم مەڭگۈ ئەركىن بولالمايدۇ .

▲ كىشىلەر ئادەتتە ھەقىقەتنى ئىزدىگەندەك قىلىشىدۇيۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن قورقىدۇ .

▲ ئىنسانلار ئەمگەكتىكى پەرق بىلەنلا ئەمەس ، مۇھىمى ھوقۇق جەھەتتىكى پەرق بىلەن ئۈستۈن-تۆۋەنلىكتە ياشايدۇ .

▲ ئەمگەك قىلىش شەرەپلىك .ئەمما باشقىلاردا بىر ئادەم ئىلغار قوراللار بىلەن بىزنىڭ نەچچە ئونىمىز ،نەچچە يۈزىمىز ھەتتا نەچچە مىڭىمىز قىلغان ئىشلارنى قىلىدۇ . بۇ ئەھۋالدا قانداق ئەمگەك شەرەپلىك ؟ دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ .

▲ ھەرىكەتلىنىپ تاماملىنىپ ماڭغانسېرى ئادەمنىڭ ماھىيىتى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە زاھىر بولۇپ تۇرىدۇ .

▲ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش قانچە چوڭقۇرلاشسا دۇنيا تېخىمۇ بەختەر ،تېخىمۇ گۈزەل ، تىنچ ۋە سائادەتلىك بولغان بولاتتى .

**- ئابدۇرەھىمجان يۈسۈپ ئۈمىد**

---

ئاپتور : مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزا پاختىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بىر قەۋمنى ئىلكىدە چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن شۇ قەۋم ئاقىللىرىنىڭ ئاغزىنى يۇگەن سېلىشى كېرەك .چۈنكى سەركە جىم تۇرسا پادىلار خاتىرجەم ئۇخلايدۇ .

▲ بىلەمسىلەر ،ئىلگىرىكى قەۋملەر قانداق ھالاك بولغان ؟

بىرى ، ئەخلاقسىزلىقتا چېكىگە يەتكەن ، يەنە بىرى ، يات قەۋمنى دوراۋەرگەن .

**- قاۋۇلجان مۇھەممەت**

---

ئاپتور : قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى سۇ باشقارمىسىنىڭ كادىرى

▲ ئىقتىسادنىڭ كاساتلىششى - ھازىرقى زامان ئۆرۈشىنىڭ پىلتىسى .

▲ بەزى كىشىلەر بۇدۇنيادا قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى ئەسلا بىلەلمەيدۇيۇ ، ئۇ دۇنيادىكى سوئال-سوراق ۋە قىيىن-قىستاقلارنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ .

▲ ئەگەر غەيۇەت - شىكايەتنىڭ ئورنىنى غەيرەت - شىجائەت دېگەن سۆز ئىگىلىگەن بولسا ،بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىز نەچچە بالداق يۇقىرىغا

ئۆرلىگەن بولاتتى .

▲ بىز سەممىيەتكە شۇقەدەر موھتاج . بىراق بىزنىڭ روھىيىتىمىزنى ساختىلىق توزانلىرى ئوراپ تۇرغاچقا ،باشقىلارنىڭ ھەقىقىي سەممىيىتىگىمۇ ئىشەنمەس بوپقالدۇق .

▲ چۈشىنىش چوڭقۇرلاشقانسېرى ھەسەتخورلۇقمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ .

▲ بەزىلەر «مۇھەببەت ئۇلۇغ »دېيىشىدۇ . مېنىڭچە ، ئىنسان ئۇلۇغ . چۈنكى مۇھەببەت ئىنسان ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ .

▲ بىز ھەممىمىز يېمەك-ئىچمەكنى ئىسراپ قىلساق يامان بولىدۇ ، دەپ قەدىرلەيمىزۇ ، شۇ يېمەك-ئىچمەكلەرنى بىزگە ئاتا قىلغان دېھقانلارنى پەس كۆرىمىز .

**- ئىبراھىمجان ئىرپانىي**

---

ئاپتور : قەشقەر شەھەر ئەنجان رەستە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى سودا شەھەرچىسى 7-نومۇرلۇق دۇكاندىن

## تەپەككۇر دۇردانىلىرى

▲ يارىماس كىشى بوپقالغانلىقىمنى ئويلىسام ، ئاتا-ئانامغا ئاچچىقىم كېلىدۇ .ناۋادا ئانام زىيادە مېھرىبان ، ئاتام زىيادە پىداكار بولمىغىنىدا ،بۈگۈنكى كۈندە قولىدىن ئىش كەلمەس نان قېپى بوپقالمىغان بولار ئىدىم .

▲ بۈگۈنكى كۈندە پۇل تاپمىساڭ بولمايدۇ . بىراق پۇلنىڭ مەردلەر قولىدا پەرىشتىدەك ، بېخىللار قولىدا ئىبلىستەك خاراكتېرلىنىدىغان ماھىيىتىنى بىلمىسەڭ تېخىمۇ بولمايدۇ .

▲ بىر يۇرتتا كىتابخانا ئازىيىپ قاۋاقخانا كۆپىيىدىكەن ، شۇيۇرتنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرى تۇغما دۆت بولۇپ تۇغۇلىدۇ .

▲ شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغانلىق ماھىيەتتە تەبىئەتنىڭ «يۈرىكى »گە قىلىچ ئۇرغانلىقتۇر . .

▲ بۈگۈنكى كۈندە قىز-يىگىتلەر بىر-بىرىگە ئىشەنمەس بوپقالدى . بۇ ئەمەلىيەتتە «نىكاھ سودىسى »نىڭ قانۇنىي كاپالەتكە ئېرىشكەنلىكىنىڭ ، تېخىمۇ مۇھىمى مۇھەببەتنىڭ بازارغا يۈزلىنىپ تاۋارلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى .

▲ قانۇن كۈچىنى كۆرسەتكەن دەۋردە كۆز-كۆز ئۈلۈڭنىڭ ئەينىكى ئەمەس ، بەلكى سۆز - كۆز ئۈلۈڭنىڭ ئەينىكى بولىدۇ .چۈنكى بۇنداق دەۋردە سوتچىلار كۆزگە ئەمەس ،دېيىلىۋاتقان سۆزگە ئاساسەن ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ .

▲ ھەرقانداق ئەركىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ياكى مەغلۇبىيىتى ئايالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . چۈنكى ئەر كىشى بۇرنىغا خۇشبۇي ھىدلىق چۈلۈك سېلىنغان ئۆكۈزدۇركى ، ئۇنىڭ بىر ئۇچى ئايالىنىڭ قولىدا .

www.uyghurkitap.com

- ئەكبەر ھىمىت (گۆركار)

ئاپتور : يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بۇدۇنيادا «خۇدا» بولمىغان بولسا، ئىنسانلار بىر-بىرىدىن «خۇدا» لىقنى تالىشىپ نېمىمۇ بولۇپ كېتەر ئىدى-ھە!؟

▲ تۇنۇگۈن - ئۆتمۈش، بۈگۈن - ھايات، ئەتە - شېرىن چۈشتۇر.

▲ تۇرمۇش ئىنسانلارنى ھەممىگە كۆندۈرىدۇ، خۇددى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھايۋانلارنىمۇ كۆندۈرگىنىدەك.

▲ ياخشىلىق - ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدىغان خاسىيەتلىك دورا.

▲ ھەقىقەتنى سۆزلىگەن ئادەمنىڭ «ھەقىقەتچى» بولۇشى ناتايىن.

- ھەمەجان ھېكىم هارماس

ئاپتور : پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل يېزا كىچىك ئاقئېرىق كەنتىدە، دېھقان

▲ «× كونى خىزمەت تەكشۈرۈشكە بارىمىز، × كونى چوڭ كۆلەمدە تازىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ، × كونى باھالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ...» دەپ ئالدىن خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇش - ئورگاندىكى خادىملارغا بېرىلگەن «ئاگاھلاندۇرۇش»، تۆۋەنگە يەتكۈزۈلىدىغان «ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش - تەييارلىق قىلىۋېلىش پۇرسىتى» يارىتىپ بەرگەنلىكتۇر.

«× كونى ئومۇمىيۈزلۈك چارلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ، × كونى نوپۇس تەكشۈرۈلىدۇ، × كونى (قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى) ئېلىپ بېرىلىدۇ، × كونى زەھەر ساتقۇچىلار - چەككۈچىلەرگە زەربە بېرىلىدۇ، × كونى مېھمانخانا - سارايلار ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلىدۇ، × كونى ئوغرى-قىمار-ۋازلار...غا زەربە بېرىلىدۇ، × كونى رېستوران، تانسخانا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى...قاتتىق تەكشۈرۈلىدۇ، ئىپپىتىنى ساتقانلار، زىناخور - پاھىشىۋازلارغا زەربە بېرىلىدۇ...» دەپ يىغىن ئېچىپ داۋراڭ سېلىش - جىنايەتچىلەرگە بېرىلگەن «ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش» پۇرسىتى، بىر مەزگىل ھەرىكەت قىلماي، «شامال توختىغاندىن كېيىن» «سىرتقا چىقىش» ئۇقتۇرۇشى، جىنايەتتىن قول ئۈزۈپ تۇرۇش ئاگاھلاندۇرۇشىدۇر.

- مۇختار ئابلىز

ئاپتور : قەشقەر شەھەر ئۆستەڭبويى كوچىسىدا

## كارۋان ھېسلىرى

▲ چاقچاقمۇ مىننەت قىلىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى.

▲ چۈشكۈنلۈك - شەيتاننىڭ ئۇسسۇل سەھنىسى.

▲ يېڭىلىشنىڭ ئۆزىلا مەغلۇبىيەت ئەمەس، بەلكى جەڭگە چىقالماسلىق مەغلۇبىيەت.

▲ مېھرىبانلىق - تەڭرىنىڭ پەقەت ئاقكۆڭۈل كىشىلەرگىلا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى.

▲ ئاقكۆڭۈل كىشىلەرگە ئەڭ ئېغىر تۇيۇلىدىغان ئىش - خۇشامەت.

▲ سۈكۈت - قانداقلا تەرىپلىمەيلى، ئۇ پەقەت ئاجىز كەلگەنلىكنى تولۇق ھېس قىلغانلىقنىڭ ئىپادىسى.

▲ ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ بېشى ئاساسەن يەرگە ئېگىشكەن بولىدۇ. قورسىقى تويۇپ تويۇپ تۇرغاچقا ئادەمگە تەلمۈرىدۇ.

يايلاق ھايۋانلىرىنىڭ بويىنى تىك بولۇپ، مەغرۇر-شاش كېلىدۇ. تولۇقى توپەيلى يۈكسەكلىككە ئىنتىلىدۇ.

مانا بۇلار قۇللۇق ۋە ئەركىنلىكنىڭ سۇۋغىتى.

- قۇربانجان ئابدۇقادىر

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى سىياسىي - تارىخ فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ «بوزەكنى بوزەك قىلمىسا، قىيامەتتە سورىقى بار» دېگەن سەپسەتىنى ئىجاد قىلغان ئادەم - دۇنيا تېررورىستلار تىزىملىكىدىكى ئالاھىدە نومۇرلۇق تېررورىستتۇر.

▲ ئايلىق - مائاشلىقلارنىڭ ئىش ھەققى چىقىدىغان، دەم ئالىدىغان كۈنىنىڭ تېزرەك كېلىشىگە ئىنتىلىپلا تۇرۇشى - ماھىيەتتە روھىنىڭ تېنى ئۇچۇن گۆر كولىغىلى كېتىۋاتقىنىدۇر.

- ئەزىز تۇردى

ئاپتور : خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر دۇردانىلىرى

▲ كاللاڭنى باشقىلار سىلكىسە سارالڭ بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئۆزۈڭ سىلكىسەڭلا ھەقىقىي ئويغىنالايسەن.

▲ باشقىلارغا ئەگىشىپ زىيان تارتقىنىڭدا، سەن ئۇنىڭغا تاپا-تەنە قىلماي ئۆزۈڭنى كاچاتلا، چۈنكى ئۇ سېنى بويىنۇڭدىن باغلاپ ماڭمىدى-دە.

▲ يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ؟ رەنجىمە، سېنى يۆلىمەيمەن. سېنى يۆلىيەلمەيمەن ئەمەس، يۆلىمەيمەن. بىر قېتىم يۆلەپ قويغىنىم، سېنى يەنە يىقىلسۇن دېگىنىم.

▲ تەرەققىياتقا ئارقىسىنى قىلىۋېلىش - جىنايەت ۋە ۋىجدانسىزلىق ئىكەن، ئۇنداقتا ئەنئەنىگە

ئارقىسىنى قىلىۋېلىشچۇ ؟

▲ تۇغۇلغىنىڭغا پۇشايمان قىلغىنىڭ ياراتقۇچى ۋە ئاتا-ئاناڭغا قىلىنغان ئاسىيلىق ۋە ھاقارەت ئەمەسمۇ ؟

▲ كىشىنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق بولمىسا ، قانداقمۇ ئەركىنلىك ۋە ئىنسانىي قىممەتتىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟

**- مۇھەممەتئېلى غوپۇر خۇشتار**

---

ئاپتور : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن-ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئاۋۋال دىن يوقالسا مىللەت يوقىلامدۇ ياكى مىللەت يوقالسا ئاندىن دىن يوقىلامدۇ؟ پەقەت دىنىنىلا ئويلاش بىر تەرەپلىمىلىك قاراش . ئاۋۋال مىللەتنى ئويلىغانلار ھەر ئىككىلىسىگە مەسئۇل بولغان كىشىلەردۇر .

▲ پەقەت دېھقاندىلا ساپ ئەنئەنە بار . شۇڭا دېھقانلارنىڭ ئاخىرىدا ئاسسىمىلاتسىيە بولغۇچىدۇر .

**- ھەسەن ئەبەي**

---

ئاپتور : كۇچا ناھىيە خانىقتام يېزا خەلق ھۆكۈمىتى كادىرى

▲ كۈچ - شۇدەقىقىدىكى رېئاللىقنى بويسۇندۇرالايدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى مۇمكىنلىك . . .

▲ چىدىغۇسىز خورلۇقلار ئالدىدا ئادالەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىش ئەڭ سوغۇققان ھەم قايتماس تاللاشتۇر . . .

**- ئابدۇمەجىد جەلىل**

---

ئاپتور : لوپ ناھىيە سامپۇل يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر يۇلتۇزلىرى

▲ پۇل ئارقىلىق ھوقۇققا ، ھوقۇق ئارقىلىق پۇلغا ئېرىشكىلى بولىدىغان جەمئىيەتتە پەقەت پۇقرانىڭلا مەجبۇرىيىتى بولىدۇ .

▲ ئاجىزلىق تەكرارلانسا ، ھېسداشلىق كۆلكىگە ئايلىنىدۇ . غالىبلىق تەكرارلانسا مۇھەببەت ئېتىقادقا ئايلىنىدۇ .

▲ ئاياللار قورتقا ، ئەرلەر ياغاچقا ئوخشايدۇ .

▲ باشلىق يەپ-ئىچىش ۋە ئەيش-ئىشرەت يولىغا ماڭسا ، قول ئاستىدىكىلەر كونا ئۆتكۈزۈش يولىغا ماڭغان بولىدۇ .

▲ بالاڭ گېپىڭنى سىقسا ، ئاناڭغا تىزلان .

▲ ئېرىشكەن نەرسىلەر گۈزەل بولسىمۇ ئېرىشمىگەن ئاددىي ، ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەر ئاددىي بولسىمۇ ئېرىشمىگەن گۈزەل .

▲ ئۈمىدسىزلىنىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى يەنىلا ئۈمىد .

▲ كۆپ ساندىكى قىزلار بالدۇر يېتىلىپ قالغاچقا ، كۆپ ساندىكى يىگىتلەر كېچىكىپ چوڭ بولماقتا .

▲ ئاياللار ئەرلەرگە قاراپ قاش ئاتتىمۇ ، بولدى ، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ تراگېدىيە .

▲ كىشىلەر مېھىر-مۇھەببەتنى ئۆزلىرى سۇسلاشتۇرۇپ ،يەنە ئۆزى ۋايساشقا باشلىدى .

▲ «بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ» ، شۇنداقلا بارلىق مەجبۇرىيەت خەلققە مەنسۇپ .

▲ خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ھاكىمىيەتنىڭ خەلقچىللىقىغا باغلىق .

▲ ئاياللارنىڭ كۆز يېشىغا نورغۇنلىغان مەخپىيەتلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ .

▲ ئادەمنىڭ مۇھەببىتىنى قوزغايدىغان بىرلا نەرسە بار ، ئۇ بولسىمۇ غالىبلىق .

▲ ئەمەلدارلار ئادىل ، يازغۇچىلار سەمىمىي بولمىسا ، خەلق ئىگە-چاقىسىز قالىدۇ .

▲ ئۇزۇن مۇددەت نامراتلىقتا ئۆتكەن مىللەت ئۇزۇن مۇددەت شۇكۇر قىلغان مىللەتتۇر .

▲ جەمئىيەت تۈزەلسە ئەرلەر جۇشقۇن ، ئاياللار مۇلايىم بوپكېتىدۇ ،جەمئىيەت بۇزۇلسا ئاياللار نايناق ، ئەرلەر غەمكىن بوپكېتىدۇ .

▲ ھاياتنى پەقەت بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلاش كېرەك : ئۇ دەل موھتاجلىق .

▲ دۇنيا ئىمتىھان مەيدانىغا ، ئادەم ئىمتىھان بەرگۈچىگە ، ھايات ئىمتىھان سوئالىغا ئوخشايدۇ . بىز كۆپ ھاللاردا ئىمتىھان سوئالىغا تولۇق جاۋاب يېزىپ بولالماي ئىمتىھان مەيدانىدىن ئايرىلىمىز .

▲ جەمئىيەت چىرىكلەشسە ، خەلق يازغۇچىدىن ئۈمىد كۈتىدۇ .

▲ ئەرلەر ئادالەت ئۈچۈن مۇشت تۈگكەندە ، ئاياللار ساداقەت ئۈچۈن ياش تۆككەندە دۇنيادا ناھەقچىلىك بولمايدۇ .

▲ قەپەستىكى قۇشقا نىسبەتەن قەپەس ۋەتەن ۋە ھاكىمىيەتتۇر .

▲ سىلەردە ئاياللارغا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان روھ بولۇشى كېرەك ، چۈنكى ئۇلار ئەڭ ياخشى ھەمراھ . سىلەردە ئاياللارغا ئۆزىنى تۇتتۇرۇپ قويمايدىغان ئىدىيە بولۇشى كېرەك ، چۈنكى ئۇلار ئەڭ شېرىن دۈشمەن .

▲ بىر نەرسىگە ئېرىشىش يەنە بىر نەرسىدىن مەھرۇم بولۇش دېمەكتۇر .

▲ ئەرلەر مەيدىسىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرسە ، بۇنىڭدىن بىر خىل قەيسەرلىك ۋە مەردلىك چىقىپ تۇراتتى . ئاياللار مەيدىسىنى ئوچۇق قويۇپ يۈرسە ، بۇنىڭدىن نېمە چىقىپ تۇرۇۋىدىغاندۇ ئەمدى ؟ !

▲ خەلق ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىگە بويسۇنغۇچىدۇر .

▲ ئادالەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە ھەققانىيەت ئۈچۈن قۇربان بولغانلار ئەخمەق

ھېسابلىنىدۇ.

▲ ناۋادا تەڭرىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولسا ئىدى، ئىنسانلار تەڭرىنىمۇ پارىخور قىلىۋەتكەن بولاتتى.

▲ مىڭ قاتىلدىن بىر پاھىشە يامان.

▲ ئاجىزلار پەقەت بىرلا نەرسىگە ئېرىشىدۇ، ئۇ بولسىمۇ تەسەللىي.

▲ قائىدە-تۈزۈم ۋە يىغىن كۆپ بولغانسېرى خىزمەت ئاقمايدۇ، خىزمەت ئاقمىغانسېرى قائىدە-تۈزۈم ۋە يىغىن كۆپ بولىدۇ.

▲ سۆيگۈ ناخشىسىنى گاچىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلا.

▲ ئادەم پۇلنى بۇزىدۇ، ئاندىن پۇل ئادەمنى بۇزىدۇ.

- ئابدۇقەييۇم ئەيسا

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر ھاسىلاتلىرى

▲ ئەگەر ھاياتنى بىر مەيدان قارتا ئويناشقا ئوخشاتساق، ھاياتلىقتىكى مەقسەت-مۇددىئالىرىڭ دەل سېنىڭ قولۇڭدىكى قارتا. قارتا ئوينىساڭ قولۇڭدىكى قارتىلىرىڭنى ئاشكارىلاشنى خالىمايسەنغۇ دەيمەن!

▲ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇۋدىغان ئادەم - ئۆزىدە نېمىنىڭ كەملىكىنى بىلەلىگەن ئادەمدۇر.

▲ بىز ئەرلەر تويدىن بۇرۇن مەھبۇبىمىزنى «ئاي»غا ئوخشىتىپ ناخشىغا قاتقان بولساقمۇ، ئەمما تويدىن كېيىن «ئاينىڭ دېغى بار»لىقىنى ئۇنتۇپ قالىمىز-دە، تۇرمۇش كېمىمىز «ئازغۇن»لۇق شامالىرىغا دۇچ كېلىدۇ. ئاياللارمۇ ھەم بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس.

▲ دورىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تاتلىق بولمىغىنىدەك، گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياخشى بولۇشى ناتايىن.

▲ پەيتى كەلگەندە ھېچ ئىككىلەنمەيلا دۈشمەننىڭ بوغۇزىغا تەڭلىگىلى بولىدىغان قىلىچ - غىلاپ ئىچىدە ساقلانغان قىلىچتۇر.

▲ ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئەرەب دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ «ئامېرىكىغا ياردەملىشىپ، ئىراقتا دۆلەت مۇداپىئەسىنى قوغداش قىسىملىرى ئەۋەتىش» كە قوشۇلماسلىقى دەل - «تازىنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن»نىڭ جانلىق تىمسالى..

▲ ئوقۇتقۇچى ئازار يېگەن كۈن - مائارىپ زەھەر يېگەن كۈن.

▲ - ياۋاش-يۇمشاقلىقنى ئەخلاق ئۆلچىمى قىلىۋېلىپ نېمە قىلماقچى؟

- باشقىلارنى ھېچ ئىش قىلالمايدىغان.

- ئەكبەرجان ئەخمەتنىياز ئۇيغۇر تاپمىش

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

ئەي قىز، يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشنى گۈزەللىك دەپ بىلگىنىڭدە، ئۈستۈڭدىكى قالغان ئىككى پارچە لاتىنى ئېلىۋېتىپ، مەن ۋىناس دەپ كوچىغا چىقىشنى ئويلىدىڭمۇ؟

- خاسىيەت ساملاق

---

ئاپتور: كۈچا ناھىيە چىمەن بازار مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ خادىمى

▲ چۈشىنىڭ گەندىگە قونۇپ كېلىپ ئادەمگە قونۇپ غىدىقىنى كەلتۈرگىنىگە، ھەرىنىڭ گۈل-گىياھقا قونۇپ كېلىپ، ئادەمنى قاتتىق چاققىنىغا ھەيرانمەن.

▲ ئۆرۈشنى تىنچ يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، بىر بولسا ناھايىتى تىنچ مۇھىت ئەكېلىدۇ، بىر بولسا تۈگىمەس بالايىئاپەت ئەكېلىدۇ.

- تۇرامەت مۇھەممەتئىمىن

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە كۆكتېرەك يېزا خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكسەپ ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ

## تەپەككۇر تامچىللىرى

▲ مەرھۇم روزى سايىتنى دېھقانغا دىلداش شائىر دېدۇق. ئۇنداقتا، يۈسۈپجان ساۋۇت شورلۇقنى دېھقانغا دىلداش يازغۇچى دېسەك ئارتۇقلۇق قىلماس.

▲ دوستلۇرۇڭ بىلەن ئىناق ئۆتەي دېسەڭ ئارتۇقچە گۇمان قىلما.

▲ ھەرىنىڭ نەشتىرى تۇرۇپمۇ كىچىككىنە كۆنەككە پاتىدىكەن. ئادەم نەشتەرسىز تۇرۇپ يەرشارىغا پېتىشمايدىكەن. شۇڭلاشقا، خۇدايىم بىلىپ «ئېشەككە مۈڭگۈز» بەرمەپتىكەن.

▲ ئاشپەز نۆۋىتى كەلگەندە ھەممە كىشىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدىغان ئىككىنچى خۇدا.

▲ ھەرقانچە كاتتا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇساڭمۇ، جەمئىيەتتىن ئىبارەت كۆپ ئىقتىدارلىق ئۇنىۋېرسال مەكتەپتە ئوقۇمىساڭ «رىيالىي، قىلغان ئىشى خىيالىي»بوپقالىسەن.

▲ سەن باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ ياخشى يولغا مېڭىشقا يېتەكلىگەندە قارشى تەرەپ قوشۇلمىسا، «كۆتۈڭنى قىسىپ، يولۇڭغا ماڭ»، بولمىسا، مەڭگۈ ئۆچ بوپقېلىشىڭلار مۇمكىن.

▲ ھازىر خېلى كۆپ قىسىم شائىر ۋە شائىرەلەر ئاتالمىش گۈڭگىلىقتا ئېسىلىۋېلىپ، ئىزىدا توختاپ قېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ھايات شۇڭقار مۇھەممەتجان راشىدىن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن شېئىرىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلىمەكتە.

▲ ئەختەم ئۆمەر ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق

دوختۇرلار ساقايتىشقا ئامال قىلالمىغان ھەم مەڭگۈ ساقايتالمايدىغان كېسەللەرنى داۋالىدى. بۇنى بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ.

▲ مەن شۇنداق ئويلايمەن: ئاتا-ئانام ھايات ۋاقتىدا ناھايىتى قەدىرلەيمەن، ئۆلۈپ كەتسە ئارتۇقچە قايغۇرمايمەن.

▲ كۆپ ساندىكى كىشىلەر دېھقانلارنى ساختىلارچە كۆيلەپ، دېمىگەن ئۇلۇغ گەپلىرى قالمىدى. ئاخىرىدا «كۆپۈك» تەك لەيلەپ قالدى. مانا بۇلار «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن ھېكمەتنى قايتىلاتتىن ئەسكە سالدى.

**- ئىلىجان ئىبراھىم**

---

ئاپتور يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبە بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئىنسانلارنىڭ غەربلىكلەر ۋە شەرقلىكلەر دەپ ئايرىلىشىنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

▲ ئەگەر راست سۆزلەپ كەلگەن بولساق ئىدۇق، ھەربىر ئېغىز گېپىمىز ھۆججەت، توختام بوپقالغان بولاتتى. ھۆججەت، توختامنامىلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، ماھىيەتتە ئىنسانلار يالغانچىلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

▲ ئاتا-ئانىلار بالىلارنىڭ پەرىشتىسى ياكى دۈشمىنى!

▲ قىزلار ئەخلاقلىق، ھايالىق، بىلىملىك ۋە ئەقىدىلىك بولغان بولسا ئىدى، راستتىنلا پەرىشتىلەرگە ئايلانغان بولاتتى.

▲ ئەيىبكە سەپسېلىش ئەيىب بولغىنىدەك، ئەخلاقسىزلىققا سۈكۈت قىلىشمۇ ئەخلاقسىزلىقتۇر.

**- يۈسۈف ئەفىيفى**

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا يۇقىرى ئىشتارچى كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ دانالارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئۇلار كۆچىيىپ ئەلگە تونۇلغاندا ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئاستا-ئاستا ئازلاپ بارغاندا ئاندىن ھېس قىلىمىز.

▲ كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، كۆڭلۈم بىئارام بولۇشقا باشلىدى: ئۆدۈلۈمدا ئولتۇرغان ياشلار مىللەت توغرىلىق سۆز قىلىشىۋاتاتتى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا خىلمۇ خىل ئېسىل ھاراقلار تىكلەنگەنىدى.

▲ تامنى مۇستەھكەم بولسۇن دېسەڭ ئۇلىنى چىڭ قىل. ئەتىنى مەنىلىك ئۆتسۇن دېسەڭ، بۈگۈندىن ئۈنۈملۈك پايدىلان.

**- ئەنۋەر موللىروزى**

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنىستىتۇتى باغۋەنچىلىك سىنىپى ئوقۇغۇچىسى

▲ ئۆز سىرىڭنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرگەنلىكىڭ ئۆز ھۆلۈڭنى ئۆزۈڭ كولىغىنىڭ بىلەن باراۋەر.

**- رابىيىگۈل ئابدۇراخمان**

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئۇستۇنئاتۇش يېزا قايراق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## ھېكمەتلەر

▲ ھەقىقەت ۋە بەختنىڭ قىممىتىنى بىلەلىگەن ئادەملا ئۇلارغا ئىگە بولالايدۇ.

▲ ئۆزىنى بېغىشلىغۇدەك نەرسىسى يوق ئادەم ئەڭ بىچارىدۇر.

▲ ياش تۆكۈشنى بىلمىگەن ئادەم كۈلۈشنى بىلمەيدۇ.

▲ بارچە ئىش نىيەتكە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا، بەزى ئادەملەر پېشانىسى بىلەن سەجدە قىلىدۇ، يەنە بەزىلىرى قەلبى بىلەن.

▲ ئىنسانلار بىلگەن بولسا ئىدى، ئەڭ ئاۋۋال ئاياللارنى ئوقۇتقان بولاتتى.

**- يۈسۈپجان سەمەت**

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا يۇقىرى ئىشتارچى كەنت ئۇلۇغ ھويلا مەھەللىسىدە، دېھقان

▲ سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىش گاھى ئامالسىزلىقنىڭ ئىپادىسى بولسا، گاھى بىر خىل ئەڭ مۇۋاپىق تاللاش ھېسابلىنىدۇ.

**- ئابلىز ئوسمان يەركەندى**

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ قاراقچىلار مائارىپنى چۈشەنگەن بولسا، قەھرىمانغا ئايلانغان بولاتتى.

**- ھۆسەنجان نامان**

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ نۆۋەتتە كەلگەندە بىزگە يازغۇچىلارنىڭ توم-توم كىتابلىرى ئەمەس، بەلكى پەقەت بىر جۈملە سۆزى كېرەك، ئۇ بولسىمۇ ھەق گەپتۇر.

▲ پەزىلەتلىك ئادەم ئەقىللىق ئادەمدۇر. ئەمما ئەقىللىق ئادەمنىڭ ھەممىسى پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشى ناتايىن.

▲ نادانلار ئەندىشىگە چۈشىدىغان ۋە قەبىھلىشىپ كېتىدىغان چاغ، دەل باشقىلار ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەن چاغدۇر.

**- مەتسەيدى مەتقۇربان**

ئاپتور : كېرىيە ناھىيە سىيەك يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ئامېرىكا ئىسرائىلىيە - پەلەستىن توقۇنۇشىنى توختىتىش ئۈچۈن ئىككى پارچە دوكلات ئەكېلىپ ئۇلارغا سۇندى : بىرى ، « تېررورلۇقنى توختاتقاندىلا »دېگەن ماۋزۇدا ، يەنە بىرى ، «ئەڭ ئىلغار باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ لايىھىسى »دېگەن ماۋزۇدا ئىدى .

▲ دۈشمىنىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمىغان كىشى ئاخىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان بولىدۇ .

- ئەخمەتجان كېرىم

ئاپتور : قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

## ھەقىقەت يالدامىلىرى

▲ ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلۇقى شەكسىز . كائىناتنى كۆزىتىۋاتقان كۆزىمىز بۇنىڭ شاھىدى .

▲ بىلىش كېرەككى ، جەننەت ئەتراپىنى كۆڭۈل تارتمايدىغان نەرسىلەر قورشىۋالغان ، شۇلارنى بۆسۈپ ئۆتمىگىچىلىك جەننەتكە كىرگىلى بولمايدۇ . دوزاق ئەتراپىنى بولسا كۆڭۈلگە ياقىدىغان نەرسىلەر قورشىۋالغان ، شۇڭا دوزاققا كىرىدىغانلار كۆپ بولىدۇ . چۈنكى ئۇ كىشىلەرنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ .

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ دۇنيادا گۇپپاڭچىلىق قىلىدىغانلار تولا ، ئەقىل كۆرسىتىدىغانلار ئاز .

▲ تۇنۇگۇن ئەجدادلارغا ، بۈگۈن بىزگە ، ئەتە ئەۋلادلارغا مەنسۇپ .

▲ تەقلىدىي ئىماندا نىجاتلىق يوقتۇر ، كۆز قاراش چۈشەنچىگە ئايلانمىغۇچە ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ .

▲ ئۆمرۈڭنى يىل ساناپ ئەمەس ، تۆھپە ساناپ ئۆتكۈزۈشنى بىل .

▲ دۇنيادا ئەسكى كىشىلەر بولغاچقىلا ياخشى كىشىلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىكەنمىز .

▲ ئەمەلدارلىق تونى قارىماققا قىزىلگۈلگە ئوخشايدۇ ، پۇرىقى خۇش پۇراق ، تەمى يامان ئەمەس ، ئەمما بىر يېرى ، ئاسان توزۇپ كېتىدۇ .

- مۇھەممەتتوختى ئاتاۋۇللا

ئاپتور: خوتەن ناھىيە سېغىزكۆل يېزا ئۆرنۇش مەھەللىسىدە ، دېھقان

* * *

▲ ئىسرائىلىيىلىكلەر پەلەستىن زېمىنىدا سېلىنىۋاتقان «پاسىل تېمى»ئەينى ۋاقىتتىكى گېرمانىيە «بېرلىن تېمى»نى ئەسلەتسە ، ئىسرائىلىيە زۇڭلىسى شارون قانخور جاللات ھىتلېرنى ئەسلىتىدۇ .

- ئابلەت ياسىن

ئاپتور :شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار داۋاملىق مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىنسان بۇ دۇنيادا ھېچ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەمەس ، ئۇ پەقەت ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكۈچىدۇر ، خالاس . چۈنكى ئۇ دۇنياغا كەلگەندە قانداق كەلگەن بولسا ، كېتەرىدىمۇ ھەم شۇنداق .

- مەمتىمىن ساۋۇت

ئاپتور : چىرا ناھىيە ئۇلۇغساي يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ دوستۇم دېيىشتىن ئاۋال مەن دوستىمۇ دەپ ئويلا .

▲ ئاياللار يېرىم يالىڭاچ كوچىغا چىقىۋالدى دېگەندىن كۆرە ئەرلىرىمىزنىڭ ئاياللارغا كۈچى يەتمىدى ،دېگەن ياخشىراق .

▲ «ئاناڭغا تۇرامسەن ، ماڭىمۇ» دېگەن سوئالنى ئەردىن سورىغان ئايال ھەقىقىي ئازازۇلدۇر ..

- ئېلى توختى (ئەينەك)

ئاپتور :باي ناھىيە مىجىغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ بىر ئادەمنىڭ بەختلىكلىكى سۆيگەنلىكىدە ئەمەس ، سۆيۈلگەنلىكىدە .

▲ سائەت چىكىلداپ مېڭىپ ئادەمنى رامكىغا سولايدىغان يول كۆرسەتكۈچ .

- ئايزىمگۈل ئەيسا

ئاپتور : يەكەن ناھىيە ئازادباغ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمەسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

### توغرا چۈشىنىش

توغرا چۈشىنىش - زامانىمىز «زىيالىي»لىرى ئۆزىنىڭ ئائىلىلىرىدە يوز بېرىۋاتقان ئاتىلىق ھۆرمىتى ۋە ئەرلىك غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئەخلاقسىزلىقلارنى توسۇشقا ئامالسىز قالغاندا ، ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسەللىي بېرىشتە ئومۇملاشقان بىر تۇراقلىق سۆز .

### ئاشكارا مەخپىيەتلىك

مۇستەملىكىچىلەر ھەمىشە يات ئەلگە ئازادلىق

باھىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ .

## ھايا

رىۋايەت قىلىنىشىچە ،تەڭرى ئادەملەرگە تەقسىم قىلىنغان ھايانىڭ توققۇز ئۈلۈشىنى ئاياللارغا ، بىر ئۈلۈشىنى ئەرلەرگە بەرگەنىكەن .لېكىن ھازىر ئاياللارنىڭ بەدىنىنىڭ توققۇز ئۈلۈشى ،ئەرلەرنىڭ بەدىنىنىڭ بىر ئۈلۈشى ئېچىۋېتىلىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ .

- جېلىل ئاۋۇت

ئاپتور : باي ناھىيە توقسۇن يېزا جىغىلاڭ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئۆيلىنىش ۋە مۇلاھىزە

▲ دوستلار ئارا ئىشەنچ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىيەتتىن ، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ساداقەتتىن كېلىدۇ .

▲ بىز يولۋاس بىلەن يولۋاس ، يولۋاس بىلەن توشقان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قاراپ : «كۈچلەر تەڭپۇڭ بولمايدىكەن ، دوست-باراۋەرلىكتىن سۆز ئاچما !» دېيەلەيمىز .

▲ كلاسسىكلىرىمىزدىن بىزگە تەۋەررۇك بولغان كىتابلاردىكى پەند-نەسىھەت ،ئەقىل-ھېكمەت-لەرنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتىم : ئۇلار «ئەخلاق-پەزىلەت ،ئىنساب-دىيانەت ،باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىق »توغرىسىدا تولىمۇ گۈزەل ۋە قايىل قىلارلىق ئىبارىلەرنى يېزىپتۇ . شۇقۇرلار ئارىسىنى يەنىمۇ تەپسىلىي ئىزدىدىم . تولىمۇ ئەپسۇس ! شۇ ھېكمەتلەر ئارىسىدىن ئۆز ھەققىنى باشقىلار يەۋالسا قانداق قىلىش توغرىسىدا ئېلىپنىڭ سۇنۇقچىلىكمۇ ھېكمەت تاپالمىدىم .

- قاھار تۇردى

ئاپتور : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن-ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى

* * *

▲ ئۈتمۈش – مۇستەبىت جەمئىيەتتە ۋەتەن ۋە مىللەتكە مەسئۇلىيەتچان ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ ئەسىرى ئاۋال ئۇنىڭ كېپەنلىكى ،ئاندىن قالسا شۇ شەخسنىڭ قەبرە تېشى بولغان .

▲ نەزىرىمىزدىكى مۇكەممەل ،نۇقسانسىز ئادەم ۋە نەرسىلەر بىزنىڭ خاتا چۈشەنچىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس .

- ئىسرائىل مۇتئىللا

ئاپتور : ئۈرۈمچى ماارىپ ئىنستىتۇتى سىياسىي - قانۇن فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى

## تەپەككۇردىن تامچىلار

▲ ھەقىقەت يا رۆشەنلىنالماي ، يا سۇنماي ئېگىلگۈەرگەچكە رەزىللىكنىڭ بوي-بەستى ئۆسۈپ كېتىۋاتىدۇ .

▲ سەن ئۆزۈڭنى ئاجىز چاغلىما ،قارا ، ئاۋۇ كىچىككىنە چۈمۈلىگە !

▲ سۆيگىنىڭىزنى قۇياشقا ئوخشىتىپ تەرىپلىشىڭىز سىزدىكى ئەڭ چوڭ ئەخمەقلىق ،چۈنكى قۇياش بارچىمىزگە مەنسۇپ ، ئۇ ھالدا سۆيگىنىڭىز-مۇ . . .

▲ سەن ئۇنىڭ تەستىكىگە غەزەپ بىلەن بىرنى سالدىڭ ، ئۇ شۇزامات ئىچىگە قاتتىق تىنىپ : «ئۇھ ! »دەۋەتتى .ئاگاھ بول ، بۇ «ئۇھ ! »ھەرگىزمۇ يەل ئەمەستۇر ! . . .

▲ مەن «ئەركىنلىك ئىلاھى »نىڭ ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ قويىدىغانلىقىنى قىلچىمۇ ئويلىمىغانىدىم .

▲ ھەقىقىي ئازاب ۋە خورلۇقنى يەرشارىلا تونۇپ يەتتى .

▲ مەن پۇلنى تىللىغۇچىلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ قالدىم : ئۇلار پۇلنى ئېغىزلىرىدا تىللاشقىنى بىلەن ، چىن يۈرىكىدىن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ ياشايدىكەن ئەمەسمۇ ؟

▲ كىم ئۆزىنىڭ «تەڭرى »ئىكەنلىكىنى ھېس قىلسا ، شۇ ھەقىقىي باتۇرغا ئايلىنىدۇ .

▲ مەن كەمچىلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ ئېيتىشنى خالىمىغان دوستتىن ، ئارقامدىن سۆزلەيدىغان غەيۋەتخور دۈشمىنىمنى ئەلا بىلىمەن .

▲ تەڭرىنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىدىن ساقلىناي دېسەڭ ئەڭ ئاۋۋال ئاچچىق ھاراقتىن ساقلان .

- ئىبراھىم ھاجى (زىيا )

ئاپتور :شىخۇ شەھەر 2-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ ھوقۇق ئانىنىڭ ئەمچىكىگە ئوخشايدۇ ، ئەمسە تاتلىق ،ئايرىلغاندا ئاچچىق كېلىدۇ . ئىشەنمىسەڭ ، بەزىلەر ھوقۇقتىن ئايرىلغان چاغدا ، ئەمچەكتىن ئايرىلغان بالىدەك ئاچچىقتىن سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ ؟

- ئىمىنجان كېرەم (ھارۋىكەش)

ئاپتور : كورلا شەھەر ئاۋات يېزا ئاقئېرىق كەنتىدە ، دېھقان

www.uyghurkitap.com

## ئاددىي ھەقىقەتلەر

▲ ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە كېلىدىغان بالايىئاپەت ئېغىزىدىن باشلىنىدۇ.

▲ دوستلىرى يوق بىلىمدار، ئوقۇرمەنلىرى يوق كىتابقا ئوخشايدۇ.

▲ جىنايەت رېئاللىققا توغرا مۇئامىلە قىلالماسلىقتىن، تراگېدىيە ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

▲ ئىشەنچىنىڭ يوقىلىشى ھايات قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ جازاسىدۇر.

▲ پۇشايمان - ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى تونۇشى ئۈچۈن بېرىلگەن سىگنال.

▲ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھازىر ئوقۇرمەنلەرنى ئالدى بىلەن ئەڭ كۈلدۈرىدىغىنى ھەم ئويلاندۇرىدىغىنى ئەدىب، ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسىرى ئەمەس، بىر-بىرىدىن قىزىقارلىق قويۇلغان تەخەللۇسلاردۇر.

▲ ھاياتنى تېپىشماققا ئوخشىتىش، ئۇنىڭ جاۋابى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

▲ بىزنىڭ كىملىكىمىزنى باشقىلار ئاۋۋال تىلىمىزدىن بايقايدۇ. شۇڭا تىل - بايراقتۇر.

▲ سەمىمىيلىك - ئەڭ ئاددىي ھەقىقەتتۇر.

▲ ئۆز-ئۆزۈڭدىن نارازى بولغاندا باشقىلار بەرگەن تەسەللىي، بىلسەڭ يۈزۈڭگە ئۇرۇلغان بىر كاچاتتۇر.

▲ باشقىلارنىڭ ياخشىلىقى سەن ئۈچۈن ۋاقىتلىق سايە. بىلگىنكى، ھەقىقىي ياخشىلىق ئادەمگە ئۆزىدىن كېلىدۇ.

▲ قەدىر-قىممەت ئادەمنىڭ ياشاۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بەلگە.

▲ ھەممە ئادەمنىڭ مەخپىيىتى بولغاچقا، ھەربىر ئادەمنىڭ كۆڭلى ئۆزىگە پادىشاھ.

▲ ھەقىقەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنەي دېسەڭ، قاراڭغۇ تۈندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ باق.

▲ ئۇستازلار ساپاسىز، شاگىرتلار ساۋاتسىز بولغاندا، مائارىپ تەشۋىقاتقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

▲ ئالەم شائىرلارنىڭ كۆزىگە ئەڭ گۈزەل، پەيلاسوپلارنىڭ كۆزىگە ھېكمەتلىك، ئالىملارنىڭ كۆزىگە سىرلىق كۆرۈنگەچكە، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى خىلمۇ خىل.

▲ دوختۇرخانىلارنىڭ ئەرلىكنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى داۋالاش ئېلانلىرى ئەرلەرنى ئۈچۈقتىن ئۈچۇق تىللاشتۇر.

▲ تەسەللىي كۈتۈش - ئادەملەرنىڭ ئاجىزلىقىنى باشقىلارغا ئاشكارا قىلىشتىكى ئۇسۇلىدۇر.

▲ موھتاجلىقتىن تۇغۇلغان ئارمان قورساقنىڭ ئاچلىقىغا، مەسئۇلىيەتتىن تۇغۇلغان ئارمان قۇياشنىڭ نۇرىغا ئوخشايدۇ.

▲ ھەقىقىي تارىخ - ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشقان تارىختۇر.

▲ دۇنيادا مەڭگۈ خاتىرجەمسىز ياشايدىغان كىشىلەر، بىرى، ھۆكۈمدارلار، يەنە بىرى، خاتالىقىنى يوشۇرۇپ يۈرگەن كىشىلەردۇر.

▲ ھەقىقىي سەنئەت - ئاۋام روھىنىڭ ساداسى.

▲ ئەر-خوتۇنلارنىڭ ماجىراسى تۈگىمەيدىغان ئائىلە، ئېنىقكى، بۇ ئالەمنىڭ دوزىخى.

▲ ئەھمىيەتلىك ئۆتكەن بىر كۈن ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى، ئۆز قەدرىنى تونۇشتىكى بىر قەدەم.

▲ بۇ دۇنيادا بىرسى ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوقلار، ئىككىنچىسى، سىر ساقلىيالمايدىغانلار، ئۈچىنچىسى، ئەمەلدارلىق كوچىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي دوستى بولمايدۇ.

▲ تەرەققىيات ئىدىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن باشلانغاندا ئاندىن غەلىبە قىلىدۇ.

**- قۇربان ئابلىمىت**

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

* * *

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ئەسەر ئەۋەتىۋاتقان چوڭ-كىچىك ئاپتورلارنىڭ ھەممىسى «ئوبدانلار» بولۇشى ناتايىن. لېكىن مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئۇلار چوقۇم «ئويلىنىۋاتقانلار».

**- ئۇممىيە ياسىن**

---

ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە ئوتتۇرا بۇلاق كەنتىدە، دېھقان

▲ ئاغزىدا، قەغەز يۈزىدە ۋەتەن، خەلقنى كۈيلىگەنلەر ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بولۇشى ناتايىن. مېنىڭچە، قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ياردەم قولىنى سوزغان، يېتىملەرنىڭ، ئاجىزلارنىڭ، غېرىب-غۇرۋالارنىڭ بېشىنى سىلىغان، ئۆز خەلقىنىڭ دەردىگە دەرداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلىرىگە ياش ئاققۇزالىغانلارلا ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر-لەردۇر.

**- ئابابەكرى مۇھەممەت**

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر مالىيە نازارىتى ئىجتىمائىي كاپالەت باشقارمىسىنىڭ خادىمى (M1)




# تەپەككۇر قىلمىۋاتقان ئادەم

## ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى «تەپەككۇر مېۋىلىرى»گە نەزەر

مۇتەللىپ ئىقبال

«تەپەككۇرسىز هايات ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ، ئۆزۈڭنى تونۇ!»سوقرات بۇ سۆزنى قىلغاندا نېمىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن؟ ئادەمنىڭ تامامى مەخلۇقات ۋە ئىككى ئالەم ئارىسىدىكى بارلىق شەيئىيلەردىن پەرقلىنىپ تۇرۇدىغان بىلىش ئىقتىدارى ئاساسىدىكى تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىمۇ ياكى ياشىشنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىسىز هېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان خۇسۇسىيىتىنى كۆزدە تۇتقانمۇ؟ سوقراتنىڭ يۇقىرىقى سۆزىنى مەيلى ئادىمىلىك نۇقتىسىدىن شەرهىيلىمەيلى، مەيلى ئىنسانىي كامىللىق دەرىجىسىدىن ،دەۋر تەلىپىدىن چۈشىنەيلى، بۇنىڭدىن ئەڭ ئەقەللىي شەرتنىڭ ئادەمنىڭ ياشاش جەريانىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈنلۈكنىڭ پەقەت ئۆز-ئۆزىدىكى ئۇستۇنلۇك ۋە بايلىق تەپەككۇر ۋاستىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدەك شەرهنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ئادەم نېمە ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇيدۇ؟! دەل ئۇخچۇپ تۇرۇدىغان ئىنسانىي ئەۋزەللىك ـ تەپەككۇر ۋاستىسى بىلەن. ئۆزىنى تونۇشتىن ئىبارەت ئىنسانىي بەختنىڭ سەۋەبكارى بولغان تەپەككۇر پائالىيىتىسىز ئادەمنىڭ هاياتى دەرۋەقە هېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. شۇڭلاشقىمۇ سوقراتنىڭ «تەپەككۇر-سىز هايات ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى قالدۇرۇپ كېتىشى هەم ئۇنىڭ نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئادەمنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ تۈنجى نۇقتىسى بوپكېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغ مۆجىزىسى هېسابلانغان ئادەمنىڭ هاياتى ياشاشقا ئەرزىمەسلىكى دەل ئادەمنىڭ هاياتىغا بولغان ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىر ،دۇنيانىڭ مۇرەككەپلىكىدەك ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلغانىدى. شۇڭلاشقا، ئادەمنىڭ ئۆزىنى تامامەن ئاددىي چۈشىنىشى، هاياتىغا بىنەزەر قارىغان بىپەرۋالىقى ئۇنىڭ تۈرۈلۈش، ياشاش ۋە ئاخىرلىشىش قانۇنىيىتىگە قىلىنغان هاقارەت ئىدى. هايۋانلار بىلەن ئادەملەرنىڭ ياشىشىدىكى پەرق زادى نېمە؟ ئاڭ ـ ئىدىيە هەرىكىتى. شۇڭلاشقا ئادەم بىر پۈتۈن ياشاش جەريانىدا ۋاستىگە موهتاج بولغىنىدەك ،روهىي تۈۋرۈكى هېسابلانغان ئىدىيە-مەپكۇرىسىنىڭ شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى تەپەككۇر ۋاستىسىگە موهتاج بولغانلىقتىن ،ئادەملەر قىممەت روهىي مىراسى ـ ۋۇجۇدىدىكى تەپەككۇر (ئىلاھ)نى چۈشىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى شەرت.

تەپەككۇر بىر خىل پەن. دەۋرىمىز

www.uyghurkitap.com

كىشىلىرىنىڭ بۇ پەنگە بولغان تونۇشى يوق دېيەرلىك. گەرچە بۇ پەن تەتقىقاتى باشقا ئەل خەلقلىرىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بىزدە تېخى تەپەككۇر ئۇقۇمىغا ھەقىقىي جاۋاب بېرەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز بولدى. تەپەككۇر قىلىپ ياشىغانلار بولسا، كىشىلىرىمىز تەرىپىدىن «دەۋرنىڭ سارىڭى» دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى جۆيلىگەنلىك، ئويغاق تۇرۇپ چۈش كۆرگەنلىك ھېسابلىنىپ ھېچكىم كۆزگە ئىلمىدى. يەنە بىر ئاچچىق مەسىلە شۇكى، جەمئىيىتىمىزدە بىر مەسىلە ئۈستىدە باشقىچىرەك پىكىر قىلسا، تەنگە سىڭگەن نېنىنى يېمەيدىغان، جەمئىيەتنى چۈشەنمەيدىغان ھېسابلىنىپ يەكلىنىشكە ئۇچرىدى. ئۇ كىشى مەسىلىلەرنى باشقىلاردىن باشقىچىرەك كۆز بىلەن كۆرۈپ، تەھلىل قىلىدىغان بولغاچقا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ئاشۇ غەلىتىلىكى تۈپەيلى كۆزگە ئىلىنمىدى. بىزدە ھادىسىنى يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال كۆرۈدىغان كۆز بولمىغاچقا، شۇ ھادىسە يۈز بېرىپ ئىشىكىمىز ئالدىغا كەلگىنىدە ئاندىن شۇنىڭغا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدىغان، ھەرىكىتىمىزنى شۇ ھادىسىگە بىرلەشتۈرۈپ تەڭشەيدىغان پاسسىپ ئەھۋال شەكىللەندى. بىزدە تەپەككۇر قۇرۇلمىمىز، ئۇسۇلىمىز ھەققىدە مۇستەقىل بىلىم سىستېمىمىز شەكىللەنمىگەچكە، قايەرگە بارساق، نېمە قىلساق بۇرنىمىزغا يەيدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. پىكىر قىلىش جەھەتتىكى قاتماللىق ھەقىقەتەن بىزنىڭ ئېغىر مەنىۋى كېسەللىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. شۇڭلاشقا، تەپەككۇر ئۇسۇلىمىز كۆنىسىرى ئۆزگىرىش ياساۋاتقان دۇنياغا نىسبەتەن دادىل ئىسلاھ قىلىشقا موھتاج.

بىر تۈپ دەرەخ بار دەيلى، دەرەخ ھەققىدە ھەركىمنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق كۆز قارىشى - پەلسەپىسى بولىدۇ. رېئاللىقتا ئۇنىڭغا ئاقىلانە پىكىر بىلەن قارايدىغانلارمۇ، ئۇنى ماددا نۇقتىسىدىن شەرھلەيدىغانلارمۇ، ۋەيەنە ئاللىقانداق پەنتۇۋالار بىلەن پىكىر قىلغۇچىلارمۇ بولىدۇ. ئىشقىلىپ، ھەركىمنىڭ ھەرنېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، دەرەخنىڭ مەۋجۇدلۇقى رېئاللىقى ھەقىقەت. كىشىلەرنىڭ ھېلىقى دەرەخ ھەققىدە تونۇش، پىكىر قىلىش دەرىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، بەزىلەر ئۇنى نوقۇل دەرەخكەنغۇ، دەرەخ بولغاندىكىن دەرەخ، دەرەخكە ئوخشىمامدىكىن-يە، دەيدۇ. بەزىلەر دەرەخنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەۋزەللىكى نۇقتىسىدىن پىكىر قىلىدۇ. ئۇلار دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىدا سايىدىغىلى، شاخ-شۇمبىلىرى ئارقىلىق ئىسسىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى، ئۇنىڭ غول قىسمىدىن پايدىلىنىپ ئۆي سالغىلى، تاختاي تىلغىلى بولىدىغانلىقى، يوپۇرمىقىنىڭ سايىداشلا ئەمەس، ئوكسىگېن ئىشلەپچىقىرىپ، ھاۋانى ساپلاشتۇرىدىغانلىقىدەك خۇسۇسىيىتى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. يەنە بەزىلەر دەرەخ ھەققىدە، ئۇ نېمە ئۈچۈن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىدا قانداق تەبىئىي قانۇنىيەت ۋە ئېكولوگىيىلىك قىممەت بار؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئوكسىگېن ئىشلەپچىقىرىدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى نېمىلەرگە باغلىق؟ دېگەندەك پىكىرلەرنى قىلىدۇ. رېئاللىقتا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى پىكىر قىلغۇچىلار بولىدۇ. ۋەھالەنكى، مەيلى كىشىلەر دەرەخ ھەققىدە نېمىلەرنى دېمىسۇن، قانداق بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويمىسۇن، بەھس-مۇنازىرىلەر دەرەخنىڭ ئاددىي كۆرۈنۈشىدىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئىلگىرىلىگەن بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا قىياس قىلىپ ئۆتكەن پەرەزلەر بويىچە ئېيتقاندا، بىرىنچى تۈركۈمدىكى كىشىلەر ئۈچۈنچى ئېيتقاندا ئادىمىيلىك سالاھىيىتىگە توشمايدۇ. سوقراتنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتساق، ئۇلارنىڭ ھاياتى ياشاشقا ئەرزىمەيدۇ. ئۇلار توغرىسىدا ئارتۇقچە گەپ قىلىش ھاجەتسىز. ئۇلار ئۆز تەقدىرىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ھايۋان بىلەن بولغان پەرقىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشى كېرەك. ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر خېلى ئاقىلانە پىكىر قىلغاندەك، ئېيتقانلىرى دەرەخ ھەققىدىكى ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەت ھەقىقەتەن ئادالەتلىك بولسا، ئۆز زامانىسىنىڭ ئۆلچەملىك پۇقراسى، بەختلىك ئادىمى بولالايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئۆز تەقدىرىنىڭ نېمىلىكىنى بىلسىمۇ ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان كىشىلەر بوپقالىدۇ. ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى كىشىلەر بىز ھەرقانچە ئارزۇ قىلساقمۇ رېئاللىقتا ئانچە كۆپ بولمايدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەر دەرۋەقە ئۆز قەۋمىگە، خەلقىگە، زامانىغا مەسئۇل بولالايدۇ. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى يېگانە سەركىلەر - يولباشچىلار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى قولىغا ئالالايدۇ، تەقدىر تىزگىنىنى ئۆزى تارتالايدۇ. قىسقىسى، يەكۈنلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى، تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىدىن كەلگەن بولىدۇ.

«ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۇنى بىر مۇكەممەل سىستېمىغا ياكى پەن-تېخنىكىغا ئايلاندۇرالىغان مىللەتنىڭ تەپەككۇرى، تەپەككۇرى بىخ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان مىللەتتىن ئۈستۈن (ھۆكۈمران) ئورۇندا تۇرغان. تەپەككۇرى تەرەققىي قىلغان مىللەت ئۆزلۈكسىز بەرپا قىلىش جەريانىدا ئۆزىنى بارغانچە تاكامۇللاشتۇرۇپ، چارە - تەدبىرگە ئۇستا، يىراقنى ئويلايدىغان، مەنپەئەت قارىشى ئېنىق، سىياسىي ئاقىۋەتلەرنى تولۇق كۆرۈپ يېتەلەيدىغان مىللەتكە ئايلانسا، تەپەككۇرى تەرەققىي قىلمىغان مىللەت تەبىئەتتىن يارالغان پېتى تەبىئەتكە، ئىنسانىيەتكە يېقىن ھالدىكى ساددا ۋە ئىپتىدائىيلىقىدا قالىدۇ. تەپەككۇردىكى بوخىل

تەڭپۇڭسىزلىق تۈپەيلى دۇنيادىكى ئېزىش-ئېزىلىش، بويسۇنۇش-بويسۇندۇرۇلۇش ۋە مۇستەملىكە بارلىققا كەلگەن» دەيدۇ ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەممي. دەرۋەقە، گېرمان مىللىتىنىڭ تىپىك پەلسەپە مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىشىدە سوغۇققان تەپەككۇرى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغانىدى. ئۇلار تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شېئىرىي مىللەتكە خاس ساددا قىزىققان، يەڭگىل پوزىتسىيە بىلەن ئەمەس، بەلكى تارىخىي ساۋاق ۋە ۋۇجۇدىدىكى مىللىي گېن بەلگىلىگەن سوغۇققان نەزەر بىلەن كۆزىتىپ، ئەقلىي پىكىر قىلىشنى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ دەپ بىلگەچكە، بۈگۈنكى كۈندىكى ئېغىر سانائەتتە تەرەققىي قىلغان خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق دۆلەتكە ئايلانغانىدى. بۈگۈن گېرمانلارنىڭ تىپىك پەلسەپە مىللىتى ئىكەنلىكىدىن ھېچكىم گۇمانلانمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ پەلسەپە مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىشىدە نەچچە يۈز يىللىق تەپەككۇر ئىسلاھاتى مۇھىم رول ئوينىغانىدى. 18-ئەسىردىكى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى فرانسۇزلاردا كەڭ كۆلەملىك پىكىر ئىنقىلابى قوزغىيالىغاچقا، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ جۈملىدىن شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى بوپقالغانىدى. شۇڭلاشقا، تەپەككۇرى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە مۇناسىۋەتلەردە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشى قانداقتۇر ئالاھىدە ئەھۋال ئەمەس. تەپەككۇر قىلىش - تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ئەقلىي پىكىر قىلىش ھېسابلانغانلىقتىن، بۇنداق ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىدىكى (قۇياش)نى يارىتىش، پارلىتىش جەريانى ئادەمگە نىسبەتەن يۈكسىلىش ۋە مۇللۇقنى بەرسە، بىر پۈتۈن مىللەت نۇقتىسىدىن شۇ مىللەتنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن تاكامۇللىشىش جەريانى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ۋۇجۇدى روھىي كۈچ-قۇۋۋەتلەرگە باي مىللەتنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارى چەكسىز بولغاچقا، ئۇلار پەيدىنپەي ئىجاد قىلىش جەريانىدا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تۈرلۈك ئىختىرا ۋە كەشپىياتلار بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ئىجادچان مىللەتنىڭ روھىي كۈچى قېرىمىغاچقا، ئەجداد ئورنىغا ئەۋلادلار ۋارىسلىق قىلىش ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ زامان ۋە ماكاندىكى خاسلىق (ئوبراز)نى قۇرۇپ چىقالايدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قايسى مىللەت ئۆزى ۋە جەمئىيەت ھەققىدە پىكىر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىپ كەسكىن ئىسلاھات قوزغىيالىدى، شۇھامان شۇ مىللەت باشقىلارنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىپ، جاھاننىڭ يەكتاسىغا ئايلاندى. قەدىمكىنى قويۇپ ھازىرقىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۈزلۈكسىز تەپەككۇر قىلىش ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۆسۈشى ئۈچۈن بايلىق بولدى. تەپەككۇر قىلىش يالغۇز ئادەمنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئۈزلۈك تونۇشىلا بولماستىن، روھىي كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ بىۋاستە ئېنېرگىيىسى بولغاچقا، خاسلاشقان، ئۆتكۈر بەدىئىي تەپەككۇر بىزنى يەن ئىشكىدىن ئىختىرا ئالەمگە باشلاپ كىردى. سەن جاھانغا ئۆزۈڭ ياسىغان نەرسىلىرىڭ، ياراتقان ئىقتىسادىي بايلىقلىرىڭ، پەن-تېخنىكىدىكى تۈرلۈك يېڭىلىقلىرىڭ بىلەن، جاھاندا بىزلەرمۇ ياشاۋاتىمىز دېيەلىسەڭ، بۇ، ئۆز-ئۆزۈڭنى تارىخ سەلتەنەتلىرىدىن قورۇق نەزەرىيىلەر بىلەن ماختىنىپ تۇرۇپ ئېيتقان مىڭ مەرتىۋە سۆزۈڭدىن ئەلا بولىدۇ. نيۇتون يېقىنقى زامان فىزىكىسىنىڭ ئۇل-ئاساسچىسى، ياراتقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ زور قورال ئىكەنلىكىنى بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت تەپەككۇر تارىخى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئىنسانىيەت نيۇتون ئارقىلىق ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ قۇدرەتكە تايىنىپ ئىچكى ئىرادىسىنىڭ غالىبلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى چۈشەندى. ئالمىنىڭ يەرگە چۈشۈشىدىن ئىبارەت تەبىئىي ھادىسە نيۇتون تەپەككۇرىنى شۇنداق بىر كۈچ بىلەن تەمىنلىدىكى، ئۇ ھېچقانداق مۇشەققەتسىز، تەجرىبىسىز، سېكۇنت ئىچىدىلا يەرشارىنىڭ تارتىش قانۇنىيىتىنى يەكۈنلەپ چىقتى. ھازىر ئىنسانلارنىڭ قىلىمەن دېگىنىنى قىلالىشى، پەن تەتقىقاتىنىڭ ماددىنىڭ مالېكۇلا ھالىتىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئىنچىكە ساھەلەر بويىچە ئىلگىرىلەپ كېتىشى، كۈندىن كۈنگە يېڭىلىنىشى يەنى ئۇچۇرنىڭ پارتلاش تېزلىكىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر دەۋردىكىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە قاتلىنىپ كېتىشى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئەقلىي پارتلاش جەريانى تەپەككۇردىكى ئۈزلۈكسىز ھالقىش ھادىسىسى بولغاچقا، تونۇگۈن ئىگىلىگەن بىلىمنىڭ بۈگۈن كونىغا ئايلىنىشى، تونۇگۈن سەلتەنەت سۈرگەن مىللەتلەرنىڭ بۈگۈن ئاللىقانداق بۇلۇڭلاردا ئۇنتۇلۇپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس بوپقالدى. يەنە كېلىپ، بۈگۈنكى دۇنيا ئىنسانىيەتنى پۈتۈنلەي ئەقلىي كۆز بىلەن جاھانغا نەزەر سېلىشقا قىستىغاچقا، بەزى ئىختىرالارنىڭ ۋاقتى ئۆتسە، يەنە يېڭى ئىختىرالارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھاجەت ۋە زۆرۈرىيەت بوپقالدى. «11-سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن ئامېرىكا يولۇچىلار ئايروپىلانلىرىنىڭ ئەڭ جىددىي ھالەتتە ئىسلاھ قىلىنىشى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇرۇنقى ئايروپىلان ياساشتىكى تېخنىكىسى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ يەنىلا ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. گەرچە «11-سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن ئىلگىرى ئامېرىكا يولۇچىلار ئايروپىلانلىرى خەلقئارادا ئەڭ بىخەتەر ۋە تېخنىكىسى ئىلغار ھېسابلانغان بولسىمۇ، شۇ قېتىمقى ۋەقە بىر مەيدان پاجىئەلىك قانلىق تارىخىي ساۋاقنىڭ شاھىدى بوپقالدى. ئامېرىكىلىقلار ئايروپىلانلىرىنى ئەمدىلىكتە ئەڭ يېڭى تەپەككۇر لايىھىسى بىلەن ئىشلەپچىقاردى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەمنىڭ بىلىدىغىنى هامان چەكلىك .شۇ چەكلىك بىلىمنى چەكسىزلىككە ئۇلىغۇچى ،ئادەمنى تېىپزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا ،جىسمانىيلىقتىن ئىنسانىيلىققا باشلىغۇچى روهىي كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ خەرىتىسى ئىنساندىكى ئەڭ ئالاهىدە بىلىش ئىقتىدارى - تەپەككۇر پائالىيىتىدۇر . ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىمى ھەقىقەتەن ئۆزىگە ئۆزى ئۆگەتكەن بىلىمىدۇر . زامانىمىزدىكى تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ئۆزىگە يۈكلىگەن ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر ۋە چەكسىز . ئادەم ۋەزىپىسىنى ئەنە شۇ كۈچ بىلەن ئورۇندايدۇ .

«ئادەم دېگەن بىر تۇپ يېكەن، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ئاجىز نەرسە، لېكىن ئۇ تەپەككۇر قىلىدۇ . كىچىككىنە هادىسە ياكى بۇرنىغا گۈپپىدە ئۇرۇلغان گازمۇ ئادەمنى گۆر ئاغزىغا ئاپىرىپ قويالايدۇ . لېكىن دۇنيادىكى ھەممە شەيئىيلەر بىرلىشىپ ئادەمنى ئۆگدىسىغا بېسىۋالغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن بىر دەرىجە يۇكسەك تۇرىدۇ »دېسە مۇتەپەككۇر پاسكال ،ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمي تەبىئەت دۇنياسىدا باشقا شەيئىيلەرگە قارىغاندا يېكەندەك ئاجىز ئادەمنىڭ دۇنيادىكى شۇنچە كۆپ شەيئىيلەرنى بېسىپ چۈشۈشىدىكى ئۈستۈنلۈك تەپەككۇردىن ئىبارەت، دەيدۇ .

شۇنداق، بىلىم ئۆلۈك نەرسە، بىراق دەۋر ۋە ماكان ئېهتىياجى ئادەمنىڭ توختىماستىن يېڭىلىنىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ . ئۇ هالدا ئادەم نېمىگە تايىنىپ يېڭىلىنىدۇ؟ توختىماستىن بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىقمۇ؟ ۋەهالەنكى، بۇ شەرت تەپەككۇردىكى ھەرىكەت ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ . ئىنسانىيەت خەزىنىسىدىكى شۇ سىرلىق بىلىملەرمۇ تەپەككۇر پائالىيىتى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ۋە بېيىتىلگان . شۇ بىلىملەر تەپەككۇر پائالىيىتى ئارقىلىق جانلىق ئىشلىتىلىپ، ئادەمگە بويسۇندۇرۇلمىسا ئىدى، ھېچكىم «بىلىم-كۈچ »دېمەيتتى .

ئۇنداقتا، تەپەككۇر دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالغا پەيلاسوپلارنىڭ جاۋابى قانداق؟ ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئۇستازى دەپ ئاتالغان بۈيۈك پەيلاسوپ بوۋىمىز فارابىينىڭ قارىشىچە، ئادەم نۇتۇق ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارى تۈپەيلى، ھەممە شەيئىيلەردىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن مۆجىزىدۇر . ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەتنىڭ روهىدا ئەزەلدىنلا ئەقىل مەۋجۇد بولۇپ، ئۇ ئەقىل مۇمكىنلىكتە تۇراتتى . مۇمكىنلىكتىكى ئەقىلنى ئەمەلدىكى (رېئاللىقتا ئىشلەيدىغان )ئەقىلگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن پائال ئەقىل (تەپەككۇر )رول ئوينىشى كېرەك ئىدى . بۇ خۇددى بىزنىڭ كۆزىمىزنىڭ كۆرۈش قابىلىيىتى بولسىمۇ، ئەگەر نۇرنىڭ يورۇتۇشى بولمىسا كۆرۈش قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالمىغىنىغا ئوخشاش، بىلىش قابىلىيىتىمىزمۇ پائال ئەقىل دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىلاهىي نۇر (تەپەككۇر )نىڭ يورۇتۇشى بولمىسا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالمايتتى . پەن ئىنسانىيەتتىكى ئەزەلدىن بار بولغان «مۇمكىنلىكتىكى ئەقىل» - پائال ئەقىل (تەپەككۇر )نۇرىنى قوبۇل قىلىپ رېئاللىشاتتى، «ئەمەلدىكى ئەقىل»گە ئايلىناتتى . ئەقلىي بىلىش تىل ۋە تەپەككۇرنى قورال قىلىدىغان ئابستراكتسىيە ۋە مۇهاكىمە جەريانى يەككىلىكلەردىن ئومۇملۇقلارنى ،ماهىيەتلەردىن ھەقىقەتلەرنى بىلىش ۋە ئىسپاتلاش جەريانىدىن ئىبارەت . ئەقىل ئادەم مېڭىسى بولۇپ، ئۇ سەزگۈر ئەزا ۋە تەپەككۇر بىلەن بىللە ئادەمدىكى بىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ ،دېگەنلەردىن ئىبارەت . يۈسۈپ خاس هاجىپ ۋە مەهمۇد كاشغەرىي بوۋىلىرىمىزنىڭ قارىشىچىمۇ ،ئادەم ئەقىل ئارقىلىق تاشقى دۇنيانى سەزگۈچى ،بىلىم ئالغۇچى ۋە تەپەككۇر ئارقىلىق پەزىلەت يېتىشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتقۇچى ئىدى . پائال ئەقىل (تەپەككۇر )نىڭ ياردىمىدە ئىچكى قابىلىيىتىنى ئېچىش پەزىلەت - كىشىلىك قىممەت يارىتقۇچى هېسابلاندى .

شۇنداق، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى دېگىنىمىز - شەيئىيلەرنى ۋاسىتىلىك ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ بىلىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت ئىدى . كىشىلەر تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىقلا شەيئىيلەرنىڭ ماهىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرەلەيتتى . تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى بىر خىل ئالىي دەرىجىدىكى بىلىش ئىقتىدارى بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ،لوگىكىلىق ۋە جانلىقلىقتىن ئىبارەت شەرتلەر ئارقىسىدا ئىشقا ئاشاتتى . شەخسنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلگەن - يېتىلمىگەنلىكى شۇ كىشى تەپەككۇرىنىڭ ئويغاقلىقى ۋە ئۆلۈكلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . تەپەككۇرى ئويغاق كىشىنىڭ قەلبى ئويغاق بولىدۇ . تەپەككۇرى ئۆلگەن كىشىنىڭ روهى چىرىپ جىسمى قالىدۇ . هاياتنىڭ ئۆزىنى بىر مەيدان تەپەككۇر پائالىيىتى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن جەڭگاھ دېسەكمۇ بولىدۇ . بۇ جەڭدە هامان قەلبى ئويغاق كىشىلەر ئۇتۇپ چىقىپ، ئۆز-ئۆزىگە مۇستەقىل خوجا بولالايدۇ، ئۆز تۇرمۇشىنى باشقىلارنىڭ ياردىمى ،خەيرىخاهلىقى، ئاللىقانداق نەيرەڭلەر يوشۇرۇنغان ئىجتىمائىي فۇنكسىيە بىلەن ئەمەس ،كۈچ-قۇۋۋىتىگە ،پاراسىتىگە تايىنىپ قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە ئۆز-ئۆزىنى يارىتىدۇ .

«پىكىر قىلىش ئەڭ قاتتىق ئەمگەك، شۇنداقلا مەنىۋى هوزۇرلۇقنىڭ يۇقىرى پەللىسى، پىكىر قىلىۋاتقان ئادەم ئەڭ هۇر ئادەم، - دەيدۇ ئابدۇقادىر جالالىددىن، - ئىنسان پىكىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالىي ماقامىنى يارىتىدۇ ۋە ئۇنى ئىپادىلەيدۇ . ئىپادىلەش پىكىرگە نىسبەتەن يەنە بىر قېتىم پىكىر قىلىشتۇر . پىكىر قىلىش ئىنسان مەۋجۇدلۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈدىغان زۆرۈر ئەمگەك . ئادەم ئۇنىڭغا بېرىلگەنسېرى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي

خاسلىقىنى جۇلالاندۇرۇپ، چاقناپ، مەنىۋى كۆزى بىلەن ھەقىقەتتىن ئىبارەت بۈيۈك پىرامىدانىڭ سىماسىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ». ئىنسانغا پىكىر قىلىشتىن ئىبارەت بۇ خاسلىق يارىلىشىدىنلا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت ئىدى. پىكىر قىلىشنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت دەپ بىلگۈچىلەر ئەنە شۇنداق ھەقىقەتنىڭ جاكارچىسى بولالايتتى. ئۇنىڭغا ئۆزى ئەمەل قىلغىنىدا تىرىك ھەقىقەتكە ئايلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيا كۈنسېرى تەرەققىي قىلىپ يېڭىلىنىپ، مۇرەككەپلىشىپ بارغاچقا، ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقان ئىنسانىيەت نېمە قىلىش ھەققىدە ئەڭ چوڭ سوئالغا دۇچ كەلدى. ئۆزلۈكسىز رەڭگا رەڭلىشىۋاتقان دۇنيا كىشىلەرنى بارغانسېرى يېڭى ئۇسۇل، يېڭى تەپەككۇر، يېڭىچە قاراش بىلەن ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى تونۇشقا قىستىدى. كىشىلەر ھەرىكىتىنى دەۋر ئېھتىياجىغا، مۇھىت ئېڭىغا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشقا موھتاج بولدى. بۇ ھال جاھاننىڭ بۈگۈنكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە ئادەم قارىشى بولغاچقا، ھەربىر خەلق دەۋر تەلىپىدە ئۆزىنى بەرپا قىلىپ، ئۆز-ئۆزىنى قوغداشقا دۇچ كەلدى. ئالەمنىڭ قانۇنىيەت - پرىنسىپلىرىنى چۈشىنىش، سىرلىرىنى يېشىش، تەتقىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئەقلىي بۇرچى ۋە مەجبۇرىيىتى ھېسابلىغانلار تەبىئەت ۋە جەمئىيەت، روھىيەت قانۇنىيەتلىرىنى پىكىر قىلىپ تونۇشقا، كەشىپ قىلىشقا ئاتلاندى.

مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەدىس بايانلىرىدا پىكىر قىلىش ئىبادەت، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭلاشقا «مىڭ ئاي ئوقۇغاندىن بىر سائەتلىك تەپەككۇر ئەلا» دېگەندەك، ھەقىقەتنى تونۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئەمگەكنىڭ قەدرى ئۈستۈن قىلىنغان. نېمە ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت پائالىيىتىدىن يەنى مىڭ ئاي ئوقۇشتىن ئارانلا بىر سائەت مەنىۋى ھەرىكەتنىڭ ۋەزنى بۇنچە ئۈستۈن؟ چۈنكى بىز ياشاۋاتقان ئۇلۇغ تەبىئەت ۋە ئادەمدىكى تۈرلۈك خىسلەتلەر ۋە قىسمەتلەر پىنھان، سىرلىق ئىدى. ئادەم كامىللىق بىلەن غاپىللىق ئارىسىدىكى تەڭلىك ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. شۇڭلاشقا، تەپەككۇرنىڭ دىنىي قارىشىمىزدا ئۈنچىلىك ئۇلۇغلىنىشىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. تەپەككۇر قىلىش مەسىلىنى ئەقلىي نۇقتىدا تۇرۇپ كۆرۈدىغان، ھېس قىلىدىغان، چۈشىنىدىغان، بىر تەرەپ قىلغان ئوبيېكتىپ ھادىسە بولغاچقا، تامامەن ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام دىنى ئەقىل كۆزى ئاستىدىكى ھەرقانداق شەيئىينى ئەزەلدىن ئۇلۇغلايتتى.

ئۇنداقتا، زامانىمىزدىكى شەخسنىڭ ئۆز تەپەككۇر پائالىيىتىگە قويغان ئۆلچىمى قانداق؟ بۇنى يىراق ئەللەرنىڭ زامانىۋى ئادەمگە قويغان تەلىپى بىلەن زامانىمىزنىڭ ئادەم ھەققىدىكى پاسسىپ ئۆلچەملىرىدىنمۇ، مىللىي پىسخىكا ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن كۆپ خىل مەنبەلىك ئارىلاشما تىپلاردىنمۇ شەرھلەش مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە، ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە بولغان ئادەم ھەققىدىكى قاراشلارغا ئاساسلانغاندىمۇ، بۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدلۇقنىڭ مەۋجۇد بولۇش، يوقىلىش، تەرەققىي قىلىش، چېكىنىش ھالىتى جەمئىيەت تەلىپى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. ئادەم نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشمىسا ياشىيالمايدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە ھاياتىنى ئۆتكۈزەلمەيدۇ؟ ئىنسانلار ھاياتى نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئىزدىنىش ۋە ئەقلىي تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا ئاستا-ئاستا ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ئاساستا كەلگۈسى غايىۋى ئادەم پروتوتىپىغا ئۇل سالدى. كىشى ھاياتىدىكى ئەڭ يېڭى بىلىملەرگە، ھادىسىلەرگە قىزىقىش ۋە ئىلگىرىكى بىلىملەرنى تەدرىجىي بېيىتىش، ئۆزىنى ئىنكار قىلىش ئاساسىدا كەلگۈسى رېئال مەۋجۇد ئادەم - بىلىم جەھەتتىن ئىنتايىن مۇكەممەل بولغان، ھاياتى ئىلگىرىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر روياپقا چىقارغان بىلىملەرنىڭ يىغىندىسىغا ئايلانغان ئادەم بارلىققا كەلدى. شۇڭا يۈكسەك دەرىجىدە مېخانىكىلاشقان ھالدا ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈشكە ۋە تىنىمسىز ئوق، گىرە، چاقلىرىنى ئايلاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇردىكى پارتلاش ھادىسىسى تۈپەيلى ئىنسانىيەت ئەڭ ئەشەددىي ئىجتىمائىيلاشقان تۇرمۇش ئۇسۇلىغا كىرىپ كەلدى. بۇنىڭدا شەخسنىڭ ھاياتىنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار كۆپىيىپ كەتتى. بۇ ئامىللارنىڭ بەزىسى شۇ كىشىنىڭ قولىدا بولسا، يەنە بەزىسى ئاللىقانداق ئىجتىمائىي فۇنكسىيەلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنداق بولغانىكەن ئادەمدە مۇتلەق دەۋر ئېڭى شەكىللەندى. ئەنە شۇ شەخسنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى، ئۆز ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئامىللار ئىچىدە ئەقلىي تەپەككۇر پائالىيىتى ئۆز-ئۆزىنى قوغداشتىكى ئەسلىھەگە ئايلاندى. ئەگەردە بۈگۈنكى زامانىۋى ئادەمنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى (ئۆزىدىكى ئىلاھ) توغرا ئىشلىمەيدىكەن، دەرھال ئۇنىڭ بىر يەرلىرىدىن چاتاق چىقىدىغان بولىدۇ. ئۆز-ئۆزىنى كىممۇ نابۇت قىلىشنى خالايدۇ دەيسىز؟ شۇڭلاشقا، ئۇ دەۋر تەلىپىنى ئورۇندىغاچ ھەم كامىللىق تەرەپتىكى بوشلۇققا يۈزلەنگەچ ھاياتىنى داۋام قىلىدۇ. بىزنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىمىز - تەپەككۇر پائالىيىتىمىز ئۇنداق مەجبۇرىيەتلەرگە قانداقمۇ چىدار دېيىشىڭىز مۇمكىن. بىر رۇس ئالىمى: ئادەتتىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىدا كىشىلەر تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىنى ئىشقا سالىدۇ. مېڭىسىنى تولۇق ئىشقا سالالىغان تەقدىردە بولسا، 40 خىل تىلنى قىلچە ھالسىراپ قالماستىن ئۆگىنەلەيدۇ ۋە رۇس قامۇسىنى باشتىن ئاخىر يادقا ئالالايدۇ، بىر نەچچە ئون ئالىي مەكتەپنىڭ زورۇر دەرسلىكلىرىنى ئوقۇپ بولالايدۇ، دەيدۇ. قانداق،

www.uyghurkitap.com

تەپەككۇر قۇرۇلمىمىز ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق ئەڭ يوشۇرۇن بايلىقىمىزمىكەن؟ كانادانىڭ كېلەچەكشۇناسلىق ئالىمى سولېرنىڭ «خىيالدىن تەرەققىياتقىچە» دېگەن كىتابىدىكى سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئادەمنىڭ چوڭ مېڭە پوستلىقى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەپەككۇر ئېنېرگىيىسى ئاتوم يادروسىنىڭ فىزىكىلىق ئېنېرگىيىسى بىلەن تەڭ كېلىدۇ». ئادەم مېڭىسىدىكى تەپەككۇر ئېنېرگىيىسى تەبىئەتتىكى ھەرقانداق بىر ئېنېرگىيىدىن ئىلغار، تەييار ھەم ئالاھىدە قىممەتلىك خاسلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، سىز مەيلى قەلەندەر، باققال، كاسىپ بولۇڭ، كاللىڭىزدا پۈتمەس-تۈگىمەس بايلىق خەزىنىسى بار. ئۇ بايلىق تامامەن ئۆزىڭىزنىڭ، ئۇنى باشقىلار ئىگىلىۋالالمايدۇ. بۇ بايلىقىڭىز ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىڭىزنى قۇتقۇزۇش سەپىرىگە پائال ئاتلىنىڭ، ئۆز قىممىتىڭىزنى ئىزدەڭ!

مەزكۇر ماقالىنىڭ تېمىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىدىكى «تەپەككۇر مېۋىلىرى»گە بولغان ئىشەنچ، ئۈمىد، تىلەك نۇقتىسىدىن روياپقا چىققاندى. مەزكۇر ژۇرنال بىلەن بىرنەچچە يىللىق قىسقىغىنە دىدارلىشىش جەريانىدا، ئۇنىڭ ئۆزگىچە قايىل قىلارلىق سەھىپىلىرىدىن زوق ئېلىپ كېلىۋاتاتتىم. گەرچە مەن بۇ ژۇرنال بىلەن دىدارلاشقىلى تېخى ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، تاسادىپىي بىر ئىلھامنىڭ تۈرتكىسى بىلەن «تەپەككۇر مېۋىلىرى»ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم. بۇنداق بىرنەچچىلىگەن تەپەككۇر ئىشتىراكچىلىرىمىزنىڭ جەم بولۇش سورۇنى ھەققىدە يۇگرۇپ چىقىپلا بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى، ھەمدە مېنىڭ قابىلىيىتىم بۇ سەھىپىگە باھا بەرگۇدەك ئىمكانىيەتنى بەرمەيتتى. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن ئاشۇ بىرنۇقتا ئۈستىدە ئىجابىي پىكىر قىلىشنى ئۆزۈمگە لايىق تاپتىم. بىلىشىم ۋە ئاڭلىشىمچە، بۇ سەھىپە مەزكۇر ژۇرنالدا 1986-يىلىدىن باشلاپ «تەسىرات دېگىنىزدىن تامچىلار»، «ئۇنچىلەر»، «نەسىرلەر ۋە ئەدەبىي پارچىلار»، «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»، «تەپەككۇردىن تامچىلار»، «ئەقىل مېۋىلىرى»، «تەپەككۇر مېۋىلىرى» سەرلەۋھىلىرىدە بېرىلىپ كەلگەن ئۇزاق يىللىق ژانىر تارىخىغا ئىگە ئىكەن. ئۇلۇغ ئەللامە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئادەم ھەققىدىكى مۇھەببەتلىك تەلىماتلىرى ۋە قېرىنداشلىرىغا بولغان سۆيگۈسى مۇجەسسەم كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلىرى بۇ سەھىپىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئاددىيسى دېھقانغىچە مەيلى بىر جۈملە بولسۇن ياكى ئابزاس بولسۇن، پىكىر قىلغانلا بولسا قەدىرلىنىپ كەپتۇ. ئىنسانىيەت، جەمئىيەت، زامان، تارىخ، كەلگۈسى، مىللەت، تۇرمۇش، سىياسەت، قانۇن، پۇقرا ھەققىدە تەپەككۇر قىلغان ھەرقانداق كىشى ئۆز پىكرىنى دادىللىق بىلەن ئامما

ئاشكارىلاشقا ۋاستە بولغان بۇ سەھىپىدە بەزىدە بىرنەچچە رومان پەكۇنلىگەن ھەقىقەت، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخ قويىنىدىن چاچرىغان سەتىرە،نەچچىلىگەن ئىنسانىنىڭ ھاياتى ئارقىلىق يەكۇنلەنگەن بېشارەتلەر قىلچە دەبدەبىسىز ھالدا بىرنەچچە جۈملىگە يىغىنچاقلانغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭدا ھەركىم ھەرنېمە دېسۇن، پەقەت تەپەككۇر ھاسىلاتى بولسىلا شۇ ئەزىزلەندى. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ يېقىنقى سانلىرىدا، بولۇپمۇ ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ زور دەرىجىدە كۆپىيىشى ھەم بۇ سەھىپىگە ئاجرىتىلغان ھەجىمنىڭ ئېشىشى كىشىنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلىدۇ. گەرچە، بۇ تەپەككۇر ھاسىلاتلىرىنى پۈتۈنلەي ھەقىقەت دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ھەقىقەت ئىزدەپ ئۆز تەپەككۇرىغا يۈزلەنگەن ئادەمنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بىۋاسىتە ئۆز ھاياتىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى تەپەككۇر كۆزى ئارقىلىق كۆرۈپ يەتكەن مەنىۋى بوشلۇقنى قىسقا جۈملە ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇش ئاتالمىش پەلسەپە ئىجاد قىلىش ئەمەس، بەلكى بىر تىرىك ئىنساندا بولۇدىغان تەپەككۇرنىڭ ئۈزلۈكسىز غىدىقلىنىپ تۇرۇش جەريانى ۋە مەنىۋى ھۇرلۇكنىڭ ئىپادىسى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى، كامىللىققا ئىنتىلىۋاتقان روھىي ھالىتىنى قەدىرلىشى تەبىئىي ئەھۋال. ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە ئۆزگىلەر توغرىسىدىكى ئويلىنىۋاتقان ۋاقتى تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەمگە ئۆتۈش جەريانىدۇر. تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەم ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىن بولىدۇ.

«مىللەتنىڭ روھىنى تىل ۋە ئەدەبىيات تۇتۇپ تۇرىدۇ»دەيدۇ پەيلاسوپلار. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئەدەبىيات ھەقىقەتەن ئىنسان مەنىۋى ھاياتىنى تەربىيىلىگۈچى، قۇرۇپ چىققۇچى ۋە پەرۋىشكاردۇر. بىر مىللەت روھىغا نىسبەتەن شۇ مىللەت روھىنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتا ئەدەبىياتتىن ئارتۇقراق رول ئوينايدىغان ساھە بولمىسا كېرەك. شۇڭلاشقا بۈگۈنكى دۇنيادا ئۆز ئەدەبىياتىنى بىلمەيدىغانلار ئۆزىنى تولۇق چۈشەنمەيدىغانلار ھېسابلىنىدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى چۈشەنمەسلىك غايەت زور يوقىتىشقا سەۋەب بوپقالىدۇ. ئەدەبىيات نوقۇل ھېكايە، شېئىر، نەسىر، رومان تاۋكاسى ئەمەس. گەرچە ئۇنىڭ مەۋجۇد ھالىتى كۆپرەك شۇخىلدىكى نەرسىلەر بىلەن كۆپايىلەنگەندەك قىلسىمۇ، شۇنەرسىلەرنىڭ تېگىدە قىممەتلىك بىر بايلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەمما بۇنى كۆپ كىشىلەر ھېس قىلىپ كېتەلىشى تەس ھەم ئۇ كۆپىنچە پىنھان بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ نېمە؟ ئۇ تەپەككۇردۇر. مېنىڭ قارىشىمچە، ئەدەبىياتقا يۈزلەنگەن ھەرقانداق بىر ئىنسان بالىسىدا قاچانكى ئەدەبىياتقا يېقىنلاشقان ھامان، ئۇنىڭ روھىدا بىلىنەر-بىلىنمەس تەپەككۇر پائالىيىتى باشلانغان بولىدۇ. بۇ تەپەككۇر پائالىيىتى يىللارنىڭ ئۆتۈشى، مەنىۋى خەزىنىسىنىڭ بېيىشى ئارقىسىدا ئاستا-ئاستا

روھىي كۆچكە ئايلىنىدۇ. تەپەككۇر دولقۇنلىرىنىڭ ئاستا-ئاستا مەۋج ئۇرۇشى ۋە قوشۇلۇشى ئارقىسىدا ئاخىرى تەپەككۇر ئىنقىلابى يەنى پىكىر ئىنقىلابى قوزغىلىدۇ. ھەربىر كىشى تەپەككۇرىنى ئىشقا سېلىپ پائال ھەرىكەت قىلغىنىدا، ئۇنىڭ ھاياتىدا ھالقىش باشلانغان بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئوقۇرمەن بىلەن بولغان ئەڭ توپ باغلىنىشى ۋە رولى مۇشۇ نۇقتىدۇر. بەزى پەيلاسوپلىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرى ئاڭلىماققا دەبدەبىلىك تۇيۇلغاندەك قىلىسىمۇ، ئۇ ئەمەلدىكى ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە ئويغۇنلاشقاندا ھېچكىم ئۇنىڭ «ئۇلۇغۋار تەلىمات» ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇنى پەزىلەت، ئىقتىدار، قابىلىيەت دەپ چۈشىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھاياتتىن ھالقىش دېگەن ئىبارىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

تارىخنى ئەسلەيدىغان بولساق، ھەرقانداق بىر ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىشىدىن ئىبارەت مەنىۋى ھادىسىلەردىن باشلىنىپ تاكامۇللاشقانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. گەرچە بىر مەزگىللىك ئەدەبىيات گۈللىنىشى بىر قارىسا زۆرۈرىيەت، بىر قارىسا ئېستېتىك ئېھتىياجدەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ بارا-بارا كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر پىلتىسىگە ئوت يېقىپ، تارىخىي بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان پىكىر ئىنقىلابىنى شەكىللەندۇرگەن. مارتىن لىيوتېر قاتارلىقلار ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ پىكىر ئېقىملىرىدىن ئىلھاملىنىپ رىم پاپاسى ۋە دىنىي جەمئىيەت خالىغانچە سۈيىئىستېمال قىلىۋاتقان خرىستىئان دىنىغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇنىڭ ئىسلاھات تەشەببۇسى ياۋروپا تەپەككۇرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ، پارتلاش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىشىگە، كاپىتالىستىك سودا-سانائەتنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئىدىيىۋى شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جەدىتىزملىق ئىسلاھات ھەرىكىتىمۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئۆز-ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرغان تارىخىي يۈكسىلىش ئىدى.

دېمەك 14-، 15-ئەسىردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىشى ياۋروپالىقلارنىڭ دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىگە غايەت زور تۈرتكە بولدى. ياۋروپالىقلارنىڭ مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن رىم پاپاسى ۋە چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ ئىنسان قىممىتىنى قايتا بايقىشىغا، تەپەككۇر (پىكىر) ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىشىغا، شۇنىڭدەك كېيىنكى مەزگىلدىكى كاپىتالىستىك سودا-سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاساس بولدى. دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتىدىن كېيىن پۈتكۈل ياۋروپادا كىشىلىك ھوقۇق، ئەركىنلىك ۋە جەمئىيەت ھەققىدە ئېلىپ بارغان پىكىر ئىنقىلابلىرى ئاساسىدا ئاستا-ئاستا تەبىئىي پەن بىلىملىرىنىڭ سىرلىق ئىشىكىنى ئاچتى. مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى قاتارلىق بىرنەچچە گۈللىنىشنى قولغا كەلتۈرگەن ياۋروپا ئەللىرىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى نوپۇزى شۇ ۋاقىتلاردىن تارتىپ تىكلىنىشكە باشلىغانىدى.

ئۇنداقتا، بىزنىڭ تارىخىمىزدىچۇ؟ بىزدە ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكەتلىرى بىر مەزگىللىك ئىسلاھات دولقۇنى قوزغىيالىغانمۇ-يوق؟ توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇنداق ئەھۋاللار بىزدە ناھايىتى كۆپ ئىدى. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخى، ھاياتى، پەلسەپە، دىنىي ئېتىقادى تارشا پۈتۈكلەر ۋە مەڭگۈ تاشتىن ئىبارەت تەبىئەتكە پۈتۈلگىنىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان جەريانلارنى ئەسلىسەك، ئۇلار كۈچلەنگەن ھامان ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانىدى. خارابلاشقان چېغىدا يادنامە ۋە تەكرارۋازلىق خاھىشىغا ئورۇن بەرگەنىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا 9 - 12-ئەسىرلەردىكى يۈكسىلىش ۋە گۈللىنىش، تۈرلۈك ئىختىرالار بىلەن كېيىنچە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ پىكىر بۇلىقى، تېخنىكا ئاساسى بولغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشى بىلەن ئوخشاش قاتاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ئىلىم ساھەسىدە خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى.

«توغرىسىنى ئېيتقاندا نەۋائىيدىن كېيىنكى بەش ئەسىر بىزگە ئۇلۇغۋار پەلسەپىلەرنى ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر قاتماللىقىنى، ئىجادىيەت ئېغىنى ئەمەس، بەلكى تەكرارلاش كېسىلىنى، ئەقىل مېۋىسىنى ئەمەس، بەلكى دىنىي ئەسەبىيلىكنى قالدۇرۇپ كەتتى» (ئەسەد سۇلايمان: «21-ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998-يىل 2-، 3- (قوشما) سان، 110-بەت. — باش مۇھەررىردىن). بۇ بىزنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك تەپەككۇر تارىخىمىزنىڭ تېپىك سىزمىسى. نەۋائىي دەۋرىدىن كېيىن بەدىئىي تەپەككۇردا يېڭىلىق بولمىدى، پىكىردە پارتلاش يۈز بەرمىدى. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئېكولوگىيىسىنى يېتەكلەيدىغان پەلسەپىۋى پىكىرلەر تېخىمۇ ھازىرلانمىدى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىگە كەلگەندە تاتارىستاندىن باشلانغان جەدىتىزم ھەرىكىتى تەپەككۇر نامراتلىقى، روھىي مەھكۇملۇق، سىياسىي نەيرەڭۋازلىق، جۇغراپىيىۋى يېتىملىك، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى چېكىنىۋاتقان روھىي قۇرۇلمىمىزغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپى ۋە «ئۇسۇلى جەدىت» مەكتەپلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئابدۇقادىر داموللا، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي قاتارلىقلار جەدىتىزم ھەرىكىتىگە ئاكتىپ ۋارىسلىق قىلدى. گەرچە جەدىتىزم ھەرىكىتى رايونىمىزدا ھەرخىل توسالغۇلار تۈپەيلى تولۇق جەمئىيەتلىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما مىللىتىمىزنىڭ روھىي قۇرۇلمىسىغا، تەپەككۇرىغا

www.uyghurkitap.com

يېڭى بۇرۇلۇش، يېڭى قان بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن «ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» دولقۇنى مىللىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى ئۆزى ھەققىدىكى تونجى ئويلىنىشىنىڭ، زامانىۋى تەپەككۇرنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

خوش، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ۋە سەۋىيىسى قانداق؟ ئۇيغۇرلار نېمىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ ياشاۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن كۈتكەن تەپەككۇر تەلپى قانداق؟ دەرۋەقە، بۇ سوئاللارنىڭ ۋەزنى ئىنتايىن ئېغىر بولسىمۇ، ئەمما ھەركىمنىڭ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا روھى، ئەخلاقى، جىسمانىيىتىدە سوئال-سوراقلارنى كۆتۈپ يۈرمەكتە. پەردازلىماستىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرغا خاس قىممەت قارىشى ۋە مۇستەقىل پەلسەپىۋى ئىدىيىسى يوق. شۇلارنى بارلىققا كەلتۈرۈدىغان ۋە راۋاجلاندۇرۇدىغان تەپەككۇر قۇرۇلمىسى پالەچ. بۇ، تەپەككۇرسىز ياشاۋاتقان قەلبى ئەما كىشىلەر زەئىپ جىسمانىيىتى ئۈچۈن بەدەل تۆلەۋاتقان بىر دەۋردۇر.

مىللىتىمىزنىڭ نوپۇسىنىڭ %80دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغانلار دېھقانلار. ئۇلار تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ ياشاش جەريانىدا ئىستىخىيىلىك ئېڭىنىڭ ساددا بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى تەبىئەت بىلەن ئىچقويۇن بولۇپ ياشاش تەبىئىي ئىلھاملار ئاساسىدا يۈزەكى بولغان ھايات قارىشىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ جىسمانىيىتى ئۈچۈن زۆرۈر ئېھتىياجلار تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنمايۋاتقان مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆز رېئاللىقىدىن ھالقىپ، مەنىۋىيەت ھادىسىلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا، مىللەت ھەققىدە گەپ بولغان ھامان تېمىنىڭ زىيالىيلار ئۈستىگە كېلىپ توختىشى بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. بۈگۈنكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ مىللەتنى ھازىرقى نادانلىق، بېكىنمىلىكتىن كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان دۇنياغا باشلىيالايدىغان ئۆتكۈر پەلسەپىلىرى بارمۇ؟ ياق. مۇستەقىل ئىدىيىگە ئىگە بولمىغان زىيالىيلىرىمىزدىن بۇنداق جاۋاب كۈتۈش ئەخمىقانىلىق. گەرچە مۇستەقىل پەلسەپە ئىدىيىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇزاق مەزگىل، تاۋلانغان تەپەككۇر كېرەك بولسىمۇ، كۆپلىگەن زىيالىيلىرىمىزنىڭ مىللەت ئەمەس ئۆز-ئۆزىنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈتكەن تەلەپتىن يىراق ھالدا ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بىزدە ئاتالمىش زىيالىيلىرىمىزنىڭ مۇستەقىل قىممەت سىستېمىسى شەكىللەنمىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ھاياتىدا كۆزىگە نېمە ئەلا، دەبدەبىلىك كۆرۈنسە شۇنى قىبلىگاھ قىلدى. باشقىلار نېمىنى داڭلىسا شۇنى ئۇلۇغ، كاتتا كۆردى. مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا سوغۇققان تەپەككۇر بىلەن ئويلانغان، رېئاللىقتىن ھالقىغان مۇقىم مەۋقەسى بولمىدى. شامال قايەردىن چىقسا شۇيانغا ئېگىلىپ، سۇ قايەردىن ئاقسا بىللە ئېقىپ، ئەڭ پاسسىپ ھالدىكى روھىي ھالىتى بىلەن ئەبجەش مۇھىتقا ماسلىشىپ، مۇھىت تەرىپىدىن يارىتىلغان تۈرمۈش قايانغا تارتسا، شۇيانغا ئەگىشىپ كېتىدىغان گۇمراھ بەندىلەرگە ئايلاندى. ئۇلار ئىدىيىسى تۇتقۇن، مۇستەقىل ھالدا ھاياتى، كەلمىش-كەتمىشى، رېئاللىقى، ئىجتىمائىي مۇھىت، تۈزۈم، سىياسىي، خەلقئارا ۋەزىيەت قاتارلىقلاردا مۇستەقىل بىرنەچچە سائەت تەپەككۇر يۈرگۈزگەنمۇ - يوق؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەردە ئۇلار ھېچ بولمىغاندا بىر ئاي ئىچىدە بىر سائەت مۇستەقىل تەپەككۇر پائالىيىتى ئېلىپ بارالىغان بولسا ئىدى، بۈگۈنكىدەك ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ قۇلى ئەمەس، ھۆكۈمرانىغا؛ تەييار ئىدىيىلەرگە ئەمەس، مۇستەقىل قىممەتكە، مائاشقا ئەمەس، ۋۇجۇدىدىكى بايلىققا ئىنتىلگەن بولاتتى. ئۇلاردا مۇستەقىل قاراش بولغان بولسا، رەڭگارەڭ نەزەرىيىلەر قايەرگە تارتسا شۇيانغا ماڭارمىدى؟ ياق، مەن نېمىدەپ تەييار ئىدىيىلەرنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغۇدەكمەن؟ مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم خان، مەنمۇ مۇستەقىل كاللىغا ئىگە، ئۆزۈم يول ئېچىپ ئىلگىرىلىيەلەيدىغان ئىنسانغۇ، دەپ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويالىغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ھاياتى ئاتالمىش بۇ خىل زۆرۈرىيەتلەردىن يىراق ھالدا كاپالەتكە ئىگە بولۇۋەرگەچكە، ئۆزى ھەققىدە تۈزۈكرەك ئويلىنالمىدى. مىللەت ھەققىدىكى بىر پۈتۈن تەپەككۇر ئىسلاھاتىغا دادىللىق بىلەن ئاۋاز قوشالمىدى. ئۇلار مىللەتنىڭ تەپەككۇر ئېتىمىزىدىكى دېھقانلار بولۇشى كېرەك ئىدى. پىكىر قىلىشنىڭ جاپاسىدىن قورقۇپ، ئاددىي ئىشلار بىلەن ئۆزىنى ئەمەكلىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق كۈنسېرى جىددىي ئۆزگىرىش ياساۋاتقان، تۇرمۇشنى كۆزىتىش ئۇسۇللىرى يېڭىلىنىۋاتقان، پەن-تېخنىكا، ئىلگىرىلەشلەر پارتلاش خاراكتېرىنى ئالغان ئىجتىمائىي دۇنياغا بىزنىڭ كونىككەن ئېڭىمىز، قېلىپلاشقان تەپەككۇر قۇرۇلمىمىز ماسلىشالامدۇ-يوق؟ ئىنسانىيەتنىڭ تەخىرسىز ھالدىكى يېڭىلىنىۋاتقان تەپەككۇر ئېڭىغا تەپەككۇر قۇرۇلمىمىز بەرداشلىق بېرەلەمدۇ-يوق؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس. گاڭگىرىغان، ھارغىن قەدەملەر بىلەن ئېغىر گەۋدىسىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ، يېڭى ئېراغا كىرىپ كېلىۋاتقان خەلقىمىز بۈگۈنكى كۈندە ئۆزلىرىنىڭ نېمىلەرنى يوقىتىپ، نېمىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى، ئۇبرازىنىڭ زاماندىكى قايسى رەۋىشتە يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى، تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنىڭ قايسى زامان، قايسى دەرىجىدە كېتىۋاتقانلىقىنى خىرە ھالەتتە ھېس قىلدى. مۇشۇنداق ئالاھىدە شارائىتتا كۆپلىگەن زىيالىيلىرىمىز ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي تاشقى دۇنيادىن ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار بۈگۈنكى زامان تەپەككۇرىدىكى بوشلۇق تۇپەيلى ئەسلى ھېس قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ھېس قىلمىدى. ئاۋۋال ئۆزى

ھەققىدە سىستېمىلىق ئويلانماي ، ئۆز ئىدىيىسىنى ، پەلسەپىسىنى يوقاتقان ئاساستا .ئۆزلىرىنى باشقا ئىقلىم كىشىلىرىنىڭ پەلسەپە ،كىشىلىك قىممەت تارازىسىغا سالدى .شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى كۆز (تەپەككۇر )ى تامامەن يوقالدى .

تەپەككۇر بىر خىل مەنىۋى ھادىسە . رېئاللىقىمىزدا تەپەككۇر قىلىپ ياشايدىغانلار ئاز . تەپەككۇرى (قەلبى )ئەما كىشىلەر ساماندەك كۆپەيدى . بولۇپمۇ جەمئىيىتىمىزدىكى ماددىي مەئىشەتنىڭ شىددەتلىك بورىنى ۋە زامان تەلىپى ئاستىدىكى كۈيلىرى ،جىسمانىي تىرىكلىك تەلىپى تەپەككۇر قۇرۇلمىمىزنى موھتاجلىق دۇنياسىدا نەلەرگىدۇر تاشلاپ قويدى .

ئادەم شۇنداق بىر مەخلۇق . ئۇ ئىجتىمائىي مۇھىتقا قانچىكى بېقىنغانسېرى تەپەككۇرى شۇنچە قاشاقلىشىدۇ ، سۇسلىشىدۇ ، يوقىلىدۇ . تەپەككۇرى ئاجىزلاشقان ھامان باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالىدۇ . تەقدىرى باشقىلارنىڭ خەيرىخاھلىقى ۋە مەقسىتىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ .

بىزدە تەپەككۇر پائالىيىتى بار دېگەندىمۇ ئاساسەن قېلىپلىشىپ قالغان . قېلىپلاشقان تەپەككۇر تەييارباربولغان كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەردىنلا پايدىلىنىشتىن ئىبارەت ئۇسۇل بولغاچقا ، شۇ ئادەمنىڭ ھاياتىمۇ تۇرغۇنلۇقتا ئۆتكەن بولىدۇ .ئۇ تىنىمسىز ئىجاد قىلىش روھىدىن يىراق . ئىسلامجان شېرىپ بەشكىرەمىي مۇنداق دەيدۇ :« بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە جەمئىيەت ، تەشكىلات ۋە شەخسلەر تەپەككۇر جەھەتتىن جانلىق بولۇش تەلىپىگە يەتكەندە ، تېخىمۇ كۈچلۈك ئۇيغۇنلىشىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ،ئۆزگىرىۋاتقان مۇھىتقا ،ئادەم بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشىغا ئۇيغۇنلىشالايدۇ .تەپەككۇر جەھەتتىن خاسلىق بولۇش تەلىپىگە يەتكەندە ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولۇپ ، رىقابەت جەريانىدا باش كۆتۈرۈپ چىقالايدۇ . يەنە مىڭلاپ ئادەم تالىشىپ ياشاۋاتقان تارچىلىق دۇنيادا ئۆزىنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ئورۇن ھازىرلىيالايدۇ » .تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدىكى خاسلىق ، جانلىقلىقتا يېتىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلغۇچىنىڭ ئۈچىنچى كۆزى بولۇشى ، شەيئىيدىن تەپسىلاتقا ، ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈش ئارقىلىق شۇنۇقتىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بوشلۇققا يۈزلىنەلىشى كېرەك .

ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى مەنىۋى پائالىيىتى تەپەككۇردىن باشلانغانىدى . شۇنداق ئەمەسمۇ . كىشى قورسىقى ئاچقاندا يېيىشنى ئويلايدۇ ۋە لېكىن ئادەمنىڭ ئالدىدا تەييار نەرسىلەر بولۇپ باقمىغان . ئۇ بىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بارغان . ھەرىكەت جەريانىدا نېمىنى يېسە بولىدىغانلىقى ، ئۇنى قانداق يېسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى . شۇنىڭدىن بۇيان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى تامامى ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ تەپەككۇر قىلىش ئاساسىدا زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياجنى قامداش تەلىپى بىلەن ئادەمدىكى بۇ يوشۇرۇن بايلىقنى قېزىشنى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا رويابقا چىققانىدى . سىز ئۆزىڭىزنى قىلچە نامرات چاغلىماڭ ، چۈنكى ھېچكىم بايلىقنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن قۇچاقلاپ تۇغۇلمىغان . ماددىي بايلىقنى بەك ئۇلۇغلاپ كەتمەڭ . چۈنكى سىز ئاشۇ بايلىقلارنىڭ كېلىش مەنبەسى بولغان مەنىۋى ئىقتىدارىڭىزدىكى بايلىقنى ئۇنتۇپ قالىسىز . ياپونىيىلىكلەرنىڭ تەبىئىي بايلىقى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى . بۈگۈنكى كۈندە ياپونىيە ئىقتىسادى تەبىئىي بايلىقى ھەددى ھېسابسىز ھەرقانداق بىر دۆلەتتىن ئېشىپ چۈشىدۇ . بۇنىڭدا ياپونىيىلىكلەرنىڭ تىنىمسىز تىرىشچانلىقىنى نەزەرگە ئېلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ روھىي بايلىقنى ماددىي بايلىققا ئايلاندۇرغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ .

سىز ۋۇجۇدىڭىزدا قۇياش بارلىقىغا ئىشىنەمسىز ؟ ئۇنداقتا ، پائال تەپەككۇر قىلىڭ ، ئىزدىنىڭ ،كۈرەش قىلىڭ ، ئۆز بايلىقىڭىزنى تونۇپ تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەمگە ئايلىنىڭ ! بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ نىجاتلىق قۇياشى ئاستا-ئاستا پارلاپ ،سىزنى يۈكسەك بىر ئالەمگە باشلاپ كىرىپ، شۇ ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلاندۇرىدۇ .

---

ئاپتور : قاراقاش ناھىيە كۆيا يېزا ئوتتۇرا قايغۇلۇق كەنتىدە، دېھقان(M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا:ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت
بۇ سانىنىڭ تېخرېداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى:قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com



# ئىككى فېلىيەتون

ئەكبەرجان ئەخمەتنىياز ئۇيغۇر تاپمىش

## سېيىت نوچىنىڭ ئەرزى

كاماندىروپكىدىن قايتىپ كېلىپ ئىشقا چۈشكەن تۈنجى كۈنۈم ئىدى. باشقىلارنىڭ كىرىپ ئاۋارە قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشكنى ئىچىدىن ئىلدىم-دە، بايام كاتىپ قىزدىن تاپشۇرۇۋالغان ـ ئىككى ھەپتىدىن بېرى يىغىلىپ قالغان دېلو ماتېرىياللىرىنى كۆرۈشكە باشلىدىم.

ئەڭ ئاخىرقى دېلو ماتېرىيالىنى قولۇمغا ئېلىپ، «داۋاگەر سېيىت نوچى» دېگەن ئىسمنى كۆرۈپلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغاندا ئۆگەنگەن سېيىت نوچى داستانى ئېسىمدىن كەچتى.

ھەي ي... ئەگەر ئۇ سېيىت نوچى دېگەن

**ئەدەبىيات گۈللىرى**

ساۋاتسىز ھەم نادان بولمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى دۈشمىنىنىڭ ئالدىغا كۆتىرىپ بېرىپ بىۋاقىت ئۆلمەس ئىدى-دە! مەن شۇلارنى ئويلىغاچ مۇنۇ سېيىت نوچىنىڭ يەنە نېمە ۋەجىدىن ئەرز سۇنغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكىدە ماتېرىيال خالتىسىنى ئاچتىم. قولۇمغا پەقەت ئۇنىڭ ئەرزنامىسىلا چىقتى. ئۇ ئەرزنامىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئاللانىڭ زېمىنىدىكى ئادالەتنى ياقىلىغۇچى بەندىلىرى بولغان سودىيىلەر:

مەنكى سېيىت نوچى شۇ ھەقتە ئەرز يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەنكى، كىشىلەر مېنى〈 ساۋاتسىز ھەم نادان〉 دەپ قارا تۆھمەت قىلىشىۋاتىدۇ. ئەسىر بويى مەن ئۇلارنىڭ ئۆز خاتالىقىنى ئۆزى تونۇپ يېتىشىنى زارىقىپ كۈتتۈم. ئەپسۇس، مەن ھەقىقەتەن

«ئەقىدەمگە يىغلايمەن». مانا يېڭى ئېرا – يېڭى ئەسىر كىرىپ كەلگىلىمۇ ئۈچ يىل بوپقالدى، ئەمما مەن يەنىلا قاراپېتى قېلىۋەردىم. شۇڭا مەن ئاخىرى مېنى قارىلاۋاتقان، شۇئارقىلىق ئۆزىنىمۇ قارىلاۋاتقان، شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى قارا قىسمەتلەردىن قۇتۇلالمايۋاتقان ئۆز ئادەملىرىمىز ئۈستىدىن شىكايەت قىلىمەن.

ئويلاپ بېقىڭلار، بۇرادەرلەر! خىمىيىۋى ئوغۇت سالمىغان ئېتىزلاردىن چىققان ساپ ئاشلىقلارنى يېگەن ۋاقىتلاردىكى بۇلغانمىغان ئەقلىڭلار بىلەن ئويلاپ بېقىڭلار!

سىلەر مېنى پەقەت ئۇچتۇرپان ئامبىلى ماشياۋۇ قەشقەر ھۆكۈمرانى مافۇشىڭ (ماتىتەي)گە مەن ئارقىلىق ئەۋەتكەن خېتىنى ئوقۇيالمىغانلىقىم ئۈچۈنلا «ساۋاتسىز» دەۋاتىسىلەر. ئۇنداقتا سىلەردىن سوراپ باقاي: ماشياۋۇ ماتىتەيدىن كاللامنىڭ ئېلىنىشىنى سوراپ كېچىسى مەخپىي رەۋىشتە يازغان شۇ خېتىنى سىلەرچە ماڭا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىپ بېرەرمۇ؟ مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، ھېلىھەممۇ، سىلەر يۈكسەك پەن-مەدەنىيەت، ئۇچۇر-ئالاقە دەۋرىگە كىردۇق، دەپ جار سېلىشىۋاتقان مۇشۇ دەملەردىمۇ ئالدىغا شۇنداق خەت كەپقالسا ئوقۇپ، تەرجىمىسىنى چۈشىنەلەيدىغانلىرىڭلار قانچىلىك؟!

بوپتۇ، ئۇنى بىلىدىغانلارنىمۇ بار دەيلى. مۇبادا، يەنە مىسال ئۈچۈن ئېيتساق، سىلەرنىڭ خېتىنى بىلىدىغانلىقىڭلارنى ئۇقۇدىغان ماشياۋۇ خەت ئويۇنى قىلىپ باشقىچە ئىبارە بىلەن پۈتۈپ قولۇڭلارغا تۇتقۇزۇپ قويامسۇ؟ راستىنلا شۇنداق بولۇپ سىلەرمۇ مەندەك قىسمەتكە مۇپتىلا بولساڭلار ئىدى، ئۆزۈڭلارنىمۇ «ساۋاتسىز» دەپ ئېتىراپ قىلارمىدىڭلار!

سىلەر مېنى نادانلىقنىڭ، نادانلىق سەۋەبلىك ھاياتىدىن ئايرىلغانلارنىڭ تىمسالى قىلىپ كۆرسىتىشىسىلەر.

ئەجەبا، مەن راستىنلا نادان بولسام، ئەزگۈچىلەرگە قارشى تۇرۇۋدىغان ھۆررىيەتپەرۋەرلەر سېپىگە، يەنى «گېلاۋخوي» تەشكىلاتىغا قاتنىشارمىدىم؟ خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن ياشلىق باھارىمنى تەقدىم ئېتەرمىدىم؟ سىلەر ھازىر «مەدەنىيلىك»، «قۇربان بېرىش روھى»... نى بەك تەشۋىق قىلىسىلەر، ئەمما مېنىڭچىلىك، مەندەك بىر «ساۋاتسىز ھەم نادان» بوۋاڭلارچىلىك بولالايدىغانلىرىڭلار زادى قانچىلىك؟ دېمەككى، مەن گاڭگۇڭلۇققا ئەڭ لايىق كىشىمەن.

ئويلاپ بېقىڭلار، ئىمانىڭلار بىلەن ئويلاپ بېقىڭلار!

مېنىڭ ئۆلۈمىمدە مەندىن ئۆتۈلگىنى ناھايىتى شۇ ۋاقىتلىق بىخۇدلۇق. سىلەر ئەجەبا بىخۇدلۇقتىن پەقەت يىراقمۇ؟ ياق، سىلەرنىڭمۇ ھەرقەدەمدە بۇرنۇڭلارغا يەپلا تۇرغىنىڭلارنى مېنى بىلمەيدۇ، دېمەڭلار، مەن ھەممىنى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

خۇلاسە كالام: مەن ھېلىقى نامغا لايىق ئەمەسمەن! شۇڭلاشقا مېنى ئاقلاپ چىقىشىڭلارنى سوراپ ھەم ۋىجدانىڭلارغا تەۋسىيە قىلىپ:

– سېيىت نوچى

2003-يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنى (سەيشەنبە)، شەھىرى خوتەن»

ئەرزنامە شۇنداق ئاخىرلاشقانتى. مەن سەل مەڭدەپ قالدىم. بىر تەرەپتىن سېيىت نوچىنىڭ راستىنلا تىرىلىپ قالغانلىقىغا ھەيران بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن بايا بۇ ئەرزنامىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن قىلغان خىيالىمغا، يەنى ئۇزاقتىن بېرى سېيىت نوچىنى قارىلاپ كەلگەنلىكىمدىن، بۇ ھەقتە ئازراقمۇ تەپەككۇر قىلىپ باقمىغانلىقىمدىن قاتتىق خىجىل بولماقتا ئىدىم. ئەجەبا، ئۇ قىلغان باتۇرلۇق، پىداكارلىقلارنى قىلالماي يۈرۈپتىمىز، يەنە ئۇنى ساۋاتسىزدىن ساۋاتسىزغا، ناداندىن نادانغا سېلىپ يۈرسەك-ھە؟!

شۇلارنى ئويلاپ تۇراتتىم، ئىشىك چېكىلدى. كاتىپ قىز كىرگەندىن كېيىن مەھكىمىمىزنىڭ سېيىت نوچىنىڭ ئەرزىنى سوراشقا ئامالسىز قالغانلىقى ھەم نەچچە كۈندىن بېرى «باشلىق كەلسۇن» دەپ مېنى ساقلاپ تۇرۇۋشقانلىقىنى، سېيىت نوچىنىڭ بۈگۈن كەلمەكچى ئىكەنلىكىنى دوكلات قىلىپ چىقىپ كەتتى.

– ھەيي، بۇ سېيىت نوچىنى قاراڭ، ئەرز قىلغىلى خوتەندىن باشقا جاي تېپىلمىغاندەكزە. مەن يەنە ئويلىنىپ قالدىم: بۇ ئەرز شەخس بىلەن شەخس ئارىسىدىكى مەنپەئەتكە ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن خەلققە، ئۇلارنىڭ ئىمانى، ئىنسابى، دىيانىتى ھەم ۋىجدانىغا تاقىلىدىغان مەسىلە ئىكەن، بۇنى قانداق بىرتەرەپ قىلساق بولار-ھە؟ ھېلى ئۇ سېيىت نوچى كەپقالسا...

تۇيۇقسىز كاللامغا بىر ئەقىل كەپقالدى. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە: «ئەڭ ياخشىسى بۇ ئەرزنى تارىخچىلار، ئەدەبىياتچىلارنىڭ كېڭەشىگە سېلىپ باقاي. ھەيي... ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، روزى سايىت ئاكىلارمۇ بولغان بولسىزە، بۇ ئىش تازا ياخشى ھەم تېز بىر تەرەپ بولار ئىدى-ھە! بوپتۇ، ھازىرقى زىيالىيلىرىمىزمۇ ئانچە بەك بوش ئەمەسقۇ،» - دېدىم-دە، ئەرزنامىنى ئېلىپ سىرداشلارنى جەم قىلغۇچى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا قاراپ ماڭدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# مەمتىمىن ھوشۇرغا ئوچۇق خەت

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەت ساھىبى ،ئەدەبىيات ئاسمىنىمىزنىڭ جولالىق يۇلتۇزى مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندى ، قانداق ئەھۋالىڭىز ؟ خىزمەتلىرىڭىز نەتىجىلىك ، تۇرمۇشىڭىز خۇشھال-خۇراممۇ ؟ (شۇنداق بولغاي ئىلاھىم . )سىز ھېلىمۇ كىملەرنىڭدۇر «ھازىرقى ئايالىنىڭ ئىلگىرىكى ئېرى ،ئىلگىرىكى ئايالىنىڭ ھازىرقى ئەر دوستى»نى ئۆلپەت قىلىپ «قىرلىق ئىستاكان»دا ھاراق ئىچىپ ، «داپ»سودىسىدا قويمىچى سوقۇپ كەتكەن پۇل ئۈچۈن ئەرز ئېيتىپ ساقچىخانىدا يېتىپ ، «ساراڭ»نىڭ سومكىسىدىن ئېلىۋالغان پۇل ـ «سىزگە تەگكەن نېسۋە»نىڭ ۋىجدان سورىقىنى بېرىش ئۈچۈن ھېلىقى «تۇل خوتۇن»نىڭ ئۆيىنى چۆرگىلەپ ، ھەم مېڭىڭىزنى سەگىتىش ئۈچۈن يېزىغا قاتراپ تۇرامسىز ؟ (تۇغقىنىڭىزنىڭ بالىسى «ئالامەت ئادەم» بوپكەتكەندۇ ؟ ھە راست ، كېيىنكى قېتىم يېزىغا چىققىنىڭىزدا ئاپتوبۇستا يەنە «سېمىز خوتۇن»نى ئۇچراتتىڭىزمۇ ، بۇدا ئۇ سىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلمىغاندۇ ؟ )

ھېلىمۇ ،قايسى شوپۇرنىڭ باشلىقىنى قورقۇتۇپ يۈرۈپ «يېڭى كېسەل»گە گىرىپتار قىلىپ قويغانلىقىنى ئېنىقلاپ ، «قوم باسقان شەھەر»نىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ياخشى-باش قاتۇرۇش ئۈچۈن ھەمپىكىر بولۇشنى نىيەت قىلىپ «يانتاق ئاقساقال» ، «سۆپۈرگە»لەرنى ئىزدەپ ۋە ھېلىقى «سودىگەرنىڭ خوتۇنى»بىلەن «بىغەملەر شەھىرى»دىكى ئېشەككە ئايلىنىپ كەتكەن باخشىنىڭ خوتۇنىغا ئېچىنىپ ھەم غەزەپلىنىپ ، (ئابدۇقادىر جالالىدىن ئاكا بۇ رومانىنى «مەسىللىك پىروزا»دەپتۇ ،مەنچە بولغاندا ، تارىخىي رومانتىزملىق ئەسەرگە مايىل ، سىزنىڭچە بولغاندىچۇ ؟ ) «چار خوراز»غا ئوخشاش جىنسىي خاسلىقى ئېنىق بولمىغان (قىز-ئوغۇللارنى پەرق ئېتىشمۇ تەس بوپكەتتىچۇ ،مۇشۇ ۋاقىتلاردا ) زەيپانە ۋە ماڭقۇرتلاشقان ،ئەبجەش مەدەنىيەتنىڭ ئەسەبىي غالچىلىرىغا ئايلانغان بىغەم يىگىتچاق ـ خېنىمچاقلىرىمىزغا «كونا-يېڭى ئىشلار»نى سۆزلەپ راسا بىر تەربىيە ئىشلەشنىڭ ياخشى پۇرسىتىنى كۈتۈپ ، «تارىمنىڭ بۈگۈنى ئۈچۈن باش قاتۇرايلى» دەپ تەشەببۇسلار تارقىتىپ ، خەلققە تېخىمۇ نەپ بېرىدىغان ياخشىراق يېزىقچىلىق «ئادەت»ى ئىزدەپ يۈرەمسىز ؟

ئەسەرلىرىڭىزگە تەشنا بولغان بۇرادەرلەر : ـ ئۇ ھازىر يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە رەئىس بوپتۇ ، شۇڭا ئەسەر يېزىشقا كۆپ ۋاقىت چىقىرالمىسا كېرەك ، دېيىشىپ يۈرۈيدۇ ، بۇ گەپ راستمۇ ؟ ئۇنداقتا سىزمۇ ھازىر رەھبەرلىكىڭىزنى پەش قىلىپ «ئەركەك سۇ ئىچىش»نى تاشلاپ ،ھېلىقى شوپۇر نىمجان مۇھەممەتتەك «قايناقسۇ ئىچىسىڭىزمۇ چىشىڭىزنى كولاپ» ، «ئالتۇن چىشلىق ئىت»نىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلگەنلىكىنى ھەم «قارا قورساق سەركە»نىڭ يەنە نېمە شۇملۇقلارنى قىلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى «تەكشۈرۈش»قىلىپ يۈرەمسىز ؟

چاقچاقمۇ قىلىپ بولدۇم . ئەمدى سىزگە دېمەكچى بولغان ئاساسىي گەپكە كەلسەم ، مەن يېقىندىن بېرى سىزگە باشقىچە قارايدىغان بوپقالدىم . قانداق قارايسەن ، دەپ سورارسىز ھەقىقچان . ئالدىرىماي تۇرۇڭ .مەن ئاۋۋال مېنى سىزگە باشقىچە قاراشقا ئىگە قىلىپ قويغان ئىشلار توغرىسىدا ئازراق سۆزلەپ بېرەي . شۇندىلا مەقسىتىمنى ئاسانراق ئۇقتۇرارمەن دەيمەن :

«ئالتۇن چىشلىق ئىت»نى يېزىۋېدىڭىز ، ھەرقايسى ساھەلەردە دۆلەت كادىرلىرى تېخىمۇ چىرىكلىشىپ ،چېنىپ قالغۇدەك بولسا شىرىكلىشىپ «باسما قۇدۇق»قا ئايلىنىۋېلىشتى .دوختۇرلار ھېلىقى ۋاقىتتا ئالتۇن چىشلىق ئىتىڭىزنىڭ چىشىنى يۇلغان بولسا ھازىر چىشىڭىزغا ھېچبىر ھېيىقمايلا كۆز سالىدىغان ، مەقسىتىنى ئوچۇقلا ئېيتىپ «قىزىل بولاق»سىز جاننى قۇتقۇزمايدىغان بولۇشتى .

«قىرلىق ئىستاكان»نى يېزىۋېدىڭىز ، ھەرقايسى جايلاردا ئەقلىنى ھېسسىياتقا قۇل قىلىپ بېرىپ «قىرلىق ئىستاكان نوچىلىرى»مەيدانغا كەلدى ، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىقىنى ،قەدىر-قىممىتىنى «قىرلىق ئىستاكان»غا تېگىشىۋېتىشتى .

«بۇرۇت ماجىراسى»نى يېزىۋېدىڭىز ،مانا ھازىرغا كەلگەندە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت ۋىلايەت-ناھىيەلىرىدىكى بەزى «دانا»رەھبەرلىرىمىز ھەقىقىي تۈردە «بۇرۇت ماجىراسى»قوزغاپ (ئەمەلىيەتتە بۇ «دانا»لىرىمىزنىڭ قولىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش « ! » قويۇپ ، تۆۋەندىكىلەرنى قورقۇتۇشتىن ئۆزگە يەنە نېمە ئىشلار كېلىدىغانلىقى نامەلۇم ) ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بولۇپمۇ مائارىپچىلارغا بۇرۇت ئارقىلىق جازا بېرىدىغان ، «بۇرۇتى بارلارنىڭ چوقۇم پىچىقى بولىدۇ»دەپ قارايدىغان بولۇۋېلىشتى . (بىز ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە يېنىدا پىچاق ئېسىپ يۈرگەنلەرگە ھەۋەس بىلەن قاراپ قالغاندەك ،

كەلگۈسى بىر كۈنلەردە ئەۋلادلىرىمىز بۇرۇتى بارلارغا ھەۋەس قىلىپ قالمىغىيدى !)مەنمۇ تېخى بىر ئوبدان ياراشقان بۇرۇتۇم (يىگىتلىك زىننىتىم)نى چۈشۈرۈۋەتتىم . نېمىشكە ، دەمسىز ؟ ئۇنداق قىلمىسام ماڭا يىللىق سىناپ - تەكشۈرۈشتە مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالىنىشمۇ ،13-ئايلىق مۇكاپات مائاشىمۇ يوق بولىدىكەن ئەمەسمۇ .

رەھبەرلىرىمىز دائىم «ئالتۇننىڭ ئارىسىدىن كېسەك ئىزدەپ »لا يۈرگەچكە كىشىلەر ئىككىنچى قېتىملىق بۇرۇت ماجىراسى يۈز بېرىپ قېلىپ «چۇۋۇپ-توقۇلۇشىدىن» ۋە «ئىككى پۇتىنىڭ بىر ئۆتۈككە تىقىلىشىدىن»ئەنسىرەپ بىر-بىرىگە ئىشەنمەيدىغان ،ئۆزئارا بېرىش-كېلىش قىلىشمايدىغان ،قوشنىلار ئارا قاچا سۇنۇشمايدىغان ، بىر-بىرىگە ساختا تەبەسسۇم قىلىشىپ مۇكۇشۇپ يۈرۈشىدىغان ھەتتا سەبىي باللىرى مەكتەپتىن كەلگەن ھامان ئۆيىگە سولىۋېلىپ سىرتقا چىقارمايدىغان ، قوشنىلىرىنىڭ باللىرى بىلەن ئوينىغىلى قويمايدىغان ھالەت شەكىللەندى .

ئاساسىي گەپكە كەلسەم (مەن قەستەن «دەرياغا ئوت قويماقچى» ئەمەس) ، 1990-يىللارنىڭ باشلىرىدا خروئىننىڭ زىيىنى توغرىسىدىكى كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرى قويۇلغانسېرى خروئىن چېكىپ ئۆلۈپ كەتكۈچىلەر كۆپەيگەن بولسا ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تېررورلۇق ،قاتىللىق ، بۇلاڭچىلىق ،چېكىدىن ئاشقان خۇنۇك ئىشقىي-مۇھەببەت تېمىسىدىكى ، ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت بىر جايدا ئولتۇرۇپ كۆرگۈسىز (ھازىرغۇ بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قېلىۋاتىمىزغۇ دەيمەن )كۆپلىگەن تەرجىمە فىلىملەرنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزدىمۇ بۇلاڭچىلىق ، قاتىللىق ،شەھۋەتپەرەسلىكنى ئاستا-ئاستا يامرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز .ھازىر بىزنىڭ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بەزى باللىرىمىزمۇ ئاشىنىنىڭ نېمىلىكىنى ،قايسى نەرسىنى ئىشلەتسە ھامىلدارلىقتىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ،قايسى كىيىمنى كىيگەندە بەدىنى ياخشى نامايان قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى (ئەمەلىيەتتە ئۇلار گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى، گۈزەللىكنىڭ يوشۇرۇن بولىدىغانلىقىنى ، توختىماي گىرىم قىلىدىغان قىزلار - گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ياسانچۇق مايمۇنلارلا ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بىرقىسىم ماڭقۇرت-ئازغۇنلار ،خالاس ) ، قىزلىرىمىز قىزلىق ئىپپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق بۈگۈنكى «چىچالمىسا پوقىدىن ، ئاتالمىسا ئوقىدىن» كۆرۈۋاتقان يىگىتلىرىمىزنىڭ بۇرۇتىغا چالما تىزىپ ، دوپپىسىغا جىگدە سالغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى . جەمئىيەتتە مۇھەببەت جىمى بۇزۇقچىلىقلار-نىڭ يېپىنجىسىغا ئايلاندى .ئاياللار - باللارنى ئېلىپ -سېتىش قاتارلىق قاباھەت رەزىل قىلمىشنىڭ ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى ، دىنىنىڭ تەرەققىياتىدىن ھوللىۋۇدنىڭ سىڭدۈرمىچىلىك تەرەققىياتىنىڭ تېز بولۇۋاتقانلىقىنى ،ئەۋلادلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بەكرەك ساكيامونىنى ، (ھەر تەتىلدە «غەربكە ساياھەت »فىلىمىنىڭ قويۇلۇشى پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتىلنى ياخشى ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈنلا ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن )چىنتۆمۈر باتۇردىن بەكرەك «شەپەرەڭ پەھلىۋان »نى ، ئوغۇزخاندىن بەكرەك سۇنۇۋۇكۇڭنى ، ئوغۇزخانغا يول باشلىغان كۆك يايلىلىق بۆرىدىن بەكرەك «شىر پادىشاھ» بىلەن سىمبانى ،سادىر پەھلىۋان ، تۆمۈر خەلىپە ،خوجىنىياز ھاجىدىن بەكرەك رامبو ،خېمەن ، سانخىلولارنى ، نازۇكۇمدىن بەكرەك «ئايال گاچا تەپتىش »نى ،ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ، مىرزات ئالىم ، سەنۇبەر تۇرسۇنلاردىن بەكرەك شاھرۇخخان ، جېكسون ،ئەنجىلەرنى تونۇيدىغان بولۇپ يېتىشىۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلالمىغىنىمىزدەك ، يۇقىرىقى پاجىئەلەردە قىلچە «مەسئۇلىيىتىم» يوق دېيەلەمسىز ؟

ئەنە قاراڭ ، ئەتراپىڭىزغا قارىغانسېرى كىشىنى ۋەھىمە باسىدۇ : ئەتراپىمىزدا ئادەم بارمۇ-يوق دېمەي چىملىقلاردا ھاياسىزلارچە قۇچاقلىشىپ ،ئېتەك يالىشىۋاتقان ؛ ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئەل-ئاۋامنىڭ كۆزىچىلا سومكىلىرى (بۇ سومكىلارغا جىرىڭشىپ تۇرىدىغان مېتاللار ئېسىلغان بولۇپ ، خۇددى ئات-ئېشەك ياكى ئىتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇلغان قولدۇرما-قوڭغۇراقلارغا ئوخشايدۇ )دىن ئالىيېشىل بوياقلىرىنى ئېلىپ ئۆزلىرىنى ئالۋاستىغا ئوخشىتىپ گىرىم قىلىشىپ - گۈزەللىكنىڭ كۆرسىنى چۈشۈرۈۋاتقان ؛ئاتا-ئانىسى ،يىگىتى ،سۆيگەن قىزى (قاراڭ بۇ يىگىتلىرىمىزنى ، خېنىم مىجەزلىشىپ ئەمدى شۇ سېغىز كەمپىتلەرنى چايناپ ،شۇنى ئېتىلدۇرالىغىنىدىن پەخىرلىنىپ يۈرۈشىدۇ .شۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرسەم ئويلاپ قالىمەن : بۇ مەنزىرىنى تۆمۈر خەلىپە ئاتىمىز كۆرگەن بولسا نېمە دەر ئىدى - ھە ؟- ھۇ لومودى ،دەييۇز ،خوتۇنتالاق . . . دەر بولغىيتتى ،بەلكىم ! ) ،پەرزەنتى ،ئوقۇغۇچىلىرى ، ئەل-جامائەت . . . ئالدىدىلا ماچىلدىتىپ سېغىز كەمپىت چايناشىۋاتقان ؛ پاھىشەلەر كوچا-كويلاردا ، دوقمۇشلاردا قاش-قاپىقىنى ئوينىتىپ خېرىدار چاقىرىپ ئاپئاشكارا زىنا سودىسى قىلىشىۋاتقان . . . ھەممە -ھەممىسى شۇ كىنولاردىن يۇقتۇرۇۋالغان «مەدەنىيەت »لەر . يەنە قاراڭ ، ھازىر بىزدە ئاتا-ئانىسىنى ئۆزلىرى ،سىلى ،سىز دەيدىغان پەرزەنتلەر قانچىلىك ؟ مۇھەببىتىم بىلەن كۆرۈشەتتىم ، يىگىتىم ساقلاپ قالغان ، دېگەندەك

«مەدەنىيەتلىك ئىبارىلەر»نى ھېچ ھېيىقماي ئاتا-ئانىسى ئالدىدىلا دەۋرىدىغان «ئىچىۋېتىلگەن - ئىدىيىسى ئازاد» ياشلىرىمىز كۆپىيىۋاتىدۇكى، ئاتا-ئانىسىنى بىرى سەت گەپ بىلەن تىلللىسا يۈرگەن قىزى ياكى ئايالىنى تىللىغاندىن بەكرەك غەزەپلىنىدىغان ئەركەكلىرىمىز زادى قانچىلىك؟

شۇنچە ئەبجەشلىكلەر، ئۆزگىرىش - ياتلىشىشلار ئىمانى كامىل، روھى ئويغاقلارنى تەشۋىشكە سالسىمۇ،نۇرغۇن چۇقانلار سېلىنىۋاتسىمۇ، ئەمما بۇ ئەبجەش مەدەنىيەتنىڭ ئەسەبىي غالچىلىرى ھېچنېمىدىن خەۋەرسىزدەك خىرامان ھەتتا كۈلىشىپ-يايرىشىپ دوزاخقا قاراپ كېتىۋاتماقتا. ئۇلارنىڭ ھەربىر چامدىشى مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى، بۈگۈنىنى،كەلگۈسىنى ئۆزى بىلەن بىرگە دوزاخقا سۆرىمەكتە. ئەپسۇس، ئۇلار يەنە شۇنچە بىغەم.

«شۇنداق بىر قوشۇننىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بىغەملەر شەھىرىگە ئاللىبۇرۇن يېتىپ بولغانىدى.ئەلۋەتتە مۇنداق خەۋەرلەرنى ئالدى بىلەن ھېلىقى چۆلنىڭ ئوغرى يوللىرىدا شەيتاندەك ھەرىكەتلىنىپ يۈرىدىغان سودىگەرلەر يەتكۈزۈپ بولاتتى. شۇتاپتا ئادەملەر شەھەر سىرتىغا توپلانغان بولۇپ، بۇ كىشىلەرنى شەھەرنىڭ چوڭ ئاقساقىلى - يانتاق ئاقساقال تەشكىللەپ يۈرەتتى.

. . .

بۇ ئادەملەرنىڭ چىرايى، يۈرۈش - تۇرۇشىدىن جەڭگە ئەمەس،كۆڭۈللۈك بىر سەيلىگە چىقىشقاندەك كۆرۈنەتتى. ناغرا-دۇمباق چالغۇچىلار ھەۋەس بىلەن چوكا ئۇراتتى،كارناي-سۇنايچىلار قوۋۇزىنى بولۇشىغا كۆپتۈرۈپ، قولاقنى يارغۇدەك قاتتىق ئاۋاز چىقىرىشاتتى. ئۇششاق باللار ھەر تەرەپكە قاراپ يۈگرۈشەتتى.خۇددى بۇيەردە بىرەر مەرىكە بولۇۋاتقاندەك، يېمەك-ئىچمەك،ئۇسسۇزلۇق سانقۇچىلارمۇ توپنىڭ بىر چېتىگە ئۆز يايمىلىرىنى يېيىپ ئۈلگۈرگەندى. بۇ ئالامانىي تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئۆزى بىرگەپ ئىدى.تۆمۈرچىنىڭ قولىدا بولقا،دېھقاننىڭ قولىدا ئارا،ياغاچچىنىڭ قولىدا توقماق... ئىشقىلىپ ھەركىم قولىغا چىققان نەرسىسىنى كۆتۈرۈپ بۇ مەيدانغا كەلگەندى. ئۇلار ھەدەپ بىر-بىرى بىلەن چاقچاقلىشىۋاتاتتى» («قۇم باسقان شەھەر»رومانىنىڭ 94-بېتىگە قارالسۇن).

ئەنە شۇنداق،جەمئىيىتىمىز يەنىلا يەلكىنى يوق كېمىدەك رەھىمسىز دەريا دولقۇنلىرىدا سۇنىڭ ئېقىشىغا يۈرمەكتە.

«نەي ئاۋازى»دا مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاشۇ «ئۆلۈككە خەت»يازغان ۋاقىتلىرىڭىزنى ئەسلىگەچ «خاسىيەتلىك قار»دا روھىڭىزنى تېخىمۇ پاكلىشىڭىزغا تىلەكداشمەن. سىز خەلقىمىزنىڭ روھىيەت ئېتىزلىرىنى پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن بېھېساب تەر ئاققۇزدىڭىز، مانا بىزمۇ سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇپ يۈرۈپ «تۇخۇم تۇغۇشنى بىلمىسەكمۇ تۇخۇمنىڭ تەمىنى تېتىپ قالدۇق».سىز ماڭغان مەنزىلگە ماڭغىلى،«نازۇكۇم»نى ياد ئېتىپ، يىرىڭدىغان جەمئىيىتىمىزنىڭ كېسىلىنى بىرگە داۋالىغىلى بېلىمىزنى باغلىدۇق. بىزگىمۇ قول بېرىپ قويۇڭ. ئاللا ھەممىمىزگە روھىي پاكلىق ئاتا قىلغاي!

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كەسپىي - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M2)

---

**ئاپتورلار سەمىگە:**

**ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك ئاپتورلارغا قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشنى سورايمىز.**

**- «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى**



# دېھقان قىزىنىڭ ئېيتقانلىرى

**پاتىگۈل قاسىم تۆربەگ**

مەن دېھقان قىزى ،شۇڭا دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ماڭا بەشقولدەك ئايان . بۇ بىرئەبجەش بايان بولغاندىكىن ئۆزۈمنى كۆپ چەكلىمىگە ئۇچراتمايلا كۆز ئالدىمدا بولغان ئىشلارنـــى ئۇدۇللا ئېيتىـــپ ، دېھقانلارنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىنى خەلقىمىزگە ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم .

**ـ ئاپتوردىن**

## تۇگىمەس ۋەزىپە

سىلەر بەلكىم «تۈگىمەس ناخشا» ، «تۈگىمەس دۇنيا» . . .دەپ كۆپ ئاڭلىغانسىلەر ،مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى كۆپرەك ئاڭلىغىنىم دېھقانلارنىــڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن «تۈگىمەس ۋەزىپە» .دېھقانلار دائىم : «دەردىمىزنى تىڭشايدىغانلار بار ،ئىشىمىزنى ئوڭشايدىغانلار يوق »دېيىشىدۇ .

دېھقانچىلىق ـ پاتقاقچىلىـــق ،قىـــلماي دېسە ئاچارچىلىق . . . يىل بويى ئاشلىق تېرىيمىز ،بۇنىڭ بىلەن خەقنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىمىز ،ئەمما تاس قالىمىز ئۆزىمىز ئاچ قالغىلى .

ـ نېمىشقا ؟

ـ نېمىشقا بولاتتى ،پۈتكۈل دېھقانچىلىقىمىزدىن چىققان ئاش يەيدىغانغا تۈگۈل ھۆكۈمەتكە سېتىش ۋەزىپىسىگە كەملەيدۇ .كەملەپ قالغىنىغا ئاشلىـــق سېتىۋېلىپ تولۇقلىشىمىز شەرت . ئاشلىق تاپالمىساق جەرىمانە تۆلەيدىغان گەپ . كۆزلۈك يىغىمنى يىغىپلا دېھقانلارنىڭ ھەممىسى قەرز تۆلەشكە چاپىدۇ :بانكا قەرزى ،سۇ پونكىتىغا سۇ بېجى ،مالىيە پونكىتىغا يەر بېجى ،كەنتكە جامائەت فوندى . . . دېگەندەك . تۈگىمەس ئالمىغان پۇلنىڭ بەرمىگەن «قەرز »نىـــى تۆلەشتىن سىرت كومباينچىغا «ئورۇش پۇلـــى» ، تراكتورچىغا «يەرھەيدەش پۇلى» ، «يەرتۈزلەش پۇلى» . . .تاپشۇرىدۇ .كاناي ياغلىغىلـــى ياغ بولمـــسا مەيلىكى دېھقانىنىڭ چورۇقـــى مايىســـراپ كەتسە بولمايدۇ . يوللىرىمىز ئاسفالتلاشتى ،بۇ دېھقانىنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە ياسالغان .ئەمما ھېچكىم ھەقسىز مېڭىشقا بولمايدۇ . ئولتۇرغان ئۆيىمىز قۇرما تام ياكى سوقما تام بولغىنى بىلەن دەرۋازىمىز ئوردا قوۋۇقىـــدەك چوڭ ۋە ھەيۋەتلىـــك . «تەكشۈرۈش ئۆمىكـــى »كەلسە كۆرۈدىغىنـــــى كۆزگە تېزلا چېلىقىدىغان ئەنە شۇنداق خىشتىـــن سېلىـــنغان ھاجەتخانا ۋە قورۇق تام .قورۇقتامنىڭ ئىچىدىكـــى ئادەملەرنىڭ ئورۇق ياكى سېمىز ،ئاچ ياكى توقلۇقى بىـــر ســـر .بۇلارغا دېھقانلاردىن مەجبۇرىي پۇل يىغىلىپ بىر تۈتاش تام قوپۇرغان بولسىمۇ لېكىن ئوغرى كىرەلمىگۈدەك سېلىنغىنـــى يوق .خۇددى كېلىۋاتقان كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك

### دېھقان نېمە دەيدۇ؟

توغان بىلەن توساپ ئىككى تەرىپىنى ئۇچۇق قويغاندەكلا .

مەھەللىمىزدە ئەللىك ئۆيلۈك ئادەم بار . ھەربىلى سەككىز ئائىلە پىلە باقىدۇ .باقسىلا بولۇدىغان ئىش بولسىغۇ مەيلىدى . ۋەزىپە كەملەپ قالسا جەرىمانە تۆلىگەنىنىڭ سىرتىدا كېلەر يىلى قايتا باقىدىغان گەپ . ئۇنىڭ ئۈستىگەسانىنىڭ جىقلىقى ، ئازدىگەندىمۇ 500-1000تالغىچە پىلە . پۇلغا سېتىۋېلىپ ئۆزىمىز تالادا يېتىپ ،بۇجازانخورلارغا مېھمانخانا ،ياتاق ئۆيلەرنى بوشىتىپ بېرىمىز . جىنىنىڭ بوشلۇقىچۇ تېخى ،چۈش ياكى چۈمۈلە چاقسا ئۆلۈپلا قالىدۇ .بەزىدە تېخى گۈندىپايدەك قاراپ تۇرۇپ باقمىسا چاشقانلارمۇ يەپ كېتىدۇ . بۇ پىلە قۇرتى دېگەنگە ئۈجمە يوپۇرمىقىدىن باشقا نەرسىنى ئەسلا بەرگىلى بولمىغان . دەسلىپىدە بىرتال پىلە كۈنىگە بەش-ئالتە كىلوگىرام ئەتراپىدا يوپۇرماق يەيدۇ ، كېيىنچە ھەركۈنىگە ئون كىلوگىرامدىن ئارتۇقراق يەيدۇ . يوپۇرماق يېتىشتۇرەلمىسەك كېچىلىرى ئۇخلىماي يىراق-يىراق سەھرا - جاڭگاللاردىن يوپۇرماق ئوغرىلاشقا چاپىمىز . قورسىقى سەللا ئاچ قالسا بىر-بىرلەپ ئۆلۈشكە باشلايدۇ . ھەتتا تېخى يوپۇرماقنى يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ، سىپاپ سىلىپ بەرمىسە ئىچى سۈرۈپ ئەمدىلا توقۇلغان ئاپئاق پىلە غوزىكىنى قارا رەڭگە بويۇۋېتىدۇ .رەڭگى سەل سارغىيىپ قالغان غوزەكمۇ پىلە زاۋۇتىغا بارغاندا بىر تىيىنغىمۇ يارىمايدۇ . كېچە-كۈندۈز باقان مۇشۇ پىلە يىپىدىن توقۇلغان كىيىملەرنى دېھقانلار ئۆمرىدە بىرەر قېتىم كىيىشكىمۇ مۇيەسسەر بولالمايدۇ .بىر كىلو پىلە غوزىكىنى ئون سومدىن ساتساق ، يۇقىرىغا 60 - 70سومدىن يۆتكىلىدۇ .

چۈجە بېقىش ۋەزىپىسىمۇ بار . چۈجە باقساق ھاللىق سەۋىيىگە يەتكىلى بولىدۇ ،چۈنكى چۈجە توخۇ بولىدۇ ،توخۇ تۇخۇم تۇغىدۇ ، تۇخۇمدىن چۈجە چىقىدۇ . . . چۈجە سانى 60تىن كەم بوپقالسا جەرىمانە تۆلەيمىز .كەنتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بازاردىن سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ .بازاردىن پىيالە چوڭلۇقىدىكى چۈجىنىڭ بىر دانىسى بىر يېرىم سومدىن بىر كوي سوم سەكسەن تىيىنغىچە ،كەنت دىگۋارلاشقان چۈجە چىقىرىش زاۋۇتى بار خوجايىنىنىڭ چۈجىلىرىنىڭ ھەربىرى ئىككى سوم سەكسەن تىيىندىن ئۈچ سومغىچە ، تېخى بازاردىكى بىر يېرىم سوملۇق چۈجىدىن خېلىلا كىچىك ۋە ئاۋارە .توكتىن چىققان چۈجىلەردىن 40 - 50نى باقسا ئاران بەش-ئونى ئەي بولىدۇ ، مېكىيان بولغىنىدا كۇرۇك بولسا 20-30تۇخۇم سېلىپ بەرسە ئاران بىرياكى ئىككى چۈجە چىقىرىپ قالغان تۇخۇمنى سېسىتىۋېتىدۇ .

دېھقانلارنى بۇرۇن شەھەرلىكلەر «سەھرالىق لايتۇماق »دەپ كەمسىتەتتى ،ھازىر «ئەبگا »دەپ تىللىشىدۇ ،چۈنكى ئۇلار سېغىزىرىپ ياداپ كەتكەن ئىنەككە ئوخشاپ قالدى . تېخى بۇلتۇر ئەتىيازدا دېھقانلارغا ئانار كۆچىتى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى چۈشتى . ھەربىر ئائىلىدىن كۆچەت پۇلى ئۈچۈن 20سومدىن 50سومغىچە مەجبۇرىي يىغىۋېلىندى . ئەمما ھەممە ئۆيلەر قويغان كۆچەتلەرنىڭ تولىسى تۇتمىدى .چۈنكى كۆچەت ۋاقتى ئۆتكەن ، سۈيى قېچىپ قۇرۇپ قالغان كۆچەت ئىدى . كۆچەتنىڭ پۇلىنى بىر تىيىنمۇ كەم قىلماي كەنتكە بەرسەك ، كەنت «كۆچەتچى خوجايىن »غا بېرەرمىش .

قوي بېقىش ۋەزىپىسىمۇ بار . ئۇيەر-بۇيەردىن ئاز-تولا پۇل سوراپ ياندىكى ئېشىنچى پۇل بىلەن قوشۇپ تۆت قوي سېتىۋالساق ،يۇقىرىغا يوللىنىدىغان ستاتىستىكا جەدۋىلىگە ئون قوي دەپ يېزىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار «ھاللىق سەۋىيىگە يەتتى » دېگەن قالپاقنى كىيىپ ھاۋا يەپ ،بوران كېكىرىپ يۈرۈيدىغان گەپ . ئورۇقلۇقتىن ئۆلسىمۇ ،يايلىقى يوق بۇ كىچىككىنە جايدا قوتاندىن چىقارماي باققان قويلار ئۈچۈن «ئوت ئۈچى پۇلى» تۆلەيمىز تېخى . بىرى ئىككى بولغىچە سېتىپ قەرزنى بەرمىسەك تېخى . يىل بويى قوي باققان بىلەن گۆشنى ئايدا بىر-ئىككى قېتىم بازاردىن سېتىۋېلىپ ئاران يېيەلەيمىز . باشقا ۋاقىتتا گۆشسىز ،مايسىز غىزادىن قانچە زېرىكسىمۇ ،دادىلىرىمىز بۇرتىنى پىلىكتە مايلاپ بەتتە پولو يېدىم دەپ سىرتقا چىقسا ،بىزمۇ مەڭزىمىزنى ئەڭلىكتە قىزارتىپ «كاۋاب »يېدىم دەپ يوغان قورساق كادىرلارنىڭ ئالدىدا دەمبەسقەدەم «پارات »تىن ئۆتۈشكە كۆنۈك .

## بۇنىڭغا كۆلەمدۇق ياكى ئويلىنامدۇق؟

مانا بىرنەچچە يىل بولدى كۈندۈزى ھاشاردىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەن دادىلىرىمىز بۇيرۇققا بىنائەن كېچىسى نۆۋەت بويىچە مەھەللە باقىدۇ . مەھەللىنى ئۆزلىرى باقىدۇيۇ ،ھۆكۈمەت ئامانلىق ساقلاشقا مەسئۇل قىلغان كەنت - يېزىلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش خادىملىرىغا «باشقۇرۇش ،قوغداش ھەققى » تاپشۇرىدۇ . كۈلكىلىك يېرى شۇكى ،ئىتتىن كېسەل يۇقىدەك دەپ ، پەرمان بويىچە مەھەللىمىزدىكى ئىتلارنى سۈر-توقاي قىلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىۋىدى ،مانا ئەمدى مەھەللىدە ئوغرى كۆپىيىپ كېتىپ ئىتنىڭ ۋەزىپىسى ئادەمگە يۈكلىنىپ قالدى . چاشقانلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چاشقان دورىسى چېچىلىۋىدى ، ئۆلۈك چاشقانلارنى يەپ مۈشۈكلەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەنلىكتىن چاشقان ئاپەت خاراكتېرلىك يامراپ بېشىمىزغا بالا بولدى . بىر چاشقان بىر يىلدا بىر تونىنا ئاشلىقنى يەپ بولۇدىكەن . يەنە كېلىپ «لەخمە ئۇرۇشى »باشلىنىپ قالسا ئامان قالمايمىز ،دېدىمۇ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆگزىگە

«ئۆي» سېلىشتى. ھەرقانچە ئۇلۇغ ئىقتىنىمۇ ئۈستىدىكى چۆپنى يۇتۇپ كېتەلمەيدۇ-دە. چاشقاننى يوقىتىمەن دەپ ئۆگزىنى ئۆرۈۋەتكىلى بولسۇنمۇ؟ دادام ماڭا: 1950-يىللاردا «تۆت زىياندا شنى يوقىتىش» دولقۇنىغا ئاتلانغان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى يوقالدى (ئۆلدى). ئەمما بۇ تۆت زىياندا ش تاھازىرغىچە يوقالغىنى يوق، دەيدۇ. ئويلاپ باقسام چىۋىن، پاشا، چاشقان، چېكەتكە دېگەنلەردە ئادەمگە ئوخشاش «پىلانلىق تۇغۇش» بولمىغاندىكىن، بىرى ئۆلسە مىڭى تۇغۇلىدىغان گەپكەن. يولۋاسنىمۇ يەڭگەن ئەركەك - ئەزىمەتلەرنىڭ چىۋىن - پاشىغا بوزەك بولۇشىمۇ بىر كۈلكىلىك ئىشتە. مانا، مىڭ تەستە تىككەن كۆچەتلەرمۇ چېكەتكىنىڭ دەستىدىن نابۇت بولماقتا. قېنىمىزنى پاشا شورىسا، ئوغرى-قاراقچىلار كېلىپ «جانغا تۇرامسەن، مالغىمۇ» دېسە، چاشقانلار كېلىپ ئەڭلىمىزنى، ئاشلىقىمىزنى يېسە، ياپىر، ئەجەب چىدامىلىق خەقكەنمىزبىز...

چاشقان دورىسى، تاختا مۈشۈك سېتىۋېلىپ پۇل توشمايۋاتسا، كەنتتىن مەجبۇرىي «يىلىملىق چاشقان تۇتقۇچ» تارقىتىپ، ھەر بىر دېھقاندىن ئالتە سومدىن پۇل يىغدى. (تېخى چاشقان دورىسى ياسايدىغانلار-بىزگە باھادا ئېتىبار قىلغانمىش) ئۇنەرسە ئۆيدە ھەرقانچە ئۇزاق تۇرسىمۇ ئاران تۆت-بەش چاشقان تۇتالايدىكەن. ھازىرقى چاشقانلارمۇ خېلى سەۋىيىلىك بوپقاپتۇ، ئالدىراپ يارىلىمىلىق تاختا مۈشۈككە دەسسىمەيدىكەن. ھەربىرى قورساق كۆتۈرسىلا ئاز دېگەندە سەككىز-ئوندىن بالىلىق بولىدىكەن. مۇشۇنداق ھەددىدىن ئارتۇق تۇغۇپ كۈنسېرى ئاۋۇپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ. ئۆيدىكى چاشقاننى يوقىتالماي جىلە بولۇپ تۇرغاندا سىرتتىن قۇرت تۇتۇپ كېلىش ۋەزىپىسى يۈكلەندى. يىغقان قۇرتنىڭ كىلو سانى بىر گىرام كەملىسىمۇ بولمايتتى. شۇڭا بىچارە ئاپىلىرىمىز قۇرت تېرىش ئۈچۈن ئېتىزلىقىمۇ ئېتىزلىق، سايلىقمۇ سايلىق كېزىشتى. ئەمدىلا ئوقۇش پۈتتۈرگەن بىزدەك قىزلارغا بالا بېقىش، نان يېقىش، تاماق ئېتىشتىن تارتىپ چارۋىلارغا ھەلەپ ئېتىشكىچە ئائىلىنىڭ ئۇششاق ئىشلىرى يۈكلىنىشكە باشلىدى. ئاز-تولا ئېشىنچى ۋاقتىمىز چىقسىلا ئائىلىمىزگە بىر ئاز بولسىمۇ كىرىم بولسۇن ئۈچۈن مەدىكار ئىشلىگىلىمۇ چىقتۇق (گەرچە ھېرىپ كەلگەندە باشقىلار بەلكىم شېرىن ئۇيقۇغا كېتەر. بىراق مەن ياستۇقنى تىزىمغا قويۇپ، سۇس چىراغ يورۇقىدا دەردىمنى قەغەزگە تىزىپ، مەدىكار ئىشلەپ تاپقان پۇلغا ماركا-كونۋېرت سېتىۋېلىپ مۇھەررىرگە ئەۋەتىمەن، ئاندىن ئەسىرىم دېھقان ئاتا-ئانىلىرىم بىلەن يۈز كۆرۈشەلەرمۇ، دېگەن ئۈمىدتە مۇھەررىرگە تېلېفون قىلىمەن. قايسى ئورۇن بىلەن سۆزلىشەي، ھامان «نەدە ئىشلەيسىز؟» دەپ سورايدىغان گەپ، قىلىدىغىنىم ئۆي ئىشىمۇ، خىزمەت ئورنۇم ئېتىز بېشىمۇ؟ بۇ مۇقىم ئەمەس. شۇڭا ئاران تەستە «مەن دېھقان قىزى» دېيەلەيمەن. زىرە-مونچاق، خاتىرە ياكى قونچاق ئالغىلى ساقلىغان پۇلۇم تېلېفون ھەققىگە چىقىشمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۈمىدۋار ھالدا ئۆيگە قايتىمەن).

## زۇمرەت سۇ

كالىغا «ئوزۇق پۇلى»، قويلارغا «ئوكۇل پۇلى» تۆلەپ قالغىنى بېشىمىزدىكى دوپپا، ئۇچىمىزدىكى كوپتا، ئەمدىغۇ «پۇل، پۇل» دېگەن گەپ تۈگەر. ئوھ...

دۆلەتنىڭ «ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش» يولىيورۇقى ھەممە دېھقاننى خۇشال قىلىۋەتتى. ھەممە ئائىلىدە چوڭ-كىچىك ھەممىمىز تۇرۇبا يولى كولاشقا تۇتۇندۇق. مۇشۇنداق چاڭقۇرۇن ئىشلەۋاتساق سۇ ئىدارىسىغا 400 سوم سۇ پۇلى تاپشۇرۇش پەرمانى يېتىپ كەلدى. بۇ پۇل يەرنىڭ تېگىگە كۆمگەن ئىچى كاۋاك سۇلياۋ كالتەكنىڭ ھەققىكەن. پۇل بولمىغاندىكىن بانكىدىن يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز ئالىدىغان دېھقانلار بانكا ئىچىدە ئىككى كۈن ئۆچىرەتتە تۇردى. ھېلىمۇ ئاپام مېنى تۇغۇپ قويۇپتىكەن، ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆرەك كولاپ ئالقانلىرىم تېشىلىپ كېتەيلا دېدى. تېخى كەلمىگەن سۇغا تۆلەپ قويغان 400 سوم ئاز كەلگەندەك توك ئىدارىسىدىكىلەر يېڭى سىم يولى تارتىمىز دەپ كېلىپ 200 سوم ئۇلارغا تاپشۇردۇق. ئەلۋەتتە توكنىڭ ئايلىق ئىشلىتىش ھەققى بۇنىڭ سىرتىدا. شەھەر ئىچىدە توكنىڭ بىر ۋاتى 40 تىيىن، يېزىدا بولسا بىر سوم 20 تىيىن. بۇنىڭغۇ بوپتۇ دەيلى. كۈلكىلىك يېرى، ئادەمغۇ نوپۇسقا ئايرىلسۇن، ئات، كالا، توخۇ-كەپتەرلەرگىچە بىر نوپۇس ھېسابلىنىپ سۇ ئىدارىسىغا شۇ «نوپۇس» بويىچە سۇ ئىچىش ھەققى تاپشۇرۇدىكەنمىز. كېيىنچە مال-ۋارانلىرىنى سېتىۋاتسا زىيان تارتىمىز دەپ ئويلىدىمىكىنا، سۇ ئىدارىسىنىڭ بىر خادىمى «ئومۇمىي نوپۇس»ىمىزنى تىزىملاپ چىقىپ كەتتى. سۇ ئىچكەنىكەنمىز سۇ پۇلى تاپشۇرۇشىمىز شەرت. سۇ سائىتى ئورنىتىپ بەرمەي قارىسىغا پۇل ئالسا بىزدىمۇ ئامال قانچە؟ بىراق سەھرا دېگەندە ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا ئېرىق-ئۆستەڭ، ھويلىدا قۇدۇقلىرىمىز تۇرسا، چوققىسىدا تۇمشۇقى يوق ھايۋاننى جۈمىكى يەرگە قاراپ تۇرۇدىغان تۇرۇبىدا، يەنە كېلىپ ئۆي ئىچىگە ئەكىرىپ سۇغىرىش مۇمكىنمۇ؟...

*ماۋزۇ باش مۇھەررىر تەرىپىدىن قويۇلدى.

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيە توخۇلا يېزا خالۋاپ كەنتىدە، دېھقان(M2)

www.uyghurkitap.com



# شورپىشانە قاتىل

مۇشۇ كۈنلەردە خۇۋىنخەينى تولا ئويلايدىغان بوپقالدىم. ئۇ، شەنشى ئۆلكىسى جىڭجۇڭ شەھىرى يۈسى رايونى ۋۇجىنسەن بازىرىنىڭ داگوكۇ كەنتلىك بىر دېھقان بولۇپ، قاتىللىق قىلغانلىقى ئۈچۈن 2002-يىلىنىڭ بېشىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئۇنىڭ قىلمىشلىرى «جەنۇب كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ ئۆتكەن يىلقى 208-سانىغا بېسىلدى. ئۇ، 2001-يىلى 26-ئۆكتەبىر كەچتە كەنت سېكرېتارى قاتارلىق 14ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. قاتىللىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇ «جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە نەمۇنىلىك ئائىلە»، يىلىغا تۆت-بەش تۈمەن يۈەن كىرىم قىلىدىغان ھاللىق ئائىلە ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قەبىھلىشىپ كېتىشىگە زادى نېمە سەۋەب بولغان؟

سوتتا ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش يۈزىسىدىن قىلغان سۆزىدە، خۇددى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى دوكلات بېرىۋاتقان قىيايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن يېڭى جەمئىيەتتە تۇغۇلۇپ، قىزىل بايراق ئاستىدا چوڭ بولدۇم... مەن سەممىي ئادەم بولۇشنى خالايتتىم... كەنتىمىزدىكى ئاشۇ يوقسۇل - ئاق كۆڭۈل دېھقانلار بىلەن ئەپ-ئىناق ئۆتەتتىم. شۇڭا بەزىدە ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپمۇ قالاتتىم... كەنت كادىرلىرى خىيانەتچىلىك قىلىپ، پارا يەپ، دېھقانلارنى بوزەك قىلىپ، كەنت كۆمۈر كانىنىڭ تۆت مىليون يۈەن پۇلى (بۇ پۇلنى دېھقانلار ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ناھايىتى تەستە تاپقاندى)نى بۇلۇشۇۋالدى. تۆت يىلدىن بېرى دېھقانلارنى باشلاپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا كۆپ قېتىم ئەرز قىلغان بولساممۇ، ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش، ئۆلكە، شەھەر، رايوندىكى ئەمەلدار غوجاملار كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ نەشتىرىنى سانجىدى... بىز نەگە بېرىپ دەردىمىزنى ئېيتىمىز؟ كىم بىزگە ئىگە بولىدۇ؟... مەن زورلۇقچا زورلۇق ئارقىلىق تاقابىل تۇرماقچى بولدۇم، ئۆز ھاياتىم بەدىلىگە پۇقرالارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىماي بولمىدى... ئېتىلىدىغىنىم ئېنىق. ئەگەر مېنىڭ ئۆلۈمۈم ئەمەلدار غوجاملارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئاشۇ پارىخور چۈپرەندىلەر جازالانسا، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئەرۋاھىم ئېلىپ ئايلىنىپ بولسىمۇ ئۇلارنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ». سوتنى سىرتتىن ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئالقىش ياغدۇراتتى.

مۇشۇ كۈنلەردە، خۇۋىنخەينىڭ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۆزىنى نابۇت قىلىشىغا نېمە سەۋەب بولغاندۇ؟بىر خۇۋىنخەيغۇ يوقىتىلدى، يەنە قانچىلىك ئادەملەر خۇۋىنخەي بوپكېتەر؟ دېگەندەك خىياللارنى تولا قىلىدىغان بوپقالدىم.

«جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىنىڭ 9-ئىيۇلدىكى «سوغۇق نۇقتىلار» سەھىپىسىگە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورى يۈجەنرۇڭنىڭ خۇنەن ئۆلكىسى خېڭياڭ ناھىيىسىدىكى دېھقانلارنىڭ سىيلىقىنى كېمەيتىش ۋەكىلى پېڭ رۇڭجۇنغا ئائىت ئۈچ يىل ئىز قوغلاپ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش دوكلاتى بېسىلدى. پېڭ رۇڭجۇن، چۇگاڭ، دېڭ زەيشىڭ قاتارلىقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى

دېھقان ئۈچۈن ھەق گەپ قىلالى

بىلەن ئۆلكىنىڭ دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە ئائىت ھۆججەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاشنى تەلەپ قىلىپ كۆپ قېتىم يۇقىرىغا ئەرز قىلغان... نەتىجىدە يېزا-كەنت كادىرلىرىدىن قاتتىق تاياق يەپ، سازايى قىلىنىپ، ئۆيلىرى ئاختۇرۇلغان، بەزىلىرى قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان، ھازىرغىچە تۈرمىدە ئىكەن.

مۇبادا، پېڭ رۇڭجۈنگە ئوخشاش ھەربىيدىن قايتقان بىر ئەزىمەت ئەگەر ئاچچىقىغا پايلىماي سەللا قىزىققانلىق قىلسا، يەنە بىر خۇۋېنخەيگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىنغۇ؟

شىئەن «جۇڭخۇا سودا گېزىتى» 12-ئىيۇل ساندا ئادەمنىڭ يۈرىكىنى قورقۇنچقا سالىدىغان بىر پارچە ئاخبارات سۈرىتىنى باستى: 70نەچچە ياشلىق بىر مويسىپىت شەنياڭ شەھىرى تەۋەسىدىكى شىنپىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۈچ نەپەر ئامانلىق ساقلىغۇچىسىدىن قاتتىق تاياق يەپ، چوڭ-كىچىك تەرىتىنى تۇتالماي، ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكەن. مۇزدەك سوغۇق يەردە سەككىز سائەت ھوشسىز ياتقان بولسىمۇ ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان... ئەگەر مويسىپىتنىڭ بالا-چاقىسى بولغان بولسا، ئاچچىقىدا نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟

«جەنۇب كۆزنىكى» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىل 7-ئايلىق سانىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خۇبېي ئۆلكىسى شەننىڭ شەھىرى توڭسەن ناھىيىسى دالۇ يېزىسى تاڭشىيا كەنتىنىڭ خەلق سايلىغان كەنت مۇدىرى، 54ياشلىق ئايال يۇلەنفاڭ «كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ سۈپەتسىز قۇرۇلۇش ئىكەنلىكى»، «كەنت مالىيىسىنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئاشكارا قىلىنمىغانلىقى» سەۋەبى بىلەن ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ يېزا، ناھىيە، شەھەر، ئۆلكىگىچە ئەرز قىلغان بولسىمۇ، ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، نەچچە قېتىم بېيجىڭغا بارغان. ئاخىرىدا مەسىلە ھەل بولمىغاننىڭ ئۈستىگە ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېلىنىپ، بىر يېرىم يىل ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە ھۆكۈم قىلىنغان. ئەگەر ئۇ بىر ئەر كىشى بوپقالغان بولسا، خۇۋېنخەيدەك بوپقېلىشى مۇمكىن ئەمەسمۇ؟

«دۇنيادا تۇغما قاتىل بولمايدۇ». ئادەم دېگەن ئىجتىمائىي مەخلۇق. ماركسنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا «بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى». قانداق ئىجتىمائىي ئامىل خۇۋېنخەينى ئوتتۇرىغا چىقاردى؟

خۇۋېنخەينى ماختىماقچى ئەمەسمەن. «نەزەرىيىدىكى ھەققانىيەت ئەمەلىيەتتىكى ھەققانىيەتتىن ئۈستۈن» دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان قانۇن ساھەسىدىكى بىر دوستۇم بىر كۈنى ماڭا تاسادىپىي: «شەخسىي ئۆچ ئېلىشنى قوۋۋەتلىمەيمەن» دەپ سالدى. «جىن يوڭنىڭ ھېكايىلىرىنى تولا ئوقۇپ ساڭا جىن چاپلىشىپتۇ» دەپ چاقچاق قىلدىم ئۇنىڭغا. لېكىن شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، خۇۋېنخەيگە ئوخشاشلار مەلۇم ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ھاسىلاتى. ئۇلار بارلىق ئاماللارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئادالەتنى ياقىلاشنىڭ قانۇنلۇق يولىنى تاپالماي، «كۆڭلى بۇزۇلۇپ»، «غالجىرلىشىپ» خاتا يولغا مېڭىشقا مەجبۇر بولغان. كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا شورپېشانىلەر ئۈچۈن خورسىنىمەن. ئەگەر نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا بولغان بولسا، خۇۋېنخەيگە ئوخشاشلار تىللاردا داستان بولغان بولاتتى. خۇددى «سۇ بويىدا» دىكى سۇركاۋۇل يامۇلىدا ئۆلتۈرۈدىغانلارنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، تامغا نام-ئەمەلىنى قالدۇرۇپ قويغان ۋۇسوڭدەك؛ خۇددى «تاڭ رىۋايىتى» دىكى باشقىلارنى بوزەك قىلغان زومىگەر - پومېشچىكلارنىڭ خوتۇن-بالىۋاقىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، تامغا نەزمە يازغان ۋاڭ شىچوڭدەك. لېكىن قەبىھلىك بىلەن تولغان ئوتتۇرا ئەسىردە قىساسخورلۇق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى، ئادەمنىڭ ھاياتى ئوت-خەستىنمۇ ئەرزان ئىدى.

ئەگەر نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا بولغان بولسا، خۇۋېنخەيگە ئوخشاشلار جاڭ شۆلياڭنىڭ دادىسى جاڭ زۇلىنغا ئوخشاش رەقىبىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ھەربىي بولۇۋالغان بولاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باش كۆتۈرۈپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ھېچكىم سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيتتى. ئۇ دېگەن ئەنسىز يىللار بولۇپ، زامان زورنىڭ ئىدى.

ئەگەر خۇۋېنخەيگە ئوخشاشلار يەنە نەچچە ئون يىلدىن كېيىن ياشىغان بولسا، جۇڭگودا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىزىغا چۈشۈپ، ئەل ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سۆزسىز رېئاللىققا ئايلانغان، بەختىيار دەۋراندا ھېچكىمنى بوزەك قىلمىغان، خۇۋېنخەيگە ئوخشاشلارمۇ ئۇۋالچىلىق تارتىپ يۈرمىگەن بولاتتى.

ئەپسۇس، خۇۋېنخەيگە ئوخشاشلار دەل «جەمئىيەت بۇرۇلۇش مەزگىلى» دە ياشىماقتا. ئۇلار قانداق قىلماقچى؟ ھېچ بولمىغاندا، خېنەن ئۆلكىسى جياۋزۇ شەھىرىدىكى ئايال ئىشچى، بىر نەچچە نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولغان ياۋشيۈرۈڭ ئېيتقاندەك: (ئۇيغۇرچە نەشر باش مۇھەررىرىدىن تولۇقلىما ئىزاھ - ئەسلى توغرىسى: 8-، 9-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلەسى ياۋشيۈرۈڭ مەملىكەتلىك «ئىككى يىغىن» مەزگىلىدە زىيارەت قىلىپ بارغان شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرىغا گەپىنىڭ لوندىسىنى ئېيتقىنىدەك: تىڭ يىلەن: «يۇقىراغا يىغلىۋالغۇدەك يەرتېپىپ بېرىش كېرەك»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2002-يىل 3-سان) ئۇۋالچىلىق تارتقان يۇقىرىلارغا دەردىنى ئېيتقۇدەك يەر تېپىپ بەرمەي بولمايدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي «مۇقىملىق» بولىدۇ، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بەزىلەر قالايمىقان قاتراپ يۈرۈپ، قانداق يول تۇتۇشنى بىلمەيۋاتىدۇ.

---

* ماۋزۇ ئۇيغۇرچە نەشر باش مۇھەررىرى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىپ قويۇلدى.

يەن لىيەن قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون ئەسلى «جىنخۇا گېزىتى» («金华日报») نىڭ 2003-يىل 25-ئىيۇل سانىدىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» («杂文选刊») ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 10-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

**ئىبراھىم كالا** تەرجىمىسى (M1)

www.uyghurkitap.com



# ئۇلار راستىنلا خۇشالمۇ؟

(فېلىيەتون)

ئابدۇللا ئەخەت

بىزدە ئاجايىپ بىر هال بار ـ بىرسىگە كىچىككىنە ياخشىلىق قىلساقمۇ، ئۇنى ھەممەيلەننىڭ بىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز؛ بار كۆچىمىز بىلەن جاھان ـ ئالەمگە ئاڭلاتقۇمىز، شۇئارقىلىق ئۆز ئابرويىمىزنى تىكلىگۈمىز كېلىدۇ. شۇڭلاشقىمىكىن، ئاساسلىق ئاخبارات ۋاستىسى بولغان رادىئو-تېلېۋىزىيىلەردە داۋاملىق دېگۈدەك كىملەرنىڭدۇر نامراتلارغا كىيىم - كېچەك، ئاشلىق... قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ماددىي بۇيۇملارنى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى «ھەل» قىلغانلىقى، تۇرمۇشىنى «كاپالەت»كە ئىگە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئاڭلىتىلىدۇ. بۇلارنى ئاڭلىغانسېرى، جەمئىيەتتە خەير-ساخاۋەتچىلەر كۆپىيىپ كەتكەندەك، بارلىق كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقى ھەل بولۇپ، تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بوپكەتكەندەك ھېس قىلىمىز.

مانا، بۇگۈنمۇ تېلېۋىزوردا قايسىبىر ھاكىم باشچىلىقىدىكى «ھال سوراش ئۆمىكى»نىڭ مەلۇم يېزىدىكى بىر كەنتكە بېرىپ، ئۇيەردىكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئېغىر، ئىگە-چاقىسىز دېھقانلاردىن «سەمىمىي» ھال سورىغانلىقى، «قىزغىن» ئەھۋاللاشقانلىقى ھەمدە كىيىم-كېچەك، ئۇن-ماي قاتارلىق «ھال سوراش بۇيۇمى»تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارغا «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى»نى يەتكۈزگەنلىكى، بۇنىڭدىن «تەسىرلەنگەن» كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن «ھاياجانلىق ياشلىرى»نى تۆككىنىچە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ «غەمخورلۇقى»غا كۆپ رەھمەت ئېيتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بېرىلدى. بۇلارنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ: «ئۇلار راستىنلا خۇشال بولغانمىدۇ؟» دېگەننى ئويلاپ قالدىم-دە، تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشلەرگە تەپسىلىي قارىدىم: كىيىنىشىدىن ھەقىقەتەن نامرات ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرۇدىغان، پېشانىسىدىكى يول-يول قورۇقلاردىن، ۋاقىتسىز مۈكچەيگەن گەۋدىسىدىن تۇرمۇشنىڭ كۆپ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولۇدىغان، 45-50ياشلار چامىسىدىكى بىر دېھقان گويا مۇكاپات تارقىتىۋاتقاندەك خۇشال، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان ھاكىمنىڭ قولىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى»نى تاپشۇرۇۋېلىۋاتاتتى. راست، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۆز يېشى قىلغانىدى. ئەمما، شۇنچە سەپسېلىپ قاراپمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچبىر خۇشاللىق ئالامىتىنى كۆرەلمىدىم. ئەكسىچە، ھاكىمنىڭ قولىدىن ئۇن-مايلارنى تاپشۇرۇۋېلىۋاتقان قوللىرى ئانىسىنىڭ تاۋۇتىنى تاپشۇرۇۋېلىۋاتقان ھازىدار بالىنىڭ قولىغا ئوخشاش تىترەيتتى. ئۆسكىلەڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى بىر جۈپ كۆزىدىن ئەلەم، خورلۇق ئارىلاش ئازاب ئۇچقۇنلىرى

چاقنايتتى . كۆزلىرىدىن ناھايىتى تەستە چىقىپ ، ساقاللىق مەڭزىدە ئاستا دومىلاۋاتقان ياشلارمۇ خۇشاللىق ياشلىرىغا ھېچبىر ئوخشىمايتتى . . .

خەۋەر تۈگىدى .لېكىن ھېلىقى دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۈرقى كۆز ئالدىمدىن كەتمەي ، مېنى ناھايىتى ئازابلىق بولغان خىياللار دۇنياسىغا غەرق قىلدى : نېمىدېگەن ئازابلىق ،نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك-ھە ؟ ! يىللار بويى ئېتىزدىن چىقماي ئىشلەپ تۈرۈقلۇق يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالماي خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالسا ،ئۇنى ئاز دېگەندەك تېلېۋىزورلاردا كۆرسىتىلىپ ھەممىلا كىشىگە سازايى قىلىنسا ،يەنە تېخى . . . ناھىيە ھاكىمى ۋە ھەردەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى كىشىلەرگە بىرەر خالتىدىن ئۇن ، نەچچە كىلوگرامدىن ماي . . . تارقىتىپ بېرىپلا ،«پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدۇق» دەپ تەشۋىق قىلىپ يۈرۈشى كېرەكمۇ ياكى ئۆزلىرى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان جايدا يەنىلا نامراتلارنىڭ بولغانلىقىدىن ، ئۇلارنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرەلمىگەنلىكىدىن خىجىل بولۇشى كېرەكمۇ ؟ ! . . . ئۆزلىرى «بىزنى بېيىتىدۇ ، ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرىدۇ . . .» دەپ ئىشىنىپ كەلگەن ھۆكۈمەتتىن ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن بىرەر خالتا ئۇن ، نەچچە كىلوگرام ماي ۋە ياكى بىرەر قۇر كىيىم-كېچەك ياردەم ئالغانلىقى بەدىلىگە تېلېۋىزورلاردا كۆرسىتىلىپ سازايى قىلىنغان شۇ كىشىلەر ئازاب ،خورلۇق ھېس قىلغانمىدۇ ياكى خۇشال بولغانمىدۇ ؟ ! . . .

ئويلىغانسېرى بىئارام بولۇپ ، قەلبىم ئاچچىقتىن ئۆرتەندى . ھاكىم باشچىلىقىدىكى «ھال سوراش ئۆمىكى»گە جۇملىدىن ھاكىمغا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە شۇنداق دەپ خىتاب قىلغۇم كەلدى : ئويلاپ بېقىڭلار رەھبەرلەر ، ئويلاپ بېقىڭلار ! خەلقنىڭ ، دېھقانلار-نىڭ ، ئاشۇ نامرات كىشىلەرنىڭ سىلەردىن ، سىلەر رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن كۈتىدىغىنى زادى نېمە ؟ ئاشۇنداق ھەر خىل چىرايلىق ناملاردىكى «ھال سوراش بويۇمى»مۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكى بەدىلىگە ئېرىشكەن باياشات تۇرمۇشمۇ ؟ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقىدا ،باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بوپقېلىشىدا سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار بارمۇ -يوق ؟ ئۇلارنى بۇنداق كۈندىن قۇتقۇزۇش مەسئۇلىيىتىڭلارچۇ ؟ ! . . . كۆرۈپ بېقىڭلار رەھبەرلەر ، كۆرۈپ بېقىڭلار ! تېلېۋىزوردا قويۇلۇۋاتقان خەۋەرلەرنى ، بولۇپمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ نامراتلاردىن ھال سورىغانلىقىڭلار تەشۋىق قىلىنغان خەۋەرلەرنى ئوبدانىراق كۆرۈپ بېقىڭلار . ئۇنىڭدىكى كۆرۈنۈشلەرگە ،نامرات دېھقانلارنىڭ سىلەردىن ھەر خىل چىرايلىق ناملاردىكى «سەدىقە»نى تاپشۇرۇۋېلىۋاتقاندىكى كۆرۈنۈشكە ، ئۇلارنىڭ تىترەۋاتقان قوللىرىغا ، كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلارغا سىنچىلاپ قاراپ بېقىڭلار . ئەمەلدارلىق كۆزۈڭلار بىلەن ئەمەس ، ھەقىقىي ئىنسانغىلا خاس بولغان ئىنسانىي ئەقىل كۆزۈڭلار بىلەن قاراڭلار ! ئاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزۈڭلاردىن سوراپ بېقىڭلار : ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقىنى زادى قانداق ياش ؟ ئۇلار راستتىنلا خۇشالمۇ ؟ ! . . .


---

ئاپتور : قاغىلىق ناھىيە بەشئېرىق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى(M2)

## ئاپتورلار سەمىگە:

بەزى ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەرئەۋەتكەندە ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ۋە ئادرېسىنى كونۇۋېرتقا يېزىپ ئەسەرگە يازمايدىغان مەسئۇلىيەتسىزلىككە ئادەتلىنىۋالدى. شۇڭا ئالاھىدە تەكىتلەيمىزكى: ئاپتورلار كونۇۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم - فامىلىسى، ئادرېسىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

- «شىنجاڭ مەدەنىيتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى



# ئىدارىنىڭ ئادىمى

مېنىڭ ئىدارەم بار، مەلۇم بىر ئىدارىدە ئىشلەيمەن. ئىدارەم بولغاچقا، يۆلىنىدىغان تېغىم بار بولدى. ئىدارە مېنىڭ بارلىقىم، مەن ئۇچۇن تەڭرىنىڭ ئۆزى. مەن بارلىقىمنى ئىدارىگىلا ئاتىۋەتكەنمەن. ئۇستىۋاشلىرىمغا ئىدارىنىڭ ئىزناسى چۈشكەن. ئىدارە دېگەن مەنمۇ ياكى مەن دېگەن ئىدارىمۇ؟ بۇنى تازا ئۇقۇپ كەتمەيمەن.

مەن ئىدارەمنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن. بۇ ئالەمدە مېنىڭ بىردىنبىر چوقۇنىدىغان نەرسەم ئىدارە. ئىدارە ماڭا مائاش، ئۇنۋان، ئۆي، ئورۇن، ئابروي دېگەندەك ھەممىلا نەرسىنى بەرگەن. خوتۇنۇممۇ ئەڭ دەسلەپتە ئىدارەم بولغاچقا ماڭا تەگكەن. ئەگەر مۇشۇنداق ئوبدان ئىدارەم بولمىغان بولسا، مەندەك بىر سەھرالىقنىڭ شەھەردىن جۇرە تېپىشى ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەس ئىدى. خەقلەر جۇرە تېپىشتا بەكلا ئەقىللىق بوپكەتتى، پۇلىڭىز، ئۆيىڭىز بولمىسا خوتۇن ئالىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمەڭ. مېنىڭ مۇشۇنداق ئوبدان ئىدارەم بولغاچ باشقىلارمۇ ماڭا تېگىشكە ئۇنىدى. ئىدارە ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەردى. دېمىسىمۇ، ئىدارەم ناھايىتى نۇرغۇن مۇشەققەتلىرىمنى ئۆگاي قىلىپ بەردى. ئائىلىۋى، ئۆي تەقسىملەش، داۋالىنىش، ئىسسىنىش خىراجىتىنى ئاتچوت قىلىش، ساياھەتكە ئاچىقىش ۋەھاكازالار. شۇڭلاشقا، ئىدارەمگە بولغان مىننەتدارلىقىم تۈگىمەيدۇ. ئىدارىدىلا بولسام كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالىدۇ، بىركۈنلا ئىدارىدە بولمىسام، پاراكەندە بوپقالىمەن. قوش ئارام كۈنلىرىدە ھېچبىر ئىشىم بولمىسىمۇ، ئۇنى-بۇنى دەپ ئىدارىگە بېرىپ باقىمەن. ئىشىكباقار رەھبەرلىككە مېنى دائىم ئىش قوشۇپ ئىشلەيدۇ، دەپ ئىنكاس قىلىدۇ. شۇڭا رەھبىرىم چوڭ يىغىندا مېنىڭ خالىس تۆھپە قوشۇش روھىمنى ماختاپ، كۆپچىلىكنى ئۆگىنىشكە چاقىردۇ. ئەمما دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈن كۈن بويى خاۋاتىرلىنىمەن. مەن ئىدارىگە ئىشلىگىلى ئەمەس، كۆڭلۈمنى تىندۇرۇش ئۈچۈن بارىدىغان تۇرسام، مۇشۇ ئىشمۇ ماختالغىلى تۇرسا ئادەم سەل دەككە-دۈككە بولىدىكەن. باشقىلار ھەقىقىي ئەھۋالنى

## ئاچچىق كۈلكىلەر

بىلمىسىكەن دېيمەن، شۇنداق بولسا مەن بۇنى چۈشەندۈرۈپ بولالماي قالىمەن.

ئىدارىدە مېنىڭ ئەڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىم ماڭاشنىڭ ئۆسۈشى. ماڭاشىمىنىڭ ئۆسۈشى تېز ئەمەس، ئەمما تولىمۇ ئۈمىدۋارمەن. كادىرلار بۆلۈمىگە بېرىپ دائىم ماڭاشنىڭ ئىشىنى ئۇقۇشۇپ تۇرىمەن، ئۆسىدىغانلىقىنى ئاڭلىسام، ھاياجاندىن كېچىچە كىرپىك قاقمايمەن. ئومۇمەن، «ئۆسۈپتۇ» دېگەن گەپتىن راستىنلا ئۆسكىچە يېرىم يىللار كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مەن كۆپچىلىك بىلەن بۇ ئىشنى شۇنچىلىك قىزغىن مۇھاكىمە قىلىشىپ كېتىمەن. ھەرقېتىم ماڭاش ئۆسسە، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمىمەن. مۇكاپات پۇلى تارقىتىلغان كۈنىمۇ ماڭا ئەڭ خۇشاللىق كۈن بولىدۇ. «مۇكاپات بەرگۈدەك» دەپ بولغىچە، 100 مېتىرغا يۈگرەيدىغان تەنھەرىكەتچى بويرۇق تاپانچىسىنى ئاڭلىغاندەك، مالىيە بۆلۈمىگە ئوقتەك چاپىمەن. دەررۇ تىزىملىكنى تېپىپ، ئىمزايىمنى خۇشاللىق بىلەن قوندۇرۇپ، كاسسىر بەرگەن پۇللارنى خۇشاللىق بىلەن ساناپ كېتىمەن. مۇكاپاتنى ئېلىپ شۇنچىلىك شادلىققا تولۇپ كېتىمەن. مەن پۇلنى خۇددى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرىمەن. ئىدارىسى بار بىر ئادەم مۇشۇنداق بوپكەتسە سەل قاملاشماي قالىدىكەن. مەن ئىدارىنىڭ بىرەر نەرسە- كېرەك تارقىتىشىغىمۇ بەك ھېرىسمەن. بايراملار كەلسە، ئىدارە بىرەر خالتا ئۇن، بىرەر قاپاق ماي، تۆت-بەش كىلو تۇخۇم دېگەندەكلەرنى تارقىتىپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق نەرسىلەرگە بەك ھېرىسمەن بولغاچقا، بەزىدە كۈلكىلىك ئىشلارمۇ يۈز بېرىدۇ. بىر قېتىم كاماندىروپكىدىن كەلسەم، بايرام ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۆيگە كەلسەم، بىر ئىشدىشىم بىر بولاق نەرسىنى كۆتۈرۈۋاپتىكەن، بۇنى تارقاتتىمۇ دەپ سوراپتىمەن. كېيىن ئۇقسام، بۇ ئەسلى ئەخلەتكەن ئەمەسمۇ. خىجىللىقتا يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم.

پاراڭلىشىشنى قەۋەتلا ياقتۇرىمەن، بىر كۈن پاراڭلاشمىسام ئىچىم پۇشۇپ ئۆلگۈدەك بولىمەن. پاراڭلىرىمىزدا دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ جەمئىيەتتىكى قىزىقچىلىقلار، ئائىلىدىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىن تارتىپ جاڭ سەننىڭ كىچىك ئاشنىسىنى بېقىۋاتقانلىقى، لى سىنىڭ ئەيدىز كېسىلى بولۇپ قالغانلىقىدەك قىزىق نۇقتىلارنىڭ ھەممىسى بولىدۇ. پاراڭلاشسا ۋاقىت ھەقىقەتەن تېز ئۆتىدۇ، بولمىسا، بۇ ۋاقىتنى توشقۇزماقنىڭ ئۆزى بىر گەپ. مەن پاراڭلاشقاندا شۇنچىلىك كىرىشىپ كېتىمەن. بىر قېتىم پويىز ئىستانسىسىدا پويىز ساقلاۋېتىپ، ناتونۇش بىرسى بىلەن شۇنچىلىك قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن، ھېلىقى كىشى خوش دېگەندىلا پويىز ساقلاۋاتقانلىقىم يادىمغا يەتتى، سائىتىمگە قارىسام، پويىز كەتكىلى ئىككى سائەت بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ھېچ ئىش قىلماي، ئارامىمۇ ئالماي كۈتۈشخانىدا بىراۋنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەپ، ئەتىنىڭ پويىزى كەلگىچە پاراڭلاشتىم. ئىدارىگە قايتىپ كەلسەم، باشلىقىم نېمىدەپ بىر كۈن كېچىككەنلىكىمنى سورىۋېدى، چاقماق تېزلىكىدە ئەقىل تاپتىم. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان بىر ئادەمنى يولۇقتۇرۇپ قېلىپ بىر كېچە نەسىھەت قىلىپ، ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن ياندۇرغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم. باشلىقىم دەرگۇمان بوپقالدى. شۇ ئىشتىن شۇنداق قۇتۇلۇۋالدىم. سەمرىپ كېتىۋاتىمەن. بويۇم 170 سانتىمېتىر بولغان بىلەن، ئېغىرلىقىم 95 كىلوغا يەتتى. پۇت-قولۇمدا ماغدۇر يوق، ئالتە قەۋەتلىك بىناغا چىقىپ-چۈشكىچە بولالماي قالىمەن. ئايالىم: «ئىدارىڭىز بورداقچىلىق ئورنى ئىكەن، چوڭ چاتاق چىقمىسىلا، يەنە گەپ يوق ئىككى-ئۈچ يىلدا قورسىقىڭىز يوغىناپ، پۇر سېمىزنىڭ ئۆزى بولىسىز» دەيدۇ. يەنە ئايالىم: «ئىشلەۋاتقىلى 20 يىل بولدى، ئېغىرلىقىڭىز ۋە يېشىڭىزنىڭ ئۆسكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانداق يېڭىلىق يوق» دەيدۇ. ئويلاپ كۆرسەم، ئايالىمنىڭ دېگىنى توغرا. ئىدارىدە 20 يىل ئىشلەپتىمەن، ھېچنەرسە ئۆگەنمەپتىمەن. ئىدارە مېنىڭ ھاسا تايىقىم. ناۋادا ئۇنىڭدىن ئايرىلسام، نېمە بولىدىغانلىقىمنى ئۇقمايمەن. ئادەتتە «ئىش ئورنىدىن قېلىش» دېگەن سۆزدىن بەك قورقىمەن. مۇشۇ سۆزنى ئاڭلىساملا تىترەك باسىدۇ. قاچان ئىش ئورنۇمدىن قالىمەن، بۇنى بىلمەيمەن. ئاشۇ سۆيۈملۈك ئىدارەمدىن ئايرىلىشنى ئويلىساملا يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئازابلىنىمەن. مەن نېمىشقا مۇشۇنداق بىچارە بوپقالغانلىقىمنى ئۇقمايمەن. شۇڭا يېقىندىن بېرى ئۇيقۇم قېچىپ، ئىش ئورنىدىن قېلىپ، ئىدارىسىز ئادەمگە ئايلىنىپ چۈشەيدىغان بوپقالدىم. مەن شۇ كۈنلەردە بۇتساتۋادىن ئۆز پاناھىدا ساقلاشنى تىلەيدىغان بوپقالدىم. بۇنىڭ ئەسقاتىدىغان، ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن.

ئاشۇنداق بىئارام بولۇۋەرگەچكە دوختۇرخانىغا باردىم. بىر پېشقەدەم دوختۇر دەردىمنى ئاڭلاپ بولۇپ، «ئىدارە يىغىندى كېسىلى»گە گىرىپتار بوپسىز، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مۇنداق كېسەلگە دۇچار بولغانلار بەك كۆپمىش. داۋاسى بار-يوقلۇقىنى سورىسام، ئامالسىز قىياپەتتە باش چايقىدى

---

مۇپىجىنى قەلەمدىكى بۇ فېلىيەتون «بىرلەشمە گېزىت» (《联合日报》) نىڭ 2003-يىل 29-ئىيۇل سانىنىڭ «چۇقان» بېتىگە بېرىلگەن، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» (《杂文选刊》) ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىل 10-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

**سۇلايمان قەييۇم** تەرجىمىسى (M2)

www.uyghurkitap.com




# «باش قەھرىمان» ئۈچۈن

(فېليەتون)

**روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ**

ئاشخانىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتتۇم. پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىدەك تونۇش-بىلىشلەر بولمىغاچقا، ئامالسىز سىنئالغۇدا قويۇلۇۋاتقان فىلىمنى كۆرگەچ ئولتۇرماقچى بولدۇم. پەمىمچە، فىلىم تازا جىددىي يېرىگە كەپقالغان بولسا كېرەك. چۈنكى ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ بەزىسىنىڭ چوكىسىدا لەڭمەن، بەزىسىنىڭ ئېغىزىدا قوشۇق، بەزىسىنىڭ ئېغىزى كاماردەك ئېچىلغىنىچە قېتىپ قېلىشقانىدى.

تەسرەك تەييار بولۇدىغان تاماقنى بۇيرۇتقانىكەنمەن، شۇڭا، فىلىمنى خېلى ۋاقىت كۆرۈشكە مەجبۇر بولدۇم ۋە بىردىنلا ھىندىستان فىلىملىرىنىڭ نېمىشقا باشقىلارنى شۇنچە مەپتۇن قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى، قېلىپلىشىپ كەتكەن ۋەقەلىك بولماستىن، بەلكى فىلىم باش قەھرىمانىنىڭ ئاجايىپ ئىقتىدارى، ماھارىتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. بەلكىم بۇنداق ئويلىشىم بىرتەرەپلىمىدۇ. ئەمما، ئۇنداق ئەمەس دېگىلىمۇ بولمايتتى.

بۇ فىلىمدىكى باش قەھرىمان قايەرگە بارمىسۇن ئاسانلا كۆزگە چېلىقىدىكەن. چۈنكى ئۇ بىر ئېغىز ناخشا توۋلاپ بولغۇچە، باش قەھرىماننىڭ ئەكسىچە بىر توپ كۆرۈمسىز قوشۇمچە پېرسوناژلار ئۇسسۇلغا چۈشۈدىكەن. ھەرخىل چوڭ سورۇنلاردا ئولتۇرىغا چىقىپ ساقچى، مىنىستىرلارنىڭ كۆزلىرىگە قولىنى تەڭلەپ، ھەيۋە قىلسا ھېچكىم غىڭ قىلالمايدىكەن. ئەگەر باش قەھرىمان بىرەرسىنى يەڭسە چاۋاكچىلار تەييار ئىكەن. قىسقىسى، باش قەھرىماننى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ پېرسوناژلار ئەڭ قاملاشمىغان ھەرىكەت - قىلىقلارنى قىلىشقا، ساغلام ئادەمگە يات دېۋەڭلەردىن بولۇشقا مەجبۇر بولۇدىكەن. ئۇلارنىڭ باش قەھرىمان بىلەن ئوخشاش سالاپەت، كۈچ-قۇدرەت، غەيرەتتە بولۇشىغا يول قويۇلمايدىكەن. شۇڭلاشقا قانداقلا يەردە بولمىسۇن ئادەمنىڭ نەزىرى باش قەھرىمانغىلا مەركەزلىشىدىكەن. باش قەھرىماندىن باشقىلىرى ئادەم ئەمەس، چۈپرەندىلەردەك بىلىنىدىكەن. مەن بىردىنلا ھىندىستان فىلىملىرىدىكى باش قەھرىمان ۋە قوشۇمچە پېرسوناژلار بىلەن بىزنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدىكى «باش قەھرىمان» بىلەن قوشۇمچە

پېرسوناژلارنى سېلىشتۇرۇپ قالدىم .

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىمۇ «باش قەھرىمان»لار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس . ئۇلار ھىندىستان فىلىملىرىدىكى باش قەھرىمانلاردەك مۇشت-پەشۋا ئوينىتىپ ، «مەشھۇر كاتتىۋاشلار»نىڭ ئەدىپىنى بەرمەيدۇ ، بەلكى كەسكىن ھالدا يەپ-ئىچىش ۋە ھىيلە-مىكىر جېنىگى قىلىدۇ .بۇ «باش قەھرىمان»لار ھىندىستان فىلىملىرىدىكىدەك يېتىلىشىپ ، ناخشا توۋلاپ مۇھەببەتلەشمەيدۇ .بەلكى پىنھان كېچىلەردە ، ئېسىل پىكاپلاردا مۇھەببەتلىشىدۇ . ئاشۇ «باش قەھرىمان»لارنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇش ۋە ئىناۋىتىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «كۆرۈمسىز»قوشۇمچە پېرسوناژلار بولسا ، ھىندىستان فىلىملىرىدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق . ئۇلار فىلىمدىكىگە ئوخشاش باش قەھرىماننىڭ ناخشىسىغا ئەمەس ،گەپ-سۆزىگە ، كۆز ئىشارىسىگە پايپاسلاپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ . ئۇلار ھىندىستان فىلىملىرىدىكىدەك قۇچاقلاپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلالمايدۇ ،بەلكى« باش قەھرىمان»نىڭ ئالدىدا قىسماقتەك ئېگىلىپ ئۇنىڭغا باش قويىدۇ (بەلكىم ئادەمنىڭ ئادەمگە باش قويۇشى جۇڭگودىن باشقا جايدا بولمىسا كېرەك ) . بىزنىڭ «باش قەھرىمان» لىرىمىز فىلىمدىكىدەك جەڭنى ئۆزى قىلمايدۇ ، بەلكى ھېلىقى قوشۇمچە پېرسوناژلار ئورۇندايدۇ . ئەمما ئاخىرىقى غەلىبە چوقۇم «باش قەھرىمان»نىڭ . مۇھەببەتلىشىدىغان قىزنى كۆپىنچە قوشۇمچە پېرسوناژلار تېپىپ تەييار قىلىدۇ . بۇ قوشۇمچە پېرسوناژلار ھىندىستاننىڭ فىلىملىرىدىكىدەك ھەرگىزمۇ «باش قەھرىمان»نىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىغا ،باشقىلارنىڭ كۆز ئالايتىپ قارىشىغا ، يامان گېپىنى قىلىشىغا قاراپ تۇرالمايدۇ ، بەلكى ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى ، غۇرۇر-ۋىجدانىنى ،ئىمانىنى يوقىتىپ بولسىمۇ «باش قەھرىمان»نىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاپ قالىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، بىزنىڭ «باش قەھرىمان»لىرىمىز ھىندىستان فىلىملىرىدىكىدىن نەچچە ھەسسە سۈرلۈك ۋە قابىل .

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە «باش قەھرىمان»نى گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «كۆرۈمسىز »ۋە «بىچارە »قوشۇمچە پېرسوناژلارنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى «باش قەھرىمان»لارنى تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا چىقاردى ۋە ئۇلارنى كۆپەيتىۋەتتى . نەتىجىدە«باش قەھرىمان»بىلەن «قوشۇمچە پېرسوناژلار»روشەن سېلىشتۇرما بولۇدىغان ھالەت رېژىسسورسىز ئۆزلىكىدىن شەكىللىنىپ قالدى .

ئالدىمغا تاماقنىڭ كېلىشى خىيالىمنى ئۈزۈپ قويدى . تېلېۋىزوردا بولسا «باش قەھرىمان» ھەيۋەتلىك ھۆركىرەپ جەڭ قىلىۋاتاتتى . بىر توپ سالۋاچاچ ، بەتبەشىرە كېرەكسىزلەر ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي ئاۋارە ئىدى . «باش قەھرىمان»نىڭ قۇدرىتى راستتىنلا شۇنچە چەكسىزمىدۇ ؟

«باش قەھرىمان»ئاخىرى غەلىبە قىلدى . ئاشخانىدىكى ھەممە ئادەم يېنىك تىن ئالدى ۋە چېھرىگە مەمنۇنلۇق كۈلكىسى يۈگۈرتتى . ئۇلارچە بولغاندا ،غەلىبە چوقۇم «باش قەھرىمان»نىڭ بولۇشى كېرەك . ئەكسىچە بولسا ئەقىلغە سىغمايدۇ .

مېنىڭچە بولغاندىچۇ ؟ ئەلۋەتتە «باش قەھرىمان» نىڭ غەلىبە قىلىشىنى خالايمەن-دە ! ئۇ غەلىبە قىلمىسا ، قوشۇمچە پېرسوناژلارغا غەلىبە يارىشامدۇ ؟ يەنە بىر جەھەتتىن قوشۇمچە پېرسوناژلارنىڭ مەقسىتى غەلىبە قىلىش ئەمەس ، «باش قەھرىمان» نىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ياشاش ئەمەسمۇ ؟

مەن خېلىلا يېنىكلەپ قالغان ھالدا ئىشتىھا بىلەن تاماققا تۇتۇندۇم .

2003-يىل 23-ئىيۇن ،قاراقاش - تۇزلۇقئوتاق

---

ئاپتور :قاراقاش ناھىيە تۇزلۇقئوتاق يېزىسىدا ، دېھقان(M1)

## 3002-يىل 5-سانغا تولۇقلىما تۈزىتىش

مەزكۇر سانىنىڭ مۇقاۋىسىدىكى «ئەل سۆيگەن ناخشىچى، دولان ئوغلى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم»ناملىق فوتو سۈرەتنى دىلمۇرات يۈسۈپ تارتقان.

- «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىراتى



# پىرچەڭگىنىڭ① تىلسىمى

ـ ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ سەنئەت ئالىمىگە نەزەر

**سۇلايمان قەييۇم**

ئەلقىسسە : پىرچەڭگى راۋاب چېلىپ ماڭسا يىغلاۋاتقانلار كۈلۈپ ،كۈلۈۋاتقانلار يىغلار ئىكەن . مازاردىكى ئەرۋاھلارمۇ ئازابىنى ئۇنتۇپ قالار ئىكەن .

بىر زامانلاردا پىرچەڭگى ناخشا-كۈيلىرىنى ياڭرىتىپ ئۆتكەن ،ناخشىسى بىلەن ئەلنىڭ قەلبىگە شەيدائىي ئوت ياققان ،12مۇقامنىڭ سېھىرلىك مۇڭلىرى ئۇزۇلمەي داۋام قىلىۋاتقان مۇشۇ ئاتەش ماكاندا خەلقىمىز مەنۋىيىتىگە يېڭىدىن يېڭى بېزەكلەرنى تەقدىم ئېتىۋاتقان ، ھەربىر كۈيىدە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنچىكە تىرىشىۋاتقان ، نادىر كۈيلىرى بىلەن قەلبلەردىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان يەنە بىر پىرچەڭگى بار .ئۇ بىزنىڭ ئابدۇللا ئابدۇرېھىم .

بىز ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ناخشىلىرىنى ياخشى كۆرىمىز . قېرىلارمۇ ، ياشلارمۇ ئۇنىڭ كۈي-ناۋالىرىغا ئامراق . باشقىلار جېكسون ،مادوننا ،ليۇدېخۇا ، جاڭ گورۇڭلاردىن پەخىرلەنسە ،بىزمۇ ئابدۇللادىن پەخىرلىنىمىز .

## ياشلار كۆڭلى

بىزدە تولىمۇ يۇمۇرلۇق بىر ئادەت بار ئىكەن . ھاياتلىقىدا خەلقى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلغان بىرسى ئۆلۈپ ، ئۇ ئالەمگە مېڭىشى بىلەن تەڭلا مەدھىيە-قەسىدىلەر ،مەرھۇم توغرىلىق جىمىكى ئۇلۇغ-تاتلىق گەپلەر ھەتتا ئاچچىق-سېسىق توقى-لەنەتلەرمۇ تەڭلا ياغىدىكەن . تالاي ئۇلۇغ ئادەملىرىمىزنى كەتسە ئەبەدىي كەلمەيدىغان ، مەسخىرە ، غەيۋەت ـ خۇسۇمەتلەر بولمايدىغان جايغا ئۇزىتىپ قويۇپ ،قەبرە بېشىدا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ : «ھەي ئىسىت ! مەرھۇم ئەجەب ئېسىل ئادەمتى-دېسە !»دەپ تۇرۇپ قېلىشتىن ئۆزگە چارىمىز يوقكەن .

قۇياش پارلاپ تۇرغان مۇشۇ يورۇق دۇنيادا ئېغىر-يېنىكىمىزنى كۆتۈرۈشىدىغان ،دەردىمىزگە دەرمان بولۇدىغان ،ھەتتا ياقا سىقىشىپ مۇشتلىشىدىغان ئىش بولسىمۇ ، ھايات چېغىمىزدا قىلىپ ئۇلگۇرگىنىمىز تۈزۈك . ئەختەم ئۆمەربىر ماقالىسىدا : «ھاياتلىقىمىزدا بىر-بىرىمىزنى ئادەم ئېتىپ ياشايلى»دېسە ، مەرھۇم پېشىۋا ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «بارلىق

ياخشىلىقلىرىڭنى ھايات ۋاقتىڭدىلا قىلىپ تۈگەت، دوزاق ئىشىكى ئالدىدا ئۆزۈڭ توغرىلىق ئاقلىغۇچىلىق قىلما، جەننەت ئىشىكى ئالدىدا ھەسرەت چەكمە» (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1996-يىل 4-سان) دەپ تولىمۇ چوڭقۇر مەنىلىك خۇلاسە چىقارغانىدى. قەدىر-قىممەت ئەسلى ھاياتلىقتا بولۇشى كېرەك.

خوش، ئەسلى گەپكە كەلسەك، نۇرغۇن ئادەملىرىمىز: «ئابدۇللا ناخشىنى قالتىس ئېيتىدۇ جۇمۇ! ناخشا دېگەننى ئابدۇللادەك ئېيتسا بولامدۇ؟» دېگەنلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئۇنداقتا، ئابدۇللانىڭ ناخشا ئېيتىشىدا زادى قانداق ئالاھىدىلىك بار؟ خەلق ئۇنى نېمىشقا ياقتۇرىدۇ؟ بۇلارنى ئىلمىي ۋە سەنئەت نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن تەھلىل يۈرگۈزگەنلەر ئانچە بولمىدى. خەق ناخشىسىنى بىر ئوبدان تۇۋلاپ بەرسە، «ھە، سەن بولىدىكەنسەن» دەپلا قويسا، بۇ تازا ياخشى پوزىتسىيە ئەمەس. ياخشى بولسا قانداق ياخشى، يامان بولسا نەرى يامان، بۇ ھەقتە ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىش ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق.

ئابدۇللانىڭ ناخشا ئېيتىش ئالاھىدىلىكى ۋە يۈزلىنىشىنى تەھلىل قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا سەنئىتى ئۈچۈن بەزى يېڭى نەرسىلەرنى تېپىش ئەھمىيەتسىز ئەمگەك بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

بىزدە نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەر توختاۋسىز چىقىۋاتىدۇ. ئەمما بىز ئالدىراش خەقمۇ ياكى نېمە سەۋەب بار، نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرەن قىلماي يۈرۈۋېرىدىكەنمىز. بۇنداق بىپەرۋالىقلار بىلەن رىقابەتلىك دۇنيادا ياشاپ بولغىلى بولمايدۇ. بىز ئەمدى نۇرغۇن نەرسىلەر ھەققىدە كاللا قاتۇرۇپ ئويلانمىساق، بۇرنىمىزغا ئۇسۇپ تۇرغان رېئاللىقتىن ئۆزىمىزگە لايىق خۇلاسە چىقىرىشنى ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ. بىزدە تەتقىقاتنى، نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشنى كۈتۈۋاتقان ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەر بار.

سەنئەت ياكى سەنئەتكار دېگەن گەپ بولۇنسىلا نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ناخشا - مۇزىكىنى ۋە ناخشىچى -ئۇسسۇلچىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ ياكى شۇنداق چۈشىنىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىرخىل خاتا چۈشەنچە بولۇپ، سەنئەت دېگەن ئەسلىدە بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، خەتتاتلىق، قول ھۈنەر، ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق، تىياتىر، تىل سەنئىتى (ئەدەبىيات)، كىنو سەنئىتى (ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دېگەن كىتابىدا سەنئەتنى مۇشۇ ئون تۈرگە ئايرىپ، تەپسىلىي شەرھىلىگەنىدى) قاتارلىق شاخچىلاردىن تەركىب تاپقان چوڭ بىر سىستېما. بىز بۇيەردە دەۋاتقان ناخشا-مۇزىكا دەل سەنئەتنىڭ بىر شېخى. شۇڭا ئاشۇ تۈرنىڭ قايسىبىرى بىلەن مەشغۇل بولغان كىشى سەنئەتكاردۇر. شۇڭا بەزى ئۇقۇملارنى قوللانغاندا دىققەت قىلىش كېرەك.

ناخشا-مۇزىكا سەنئىتى - بىر مىللەت روھىيىتىنىڭ پىنھانلىرىدىكى تۈرلۈك-تۈمەن مۇرەككەپ تۇيغۇلىرىنى، ئىزتىراپلىرىنى سەنئەت يۈكسەكلىكىدە تولىمۇ يارقىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مىللەتنى ئىزگۈلۈككە ھەم ئۆزلۈككە باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۇنۇمى بىۋاسىتە ھەم كەڭ دائىرىلىك بولىدۇ. بىرەرتال لېنتا ياكى بىرەر ناخشىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ.

2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياۋروپادا «قارا يەكشەنبە» ناملىق بىر مۇزىكا كەڭ تارقالغان. ئۇ شۇنچىلىك ھەسرەتلىك، مىسكىن مۇزىكا بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىغۇچىغا بۇدۇنيا خۇددى دوزاختەك مۇدھىش بولۇپ تۇيۇلىدىكەن. بارا-بارا بۇ مۇزىكا ئاڭلىغۇچىنى پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىپ، ھاياتتىن تەلتۆكۈس بەزدۈرىدىكەن. 200گە يېقىن ئادەم مۇشۇ مۇزىكىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىكەن. كېيىن بۇ مۇزىكا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەنئىي قىلىنغان. دېمەك مۇزىكىنىڭ ئىنسان روھىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغا ئۈن-تىنسىز تەسىر كۆرسىتىدىغىنى ئېنىق.

ناخشا-مۇزىكىنىڭ سېھرىي قۇدرىتى ھەققىدە ئەجدادلىرىمىز چوڭقۇر ئىزدەنگەن، كىتابلارنى يازغان.

«شەرقنىڭ ئارستوتىلى» دەپ شۆھرەتلەنگەن ئەبونەسىر فارابىي ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك ئېنسىكلوپېدىست (مەن بۇ ئىنگلىزچە ئاتالغۇنى «ئەللامە» دەپ ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىمەن «ئەللامە» نىڭ مەنىسى «ھەممىنى بىلگۈچى، ئالدىن كۆرگۈچى، ئۇنىۋېرسال بىلىم ئىگىسى» دېگەن بولىدۇ) ئالىمى بولۇش بىلەن بىرگە «مۇزىكا ئىلمى ساھەسىدىمۇ دەۋر بۆلگۈچ تەسىرگە ئىگە مۇزىكا نەزەرىيىچىسى، مۇزىكا ئىجادچىسى، ھەرخىل چالغۇلارنىڭ ئىختىراچىسى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ناخشىچىسى ئىدى. تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ساز چالغاندا ئاڭلىغۇچىلارنى ئاۋۋال ئىختىيارسىز كۈلدۈرىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇڭغا سېلىپ يىغلىتىۋېتىدىكەن، ئاخىرىدا ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزى ھېچكىمگە سەزدۈرمەستىن كېتىپ قالىدىكەن. فارابىي مۇزىكا ئىلمىغا دائىر ‹مۇزىكا توغرىسىدىكى چوڭ قامۇس›، ‹مۇزىكا ھەققىدە رىسالە›، ‹مۇزىكا توغرىسىدا سۆز› قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. قالۇننى ئۆزى ياساپ چالغان. مۇزىكىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى يۇقىرى باھالاپ: ‹مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى - ئىنساننىڭ روھىغا مەڭگۈ ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر›، ‹100يىل ئىبادەتتىن ئالالمىغان ھۇزۇرنى قالۇنۇم تارىلىرىدىن ئالغايسىز› »② دېگەنىكەن. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، فارابىي ئۆمرىدە 160پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازغان بولۇپ، ھەر قېتىم يېزىشتىن توختىغاندا بىر پەس ساز چالغاندىن كېيىن، قايتىدىن يېزىشقا كىرىشىپ كېتەتتىكەن. فارابىي ئىجادىيىتىنى مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ پەخىرلىنىدىغان ئۈچ ئالىمى

www.uygurkitap.com

بار: ئۇلار ماركس، فروئىد ③ ۋە ئېينشتىين. ئېينشتىين يادرو قوراللىرى، ئالەم تېخنىكىسى ۋە سۇنئىي ھەمراھ، ھازىرقى زامان يادرو فىزىكىسى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس تىكلەپ بەرگەن بىر قورقۇنچلۇق نەزەرىيىنى ياراتقان. ئاشۇ «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى»نىڭ رويال كۆيلىرىدىن تۇغۇلغانلىقىنى نۇرغۇن ئادەملەر بىلمەيدۇ. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئېينشتىين «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى»ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندا بىر ھالقىلىق مەسىلىدە زادىلا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. شۇ چاغدا ئۇ رويال چېلىشقا باشلايدۇ. مۇزىكا قوزغاتقان ئىلھامنىڭ تەسىرىدە «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى»نىڭ قۇرۇلمىسى ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ كاللىسىدا شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سازنى توختىتىپ، ياتاق ئۆيىنى تاقاپ قويۇپ، نەچچە كۈن ئۇيقۇ ۋە تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ يېزىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ۋاراقلاپ كۆرۈدىغان بولساق، ئەبەيدۇللا لۇتفىي، مۇھەممەدسىدىق زەلىلىي، بابارەھىم مەشرەپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، ئامانىساخان، يېقىنقى زاماندىكى مەمتىلى ئەپەندى، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەرنىڭ قايسىبىرى ساز ۋە كۈينىڭ ماھىرلىرى ئەمەس؛ ئۇلارنىڭ قايسىبىرى مۇزىكىدىن پايدىلانمىغان، ئۇنى ئەل ئۈچۈن بېغىشلىمىغان؟ مەن مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ توساتتىنلا خىيالىمدىن بىر ئوي كەچتى. تارىخىمىزدىكى گىگانت كىشىلەر ئۆز كەسپىنىلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇنلىرى مۇزىكا ئىلمىنىمۇ پۇختىلاپ ئۆگەنگەنىكەن. ئۇلار ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنىڭ يولى ئۈستىدە ئىزدەنگەنىكەن. بۇ بىز ئۈچۈن بىر ۋەھىي. بۇلاردىن بەزى يېڭى پىكىرلەرگە ئېرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

يېقىندا، ئۆزبېكىستاندا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىلمىي خادىمى ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەت، دوكتور، ئۇستازىمىز ئەسەد سۇلايماننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۆزبېك بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتى توغرىسىدا لېكسىيە قىلىپ بەردى. سۆھبەت داۋامىدا ئۇ ئۆزبېكىستاندا باشتىن كەچۈرگەن قىزىقارلىق ھەم ئەھمىيەتلىك بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن ئۆزبېكىستاندا ئوقۇۋاتقاندا شۇۋېتسىيەلىك بىر ئوقۇغۇچى ئايال بىلەن ھەمسۆھبەت بولدۇم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچى بولۇشىغا قارىماي، شەرق ئەدەبىياتى بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئەدەبىياتى، تارىخى، پەلسەپىسى، ناخشا-مۇزىكىسى، دىنىي ئېتىقادى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كەڭ ئىكەن. ھەتتا ئۇ مەنمۇ ئوقۇپ ئۈلگۈرەلمىگەن نەۋائىي، مەشرەپلەرنىڭ غەزەللىرىنى پىششىق بىلىدىكەن. ئۇنىڭ شەرق مەدەنىيىتىگە بولغان قىزىقىشى ھەقىقەتەن كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ساھەدە بىلىدىغانلىرى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇنى بىزدىكى ئوقۇغۇچىلار ئەمەس، بەلكى دوكتورلار بىلەن سېلىشتۇرسا تازا بولغىدەك دەپ ئويلىدۇم».

بىزدە بىرەر ئوقۇغۇچىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا ئىككى كەلىمە دەپ

بېرىڭ دېسە، چوقۇم بېشىنى قاشلاپ تۇرىدۇ. دېمەك ناخشىچى ناخشا بىلەنلا، ئۇسسۇلچى دېپى بىلەنلا بولۇپ، ئۆزىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانى ئۇنتۇپ كەتسە، بۇ بىر بەختسىزلىك. «مەڭگۈ تاش» قىرائەتخانىسىدىكى بىر قېتىملىق سۆھبەتتە مەن ئابدۇللانىڭ تارىخىمىز، مەدەنىيىتىمىز ۋە روھىي تۇيغۇلىرىمىز بىلەن خېلىلا تونۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدىم.

ئابدۇللا 1991-يىلىدىن تارتىپ ھازىرغىچە «سۇرمە»، «قارا تۇپراق»، «ئۇيغۇر ھەققىدە قوشاق»، «سىرلىق تۇمان»، «ئايرىلىش»، «خىيالدىكى سۆيگۈ»، «شېرىن چۈش»، «پەرۋانەڭ بولاي»، «يىگىت ئىشقى»، «سۈكۈتتىكى سادا»، «تۇنجى سۆيگۈ»، «ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ناخشا كېچىلىكى»، «كۆكلەمدىكى يۈرەك» قاتارلىق قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ۋە نەچچە ئۈنلىغان VCD پلاستىنكىسىنى خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. مەن ئابدۇللانىڭ ناخشا ئۇسلۇبىغا قارىتا كۆپرەك مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىجتىمائىيەت نۇقتىسىدىن تەھلىل يۈرگۈزدۈم. ئابدۇللا ناخشىلىرىدىكى ئىنچىكە سەنئەتلىك خۇسۇسىيەتلەرنى كەسىپ ئەھلىنىڭ ئېتىبارىغا قالدۇردۇم.

**ئابدۇللا ئابدۇرېھىم ناخشىلىرىدا گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى، تېمىلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىدا كۆرۈلىدۇ.**

سۆيگۈ تېمىسى ئۇنىڭ ناخشىلىرىدىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرسى بولۇپ، «تۇنجى سۆيگۈ»، «ئاشىق نەپەس»، «ئاشىق»، «ئۇنتۇيالمايمەن»، «شوچاغلار»، «سېغىنىش»، «زىلالە»، «ئەركەم» قاتارلىق ناخشىلىرى تالاي ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ قەلبىنى تىترەتتى، ئۇلاردا ھاياتنىڭ شېرىنلىكى ۋە گۈزەللىكىگە قارىتا تاتلىق ھەۋەسلەرنى ئويغاتتى. مۇھەببەتنىڭ ئەسلىدە تولىمۇ پاك، تولىمۇ مۇقەددەس بولغان ئىزگۈ ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى بىزگە قايتا نامايان قىلدى.

ئابدۇللا ناخشا ئېيتقاندا، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى قەلبىدىن چىقىۋاتقان نەپىس كۈيلەر بىلەن يۇغۇرۇپ تاشلايدۇ. ئىچ-ئىچىدىن قاينап چىقىۋاتقان ھاياجان ناخشا بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنىڭ كۈيلىرىنى تىڭشىغىنىمىزدا ئىنتايىن شېرىن تۇيغۇلارنىڭ سۈزۈك سۇدەك شىلدىرلاپ، روھىمىزغا قويۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزىمىز.

ناخشا-قوشاقلىرىمىزدىكى سۆيگۈ تېمىسى تىلغا ئېلىنغاندا، مۇنداق بىر نۇقتىنى دەپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم:

نۆۋەتتىكى ناھايىتى نۇرغۇن ناخشىچىلارنىڭ كۆپلىگەن ناخشىلىرى سۆيگۈ تېمىسىغا بېغىشلانغان. بۇنىڭ ئارىسىدا شۇنداق ناخشىلارمۇ باركى، بىر ئىنساننىڭ ساپ، ئىزگۈ مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىشى ئەكس ئەتمەستىن، بەلكى ئېچىرقاپ كەتكەن جىنسىي ئىستەك، قىپيالىڭاچ ئەسەبىي جىنسىي ھاياجان گۈپۈلدەپلا تۇرىدۇ. مىسالغا ئالسام:

قېنىۋالاي يار

سۆيۈۋالاي يار،

كۆرۈۋالاي يار...

* * *

لېرىپ قاچان تىنىقلىرىڭدا ،
ئەگىز سۈيى بولۇپ ئاقىمەن ؟

* * *

سايىداشقا ئولتۇرغاندا سۆگەت تۈۋىدە ،
ئاھ ،جېنىم دەپ ئېسىلغىنىڭ ئېسىڭدىمۇ ؟

مۇنداق مىساللاردىن يەنە نۇرغۇننى ئېلىش مۇمكىن . ناخشىلىرىمىزدا ئەكس ئېتىۋاتقان بۇ خىل ئاشكارا جىنسىي قوزغاش بىزدە تازا يامراۋاتقان غەرب فىلىملىرى ،ناخشىلىرى ،ھىندىستان كىنولىرىدىكى «ئەسەبىي مۇھەببەت» دولقۇنلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولغان . بۇ بىر خىل خەتەرلىك يۈزلىنىش . مۇھەببەتتىكى ئەركىنلىك ھەرگىزمۇ مۇھەببەتتىكى ئەسەبىيلىشىش دېگەنلىك ئەمەس .

بازار ئىگىلىكى دېگەن قىممىتى بار ، ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى بازارغا سال دېگەنلىك بولۇپ ، ئالدىراپ-سالدىراپ «چالا-بۇلا تۇغۇلغان» ئەسەرلەر سەنئەت بېغىمىزنىڭ ھاۋاسىنى بۇلغايدۇ . بازاردا سىيلە-رەھىم بولمايدۇ .ئۇ شەپقەتسىز بولغاچقا ، بازار دەپ ئاتالغان . چىن يۈرەكتىن ئېتىلىپ چىققان ناخشىلارنى ئەل يەنىلا سۆيىدۇ ، يەنىلا تاللايدۇ . ھاسىلىي كالام : «كاجىنى بازار ئۇڭشايدۇ ، ساراڭنى مازار» ، ئۇرۇپ-سوقۇپ «چاپ-چاپ» بازارغا سېلىنغان ،سەنئەتكە ھاقارەت كەلتۈرۈۋاتقان تالاي پاخپاق ئۈن-سىن لېنتىلىرى «ئالە ، چولپانلىرىڭ ئون سومغا ئۆچتىن» دەپ جار سالسىمۇ خېرىدارسىز توپا بېسىپ يېتىپتۇ . ئامال يوقتە ،بازار دېگەن شۇ !

شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سالالايدىغان بۇ پۇل بىزدە ئۇسسۇلنى ئاز-تولا قاملاشتۇرالايدىغانلىكى ئادەمنى «داڭلىق ئۇسسۇلچى» ،ئاۋازى چىقىدىغانلا بولسا «تالانتلىق ناخشىچى» قىلىۋەتكىلى تۇرۇپتۇ . بازار ئىگىلىكىنىڭ قۇدرىتىگە ھەيرانمەن .

ئانا تېمىسى سەنئەتكارلىرىمىز ئۈچۈن قەدىمكى ھەم مەڭگۈ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تېما .

**ئابدۇللا ناخشىلىرىدىكى «ئانا» تېمىسىنى ئاددىيلا بىر تەرەپ قىلماستىن ،ئۇنىڭ ئىچكى يۈكسەك مەنىسىگە ،پەلسەپىۋىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ ،بۇ تېمىنى تېخىمۇ يارقىن بەدىئىي سەۋىيىگە كۆتۈردى .**

پەرزەنتىم دەپ زار ئۆتكەن ئانا ،
شاماللارغا ئېيتار دەردىنى .
بىر كۈن كېتەر قەبرە تاش بىلەن ،
ئۆزى تەنھا ئۆزەر قەرزىنى .
. . . . . . . . . . . . . . .

نە-نەلەردىن چىقىۋاتقان مەيىن شامالدەك يېنىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە بىر مىسكىن ئانا ھەسرىتىنى شاماللارغا سۆزلىمەكتە . شامال بىچارە ئانىنىڭ رومىلىنى يەڭگىل سىپاپ ئۆتمەكتە . بۇ ناخشىنىڭ بەدىئىي بالاغەت دەرىجىسىگە قاراڭ : ئانا ئۈچۈن دەردىنى تۆكۈدىغان شامالدىن ئۆزگە ھېچ نەرسە قالمىغان .پەقەت شۇ شاماللا بىچارە ئانىغا تەسكىن بولماقتا . قەبرە تاش - ھەممىمىز ئاخىرى بىر كۈن ئېرىشىدىغان مۇكاپات . ھەممە نەرسىنىڭ خۇلاسىسى قەبرە تاش بىلەن تامام بولىدۇ . بىز بۇ ناخشىدىن ئېغىر تراگېدىيىنى ھەم تراگېدىيىگە يوشۇرۇنغان نەپىس سەنئەت چىنلىقىنى بايقايمىز . بۇ شېئىر ئاجايىپ يارقىن كۈيگە ئايلىنىپ ، بىر ئانىنىڭ ، ياق ، نەچچە مىڭ ئانىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ھەسرەتلىك تارىخىنى سىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ . مانا بۇ سەنئەت ! مانا بۇ سەنئەتكە تويۇنغان چىنلىق !

ئەتراپىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق ، ئانا تېمىسىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن ناخشىلارنى ئاڭلايمىز . بۇ ناخشىلاردا تېخى ھايات ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ھازا ئېچىۋاتقان ، يالغاندىن قايغۇرۇۋاتقان ساختا كۆرۈنۈشلەر سىزنى تولىمۇ بىزار قىلىدۇ .

ئابدۇللا ئەتىدىن كەچكىچە بىرلا خىلدا تەكرارلىنىدىغان «ۋاي ئانام ! نان يېقىپ-كىر يۇيۇپ مېنى باققان ئانام ، جاپاكەش ئانام ،كېچىدە ئۇخلىماي مېنى قاتارغا قوشقان ئانام» دېگەن گەپلەرنى دەۋرەمەي ،تېخىمۇ تىرەن ،ئىچكى مەزمۇندارلىققا ئىگە تېكىستلەرنى تاللاپ كۈيگە قاتتى .

ئارىمىزدا ئەتىدىن كەچكىچە بىرلا ئاھاڭ ،بىرلا مۇقامدا تۈۋلاپ زېرىكمەيدىغان «شاتۇتى» ناخشىچىلار ئابدۇللادىن ئەنداز ئالسا بولغىدەك .ئابدۇللا كۈي ۋە تېكىستلەرنىڭ بەزىسىنى ئۆزى ئىشلىگەندىن باشقا نۇرغۇن نادىر ناخشىلىرىنى ياسىن مۇخپۇل ، مۇختار بۇغرا ،ئابلەت ئابلىكىم ، ئابلەت ئىسمائىل ،ھېكىم ھەسەن قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن . بۇخىل ھەمكارلىق ئابدۇللا ناخشىلىرىنى تېخىمۇ رەڭدار قىلغان .

ۋەتەن - ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ غول تېمىلىرىدىن بىرى .

ئابدۇللا ئابدۇرېھىم چەت ئەللەرنى ئايلىنىپ قايتقاندىن كېيىن ، قەھرىتان قىشتىمۇ ياپېشىل تۇرىدىغان ئاشۇ ئالىچەكمەن ياۋروپادىن يەنىلا بىزنىڭ توپا توزۇپ تۇرىدىغان مۇشۇ ماكانىنىڭ ئىسسىق ، مېھىرلىك ،قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تولىمۇ لىرىك كۈيلەر ۋە ئۆزگىچە يېقىشلىق مىسرالاردىن يۇغۇرۇلغان نادىر ناخشىسى «كېچەلمەيمەن» (بۇ ناخشىنى ئىنىسى ئابلەت ئابلىكىم بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن )نى روياپقا چىقاردى :

. . .
بىرى ماڭا بەرسىمۇ جەننەت ،
كېچەلمەيمەن سېنىڭدىن ۋەتەن .

* * *

توختار سەندە ئاخىرقى نەپەس ،
ئۆزگە يۇرتقا قىلمايمەن ھەۋەس ،
ئۆز ئېلىدىن كەچكەن ئەر ئەمەس ،
كېچەلمەيمەن سېنىڭدىن ۋەتەن .

روھىڭىزنىڭ پىنھانلىرىغا ئېقىپ كىرىۋاتقان بىر گۈزەل لىرىكا سىزنى ئانا دىيارنىڭ قەدىمىي ، پايانسىز دالىلىرىغا ،مېھرى ئىسسىق باغرىغا باشلاپ بارىدۇ ، قەلب قاتلىرىڭىزدىن ماگمىدەك ئىسسىق ئىقىمنىڭ ئۇرغۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايسىز . بۇ مۇقەددەس ھېسسىيات دەل ۋەتەنگە

بولغان ئۇتلۇق سۆيگۈدۇر . ئەگەر ئابدۇللادا مۇشۇنداق سۆيگۈنىڭ خورۇچلىرى ئۆكسۈپ قالغان بولسىدى ، سىزنىڭ يۈرەك تارىڭىزنى تىترىتىدىغان ئاشۇ نەپىس كۈيلەرمۇ بولمىغان بولاتتى .

ئۆزىنى سۆيگەن كەسپىنىڭ ئوتىدا ماگىمدەك ئېرىتىپ تۇرۇپ ، ئۆز-ئۆزىدىن ھالقىپ ، توختىماي تاشقىنلاپ ، بۇلاقتەك ئېتىلىپ تۇرۇدىغان كەسىپ ئەھلىلىرى بىزگە تۈزدەك زۆرۈر . ئۈمىدىمىزنىڭ دەل ئەكسىچە ، چىش پاستىسىغا ئوخشايدىغان ئادەملەر ھەممىلا يەردە تولۇپ يېتىپتۇ . ئۇلارنى سىقمىسىڭىز بىرنېمە چىقمايدۇ ، سىقىشتىن توختىسىڭىز ئۇمۇ توختايدۇ .

**تارىخ تۇيغۇسى ۋە يىلتىز ئىزدەش روھى - ئابدۇللا ناخشىلىرىنى جەزبىدارلىققا ئىگە قىلغان يەنە بىر مۇھىم تېما . تارىخ تۇيغۇسىنى سەنئەتلىك رەۋىشتە تولىمۇ يارقىن ئەكس ئەتتۈرگەن «ئۇزاق يول» ، «تەكلىماكان» ، «شۇ چاغلار» دېگەن ناخشىلىرى ئەڭ گەۋدىلىك .**

«شۇ چاغلار» - 1960 - 1970 - يىللاردىكى زىيالىيلارنىڭ بېشىغا سۈرگۈن قىلىنغان دەۋرلىرىنى تارىخي ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان . ئابدۇللا بۇ ناخشىنى ئورۇنداشتا كۈچىگەن . لەرزان كۈي ، يېقىملىق سادالار ،ناخشىغا كىرىشتۈرۈلگەن ئارقا كۆرۈنۈشلەر ئادەمنى ئاشۇ قاباھەتلىك يىللارنىڭ قوينىغا ئىختىيارسىز تارتىپ كېتىدۇ .ئاشۇ يىللاردىكى زىيالىيلارنىڭ پاك مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنى سىزگە سۆزلەيدۇ .

ناخشىدا رولغا چىققان بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەتلىك كەچۈرمىشلىرى شۇنچىلىك ساددا ، سەمىمىيەت بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ ، مۇھەببەتلىك ھاياتنىڭ ئەسلى قانداق بولۇدىغانلىقىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ . مۇھەببەتلەشتۇق دەپ مۇھەببەتنىڭ ئەسلى مۇقەددەسلىكىدىن ئاستا-ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان زامانىمىز ياشلىرىغا مۇھەببەت ، پەزىلەت ۋە تارىخ بابىدىن تەسىرلىك دەرس بېرىدۇ .

ماقالىغا تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن «شۇ چاغلار» نى قايتا-قايتا كۆردۈم ، تىڭشىدىم ، خىيالىم1970-يىللاردىكى «شۇ چاغلار» غا ئۇچۇپ كەتتى . ئويلىنىشقا باشلىدىم : «شۇ چاغلار» دا قىز-يىگىتلەر مۇھەببەتلىشىش «تېخنىكىسى» غا بۈگۈنكىدەك تاكامۇللاشمىغان ، ھىيلە-مىكىرگە تازا باي ئەمەسكەندۇق . بۇرۇنقىلار نادانمۇ ياكى ھازىرقىلار بەك ئەقىللىقلىشىپ كېتىۋاتامدۇ ؟ ئېھتىمال تەرەققىيات دېگەن بۇ بوران ئادەمدىكى ئەسلى گۈزەللىك ، ئۇلۇغلۇق ۋە ئىزگۈلۈكنى ئۇچۇرتۇپ كەتسە كېرەك . ئۇنداقتا بۇ ھەقىقىي مەنىدىكى تەرەققىيات بولدىمۇ ؟ بەزىدە مۇنداق تەرەققىيات بولغاندىن «شۇ چاغلار» تولىمۇ ياخشىكەندۇق ،دەپ قالىمەن .

«شۇ چاغلار» ناخشىسىدا رولغا چىققان بىرجۈپلەرنىڭ بىر-بىرىگە تىك بېقىپ قاراشقىمۇ پېتىنالماي ،شۇنچىلىك ئاۋايلاپ پاراڭلىشىۋاتقان ھايالىق كۆرۈنۈشلىرىنى بۈگۈنكى ياشلارنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولغىلى

بولمايدىكەن .

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىمىز ئۈچۈن بوشلۇق بولۇپ ، ئابدۇللا بۇ بوشلۇقتا ناخشىسى ئارقىلىق قەدەم تاشلىدى ، قەدەم باسقاندىمۇ تۇنجى قەدەمنى تولىمۇ ياخشى ئالدى . مەن ئۇنىڭ مۇشۇ تېمىلاردا يەنە يۈرەكلەرنى تىترىتىدىغان ئېسىل ناخشىلارنى ئىشلەپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

«ئۇزاق يول» ، «تەكلىماكان» قاتارلىق ناخشىلاردىن چاكىلداپ تۇرغان تەكلىماكان باغرىدىن سۇس ئاڭلىنىۋاتقان ئەجداد تىنىقلىرى ،مۇڭلۇق كولدۇرما ئاۋازلىرى ، قىلىچ-نەيزىلەرنىڭ جاراڭلاشلىرىنى ئاڭلىغاندەك ، يوقىلىپ كېتىۋاتقان بىر مۇقەددەس روھ بىزنى چاقىرىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىمىز .

بىزدىكى تارىخ ۋە يىلتىز تۇيغۇسى تولىمۇ زەئىپ . يەرشارىدىكى ھەربىر تۈپ گىياھنىڭ ئۆز يىلتىزى بولىدۇ . يىلتىز شۇ گىياھنى ياشنىتىپ تۇرىدۇ . بۇنى ئىنسانىيەتكىمۇ تەتبىقلاش ئەلۋەتتە مۇمكىن . ئامېرىكىلىق نېگىر يازغۇچى ئالىكس خاللېينىڭ «يىلتىز» رومانى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن پۈتكۈل ياۋروپا - ئامېرىكىلاردا يىلتىزنى ئىزدەش ئېقىمىغا ئايلاندى .ئۇلار رومان ،كىنو ،تىياتىر ، ناخشا-ئۇسسۇل . . .ئومۇمەن سەنئەتنىڭ ھەممە شەكىللىرى بىلەن ئۆز پۈشتىنى ، يىلتىزىنى ئىزدەۋاتىدۇ ،ئۇلار قىتئەلەر ئاتلاپ ئەجدادلىرى ياشاپ ئۆتكەن تۇپراقنى تاۋاپ قىلىشىۋاتىدۇ .

دېمەك ، ھەممىلا ئادەمگە يىلتىز لازىم بولۇۋاتىدۇ .بەلكىم تارىخنىڭ تېشىدا ئەقىللەرنى بىلەپ ئۆتكۈرلىتىش تىرىك ياشاۋاتقان ھەربىر جان ئۈچۈن مۇقەددەس مەسئۇلىيەت بولۇشى مۇمكىن . پرولېتارىياتنىڭ مەنۋى داھىيسى لېنىن : «تارىخنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن گەپنى بىكار دېمىگەن بولسا كېرەك .

تارىخ - ئەجدادلار كۆزىدىن يانغان ئۈمىد شولىسىنىڭ ئەۋلادتىكى ئەكسى . تارىخ سىزدىكى ئاجىزلاپ بېرىۋاتقان ئىرسىي ئېنېرگىيىنى غايەت زور يالقۇنغا ئايلاندۇرالايدۇ . تارىخنى ئەقلىي نۇقتىدا خۇلاسىلاپ چىققان ئەۋلادلارنىڭ جاسارىتى يېتەرلىك بولىدۇ ، تۇيغۇسى ھەر قاچان قىزىپ تۇرىدۇ .

تارىخ ۋە يىلتىز تۇيغۇسىنى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان ناخشىچىمىزنىڭ قەدىمىگە قۇتلۇق بولسۇن .

**مىللىي روھنى ئۇرغىتىش ۋە روھىيىتىمىزدىكى ئىپلاس ئىللەتلەرنى ئەيىبلەش - ئابدۇللا ناخشىلىرىدىكى يەنە بىر تېما .**

«شۈكرى دېدىم» ، «ئۇيغۇر ھەققىدە قوشاق» ، «سىرلىق تۇمان» ، «قارانچۇق» ، «ئېچىنىش» ، «ئەردېمە» قاتارلىق ناخشىلىرىدا روھىيىتىمىزنى چىرماقلاپ تۇرغان ، خۇددى ئۇدۇمدەك ئۆزلىشىپ كەتكەن ئىللەتلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ .

دەھشەتلىك بىر سەنئەت ئېقىمى ئەتراپىمىزدا قۇيۇندەك پىرقىرىماقتا . بۇ قۇيۇننىڭ ئىچىدە ئەرەب ،

www.uyghurkitap.com

ئۆزبېك ،تۈرك كۈيلىرى (كۆپىنچىسى ئارىلىشىپ كەتكەن ) ، ھىندىستاننىڭ چاپ-چاپ كىنو ناخشىلىرى ،ياۋروپا-ئامېرىكىنىڭ جەۋھەر(!) كۈيلىرى داشقايناقتا ئوخشاش ئارىلىشىپ ،ئۆزگىچە ئەبجەش مۇھىتنى ھاسىل قىلغان . بولۇپمۇ VCD تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن غەرب كىنو فىلىملىرى ،غەلىتە چاتما كۆرۈنۈشلۈك ناخشىلىرى خۇددى ئەپسانىلەردىكى قۇيۇنتازدەك ئەس-ھۇشىنى يىغىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ياشلارنى ئۇچۇرتۇپ ، نىشانسىز بىر مەنزىلگە ئەكېتىۋاتىدۇ . ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ شاملىغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ يۈرۈدىغان قامغاق ئەمەستۇق . بۇ بىزدىكى گۈزەل ئەنئەنىلەرنىڭ ئۇنتۇلۇشىدىن بولۇۋاتقان بىر خىل ۋاقىتلىق ئېقىم .

مانا مۇشۇنداق ئەبجەش مۇھىتتا ئەنئەنىۋى مۇقام - كۈيلىرىمىزنى قانداق ساقلاش ،ئۇنى قانداق ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە . ئابدۇللا بەزى مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنى قايتا ئىشلەپ چىققاندىن كېيىن مۇقاملىرىمىزدا ھەقىقەتەن چەكسىز ھاياتىي كۈچ بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز .

ھەممىمىزگە مەلۇمكى ، بەزى مۇقاملاردىكى تېكىستلەرنىڭ كۆپىنچىسى كونا تىل بولغاچقا ، بەزىلىرىدە نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەكمۇ تەس .بۇ ، مۇقاملارنىڭ ياشلارغا تازا خۇشياقماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان .

ئابدۇللا بەزى مۇقام تېكىستلىرىنى ئۇچۇقلاشتۇرۇپ ، مەنىسىنى روشەنلەشتۈرۈپ تۈزۈلگەندىن كېيىن ياشلارغىمۇ ،قېرىلارغىمۇ ياقتى . دېمەك 12مۇقامنىمۇ ئىجادىي يوسۇندا زامانىۋى چالغۇ ۋە زامانىۋى كۈيلەرگە ماسلاشتۇرۇش تامامەن مۇمكىن ھەم بۇ زۆرۈرىيەت .

«جاھاندا ھېچكىمدە يوق 12مۇقام دېگەن بىزدە بار »دەپ مەيدىگە مۇشتلايدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى . ئۇنىڭغىچە باستۇرۇپ ئۇخلاۋەرگەن بىلەن ، مۇقاملارنىمۇ خەققە تارتقۇزۇپ قويۇدىغان ئىش چىقىدۇ . ئاتا-بوۋىلارغۇ مۇقامنى قالدۇرۇپتىكەن ، بىزمۇ ئەۋلادلار پەخىرلەنگۈدەك بىرنېمە قالدۇرمىساق بولماس .

ئابدۇللا خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقاملارغا قايتا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغاندىن كېيىن ، مەندە مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىغا قارىتا باشقىچە مۇھەببەت ئويغاندى .

سەنئەت ، بولۇپمۇ ناخشا-مۇزىكا سەنئىتى ئامالسىز قالغان بىچارىلەرنىڭ پاناھگاھى ياكى كىملا كىرىۋالسا بولۇدىغان قوينى كەڭ قونالغۇ ئەمەس .

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا «Hello ياخشى قىز» ، «مېنى قىينىدىڭ Badboy » ، «ئاتنىڭ بالىسى ، قوينىڭ قوزىسى» ، «بىر-ئىككى-ئۈچ ، ئۇ نېمە ؟ » ، «مەربەھى دەريا ئاقىدۇ ھەيۋەت ،ئوماغىم سەن يارىم مۇھەببەت »دېگەندەك ئىنجىمارۇق ،يا مەنىسىدىن ،يا كۈيىدىن ھۇزۇر ھېس قىلغىلى بولمايدىغان لاۋزا ناخشىلار بىر مەزگىل «ۋال-ۋۇل »چاقناپ ،مانا ئەمدى ئەخلەتتەك نەگىدۇر يوقالدى .

**ئابدۇللانىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ، ئۇنىڭ مۇزىكىسىنىڭ رەڭدارلىقى ، لىرىكىلىقى ۋە ئورۇنداش ماھارىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدە تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ .**

بەزى كومپوزىتور ،ناخشىچىلارنىڭ «يېڭى كۈي ئىشلىمەك تەس بوپكەتتى ، يېڭى كۈيلەر قالمىغىلى تۇردى » دەپ قاقشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالىمىز . ئەمەلىيەتتە تۇگەپ كېتىۋاتقىنى سەنئەتكارلاردىكى چوغدەك يېنىپ تۇرۇدىغان يۈرەكنىڭ تەپتى . بىزدە ھاياتقا ،كەسپكە بولغان بىر خىل ئوت كۆيۈپلا تۇرۇدىكەن ، سىز ھەردەقىق ئىنسانلىقىڭىزنى نامايان قىلىپ ياشىيالايسىز . يېڭى كۈي ھېچقاچان تۈگىمەيدۇ . تەكلىماكان ۋە تارىم باغرىدا ياشاۋاتقان بۇ قەدىمىي ئەلنىڭ ھەربىر تىنىقى ،ئوي-خىيالى ، تىنىمسىز ئەمگىكى . . . بۇلار پۈتمەس-تۈگىمەس كۈيلەر بۇلىقى ئەمەسمۇ ؟ خەلقىمىزنىڭ نەپىسى توختىمىسا ،كۈيلەرمۇ ئەبەدىي داۋام قىلىۋېرىدۇ .

ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ بۈيۈك يىپەك يولىدا ناھايىتى گۈزەل ئەپسانە-رىۋايەتلەر ،تولىمۇ قەدىمىي بىر روھ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ . شۇلارنى چوڭقۇر قېزىپ ، ئۇنى ھەقىقىي مەنىدىكى زامانىۋى ، مىللىي نادىر كۈيلەرگە قېتىش - شەك-شۈبھىسىزكى خاسىيەتلىك ئىش .بۇ ، ئابدۇللاغا ئوخشاش نۇرغۇن شىجائەت ساھىبلىرىنى كۈتىدۇ .

ناخشىچى - مۇزىكانتلىرىمىز نەزىرىنى تېخىمۇ يىراققا ،ئورۇمچىنىڭ سىرتىغا قارىتىشى كېرەك . ئورۇمچىگىلا قاپسىلىپ قېلىش ناخشىچىلارنى نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ .

مىللىتىمىزنى دېھقاننىڭ كۆپلىكى ئېتىبارى بىلەن دېھقان مىللىتى دېسەكمۇ بولىدۇ . پايانسىز سەھرادىكى ئاپئاق ،يۇمشاق توپىلىق چىغىر يوللار ، ئايدىڭ كېچىلەردە باشاق ئۈستىدە يالتىراۋاتقان ئورغاقلار ،يىراق-يىراقلاردىن كېلىۋاتقان مۇڭلۇق ئورما ناخشىلىرى ،قىر بېشىدىكى دوغاپ قاچىلانغان قاپاق ، قاپارغان ئالقانلار . . . ئوچاق ئالدىدا ئوت سۇنۇپ ئولتۇرۇپ چۆچۈرىدەك بالىلىرىنىڭ قىشلىق غېمىنى قىلىۋاتقان ئاتا بىلەن ئانىنىڭ غەمكىن سۆھبىتى . . .مۇشۇلارئەجىبا يېڭى كۈي ،يېڭى مەزمۇن ئەمەسمۇ ؟ خەلقىنىڭ روھىيىتى بىلەن تۇتاشقان سەنئەتكە باشقىچە جۇلا ، باشقىچە سېھىر نېسىپ بولىدۇ .

بىزنىڭ ناخشا-مۇزىكىچىلىقىمىزنىڭ ئالدىدا بىر تالاي ئىشلار تۇرۇپتۇ ھەم ھەرقىسما رېئاللىق كۆزىنى چەكچەيتىپ بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ .

ناغرا-سۇناي ئەسلىدە توي-مەشرەپلىرىمىزگە جان كىرگۈزۈدىغان ، ھەقىقىي سەنئەت ئۈچۈن چېلىنىدىغان ساز ئىدى . مانا ئەمدى نوقۇل نان ئۈچۈنلا چېلىنىدىغان بوپتۇ . يېڭى ئىش باشلىغان دۇكان-سارايلار ۋە ماللىرىنى تۆكمە قىلىپ ساتىدىغان دۇكانلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ياڭراۋاتقان ناغرا-سۇنايلاردىن ھېچكىممۇ ئەجەبلەنمەس بولدى . بۇ خۇددى بۇرۇندىنلا شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك كىشىلەرنىڭ كۆزى ۋە ئېڭىغا سىڭىپلا كەتتى . توغرا ، ئادەم دېگەن كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرگە كۆنۈپ قالىدۇ . پۇلنىڭ ناز-كەرەشمىسى ناخشا-ئۇسسۇللىرىمىزدىكى لاتاپەت ۋە جۇلانى يوقىتىپ بېرىۋاتىدۇ . شەك-شۈبھىسىزكى ، سەھنىدە

تونۇلانغان ناخشا بىلەن رېستوراندا ئىشتەي ئېچىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ناخشىلارنىڭ پەرقى بولىدۇ. ناخشا دېگەن ھوزۇرنى دەپ ئېيتىلمىسا، ئۇنى ناخشا دېگىلى بولامتىمۇ؟ رېستوران ناخشىلىرى يەۋاتقان تائاملار بىلەن بىللە ئۇدۇل ئاشقازانغىلا كىرىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سەنئەتكارنىڭ پاجىئەسى.

ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى خۇددى دۆڭكۆۋرۈك ھەم سەنشىخاڭزىدىكى قىستاڭ رەستىلەرگە ئوخشاپ قاپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئىزدەنسەكلا ھەممىمىزگە ماڭىدىغان يول بار. ھەقىقىي سەنئەتنىڭ يولى ئۇنچىۋالا قىستاڭ ئەمەس.

ھازىرقى ناخشىلاردا ئاجايىپ بىر ھالەت بار. ئۇ دەل ناخشىلىرىمىزدىكى مۇھەببەت تېمىسىنىڭ كۆپىيىپ بېرىشى. بىزدىكى خەلق ناخشىلىرىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال كۆپكەن. مەن بۇنىڭ جاۋابىنى خەلقىمىز ياشىغان جۇغراپىيىۋى تۈزۈلمە ھەم خەلقىمىزنىڭ پسىخىك قۇرۇلمىسىدىن ئىزدەپ باقتىم. ئەزەلدىن تارتىپلا دەھشەتلىك بوران ۋە پىژغىرىم ئىسسىق بولۇدىغان تەكلىماكاننى چۆرىدەپ ياشاپ كەلگەن خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا تىنىماي قۇتراپ تۇرۇدىغان جىنسىي ئېچىرقاش، ئايالغا تەلپۈنۈپلا تۇرۇدىغان ھاياجانلىق خاراكتېر چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىكەن. بۇنداق دەلىللەرنى تارىخىمىزدىن كۆپلەپ تاپالايمىز.

تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئىقلىمى قۇرغاق، مېۋە-چىۋە ھەم گۆش كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان، تۆت پەسلى ئېنىق ئايرىلىپ تۇرۇدىغان، ھاۋاسى ئىسسىق ھەم ساپ كېلىدىغان، ماددىي شارائىتى ناچار جايلاردا ياشىغۇچىلارنىڭ جىنسىي ئىستىكى ۋە ئىقتىدارى ئالاھىدە بولىدىكەن. خەلقىمىزنىڭ تەبىئىيىتىدىكى بۇ خىل ئىنتىلىش تەبىئىي ھالدا ناخشا-مۇزىكىلارنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولغان.

قۇلاق - مېڭىمىزنىڭ ئەتراپىدا تىنىمسىز ياڭراۋاتقان ئاشۇ «ئاشىق»لارنىڭ ھەسرىتىگە قۇلاق سالسىڭىز، «ۋىسالىغا يېتەلمەيۋاتقان، يۈرىكى كاۋاب بولۇۋاتقان، دۇنيا قاراڭغۇ كۆرۈنۈۋاتقان، ھەتتا ياشاش مەززىسىز تۇيۇلىۋاتقان» بىچارە دەردمەنلەرنىڭ نەچچە مىڭ پاتمان يالغان ھەسرىتى بىلەنلا توشۇپ كەتكەن. كۈيلەرگە قاتايلى دېسەك تېما دېگەن ئازمۇ؟ «ئىشق پەلسەپىسى»دىن ئۆزگە بىرنېمە يارىتىپ باقساق بىزگىمۇ يارىشار ئىدى.

مۇھەببەتكە بولغان سادىقلىقىنى، چىن سۆيگۈ ئىزدەپ باياۋانلاردا تاپانلىرى تېشىلىپ كەتكەنلىكىنى شۇنچە مۇڭلۇق بايان قىلىدىغان بەزى ناخشىچىلارنىڭ «غەيرىي رەسمىي تەرجىمھالى» ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ. قەدىر-قىممەتنى تىكلىمەك تەس، ساقلىماق تېخىمۇ تەس.

ئابدۇللانىڭ ناخشىچىلىقتىكى بۈگۈنكى نەتىجىلىرى ئۇنىڭ تالاي سىناق - ئوڭۇشسىزلىقلىرى بەدىلىگە كەلگەن. نەدىمۇ كۆچەت تىكمەي مېۋە يەيدىغان ئىش بولسۇن؟ دەسلەپتە ئۇمۇ «پاتمەمنىڭ كۆڭلەكى»گە ئوخشاش ناخشىلارنى تونۇلغان. تالاي ئىزدىنىشلەر ئاخىرى بۈگۈنكى ئابدۇللانى يېتىلدۈرگەن. لېكىن ئەتراپىمىزدا بىر ئۆمۈر سىناق باسقۇچىدىلا قېلىپ، ئەلنىڭ يادىدا قالغۇدەك ھېچنېمىسى يوق «مەشھۇر ئادەم»لەرمۇ بەك جىق.

ناخشىچى بىر ھېسابتا شۇ ئەلنىڭ زۇۋانى. ئاۋام پەقەت قەلبىدىلا ئويلىيالايدىغان، كۆڭۈللىرىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدا پىنھان تۇتۇۋاتقان تالاي ئىزتىراپلارنى ئۆزى سۆيگەن ناخشىچىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ناخشا-مۇزىكا بىر مىللەت روھىنىڭ يېزىقسىز تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇ روھىيەتتىكى چەكسىزلىكلەرگە سوزۇلغان بولىدۇ.

جېكسون ۋە مادوننانى ئامېرىكىلىقلارلا ئەمەس نۇرغۇن دۆلەتلەر بەك ياقتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۈيىدە ھەقىقىي ئامېرىكا ئەينەن ئەكس ئەتكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى ناخشا-كۈيلەرگە يۇغۇرۇۋەتكەن.

چەت ئەللەردە مەشھۇر ئادەملەرنىڭ نۇتۇق - سۆھبەتلىرى، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى تولىمۇ قارشى ئېلىنىدۇ. جېكسونمۇ مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. ئابدۇللانىڭ ناخشا ئېيتىش بىلەن بىرگە ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە كۆپرەك قاتنىشىپ، ئاۋام بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ، سىردىشىپ تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. تاكامۇللۇقنىڭ بىرلا يولى بولغان ئەمەس.

بىز ھەممىمىز بىر ئۆمۈر ھاياتقا مەنە ئاتا قىلىش يولىدا بىرنېمىلەرنى قىلىدىكەنمىز، مۇشۇ تۆلەنگەن بەدەللەر دۇنياغا رەڭ ئاتا قىلىدىكەن. بىز خۇددى بوياقچىدەك قېنىمىز، جېنىمىز ۋە تىنىقىمىزغا مىلانغان پەلكۈچلەر⑤ بىلەن ئۆزىمىزگە لايىق بىرنېمىلەرنى بوياپ چىقىدىكەنمىز. بوياپ چىققانلىرىمىز ئاز-تولا بىرنېمىگە ئوخشىسا، شۇنى ئۆمۈرنىڭ جۇلاسى دەپ ئاتايدىكەنمىز.

ئابدۇللانىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ناخشىلىرىدا تېما رەڭدارلىقى، تېكىستتىكى مەنە چوڭقۇرلۇقى، مۇزىكىدىكى لىرىكا ۋە ئىجادىيلىق جەھەتتە تېخىمۇ ئىجتىھات قىلىشىنى، خەلققە جاسارەت ۋە غۇرۇر بېغىشلايدىغان جۇشقۇن - شاش ناخشىلارنى كۆپلەپ روياپقا چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سەيرىڭ ئاق يول بولسۇن پىر چەڭگى! ئۇيغۇرنىڭ قەلب داۋالىرىدا سەن كۈيلىمەكچى بولغان ئۆزگىچە يارقىن كۈيلەر بار. سەنئەت ھۆپپىگەرلىرى (سەنئەت سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلارنى شۇنداق ئاتىساق بولامدۇ-يوق؟)نىڭ قولىدىكى تەڭگە - تىللالارنىڭ يالتىراق جىلۋىسى سېنى بۇ مۆرۈۋۋەتلىك⑥ يولىدىن ئاداشتۇرۇۋەتمىگەي!

2003-يىل 1-ئۆكتەبىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

## ئىزاھلار

①پىرچەڭگى - ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىكى ناخشا-كۈي پىرى.

②ھاجى ئەھمەت كۆلتېكىن: «ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىز ھەققىدە ھېكايىلەر»، شىنجاڭ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000-يىل ئىيۇل نەشرى.

③فروئىد - ئاۋستىرىيىلىك مەشھۇر پسىخولوگ، پەيلاسوپ. ئۇنىڭ «چۈش تەبىرى»دېگەن ئەسىرى پۈتكۈل ياۋروپا ھازىرقى زامان پەلسەپىسى ۋە مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

④جەۋەندە - ئارىلاش مەنىسىدە.

⑤پەلكۈچلەر - رەسساملارنىڭ چوتكىسى، يەرلىك ئاتىلىشى.

⑥مۆرۈۋۋەتلىك - خاسىيەتلىك، ئۇلۇغ مەنىسىدە.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى (M2)



# ھالاكەت شەپىسى

## — تۇرسۇن يۇسۇپنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە «شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇ» ناملىق ئەسلىمىسىگە ئىلاۋە

**ئابدۇرېھىم دۆلەت**
(ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان تەقرىزچىسى)

بىز ئۆزىنىڭ ئەمەلىي مەۋجۇدلۇقىنى يوقاتقانلارنى، يەنى ئۆلگەنلەرنى ھالاك بولدى، دەپ ئاتىساق بولىدۇ، ئەمما بىز بىرەر قەۋم، مىللەتنى ھالاك بوپتۇ دېگىنىمىز ھەرگىزمۇ بۇ مىللەت يەرشارىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىپتۇ، ئۆلۈپ تۈگىشىپتۇ، دېگىنىمىز ئەمەس، بەلكى زاۋاللىققا، زەئىپلىككە يۈز تۇتۇپتۇ دېگىنىمىز. دېمەك، ئۆلگەنلەر ھالاك بولغانلار ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ھالاك بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن بولۇشى ناتايىن. جاھاندا ئۆلمىگەن بىلەن ھالاك بولغان مىللەتلەر نۇرغۇن. ئۇنداقتا، ئۆلمەيمۇ ھالاك بولۇش زادى قانداق ئىش؟ بۇ ھەقتىكى جاۋابنى بىز سەزگۈر ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەپەككۇرىغا قويۇپ قويىمىز. بىز مۇلاھىزىمىزنى يەنە «ھالاك بولۇش» دېگەن ئىبارە ئۈستىدە قانات يايدۇرايلى: بۇ ئىبارىنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا بۇ بىر سەلبىي سۆز. بىز ھەرگىزمۇ جەڭچىلىرىمىز ھالاك بوپتۇدېمەيمىز، بەلكى دۈشمەنلىرىمىز ھالاك بوپتۇ دەيمىز. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئادەتتە يامان ئىش قىلغانلارياكى رەزىل كىشىلەر، ئومۇمەن ياخشىلار قاتارىدىن چىقىرىلىپ، ئىنسانىيەت

## ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلار

ۋە ھەقىقەت تەرىپىدىن بىردەك جىنايەت سادىر قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارالغانلارنىڭ ئۆلۈمىنى بىز ھالاكەت دەپ ئاتايمىز. تىرىك تۇرۇپمۇ ھالاك بوپتۇ دەپ ئاتىغانلىرىمىزدا، بىز ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى كۆرسىتىمىز.

شەخسنىڭ ھالاكىتى بىردەملىك جەريان بولسا، بەلگىلىك بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ ھالاكىتى بىر دەۋرلىك جەريان بولىدۇ. بۇ ئىنتايىن ئاستا، تەدرىجىي جەريان بولۇپ، بۇنى كىشىلەر ئاسانلىقچە ھېس قىلالمايدۇ. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇھالاكەت بىر ئۇنىۋېرسال زەئىپلىشىش جەريانى بولۇپ، ئۇ بىر مىللەتنىڭ ئىقتىساد، كۈچ، مەدەنىيەت، روھىيەت قاتارلىق ھەممە جەھەتلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك ئاجىزلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ھەممە جەھەتتىكى ئاجىزلىشىش بىرلىشىپ مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ھالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تۆۋەندە بىز يۇقىرىقى ھەممە جەھەتلەردە بىر-بىرلەپ توختىلىپ ئولتۇرمايمىز، پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىقتىساد، كۈچ بىلەن بەلگىلىك مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، خاراكتېرى، مەنبەسى جەھەتتىن مەدەنىيەت، روھىيەت كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولغان ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، ماھىيەتتە

كىشىلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان ئېتىقادى، چۈشەنچىسىنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن كېلىدۇ، ئۇنى مەدەنىيەت پوستىنىڭ ئۇپرىشى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى پوست ئۇپراپ تۈگىگەندە ئۆز ئىچىدىكى نەرسىلەرنى قوغداشقا ماغدۇرى يەتمەيدۇ-دە، مەدەنىيەتنىڭ پوست ئىچىدىكى قىسمى ئوڭايلا يوقىلىشقا باشلايدۇ. مەلۇمكى، كىشىلەرنىڭ ئەخلاق قارىشى شۇلار ئۆزى تەۋە مەدەنىيەتتىن كېلىدۇ. مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئېتىكىلىق قىممىتى ھەققىدىكى ئۆلچىمى، پرىنسىپلىرى قانداق بولسا، شۇ مەدەنىيەت ئەھلىنىڭ ئەخلاق ئېڭى ۋە كىشىلەر ھەرىكىتىگە بولغان باھاسىمۇ، شۇنداقلا شۇ پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئەخلاق ئەمەلىيىتىمۇ شۇنىڭغا ماس بولىدۇ. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدىكى ئەخلاق تەشەببۇسلىرى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ ئەخلاق ئەمەلىيىتى ماس كەلمىسە، ئۇنداقتا كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ چاغدا مەزكۇر مىللەتنىڭ ئەخلاق تەشەببۇسى ئەسلىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئەخلاق تەشەببۇسى بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان ياكى بەزى ئەخلاقىي تەلەپلەرنىڭ كەسكىنلىكى جەھەتلەردە پەرقلىنىدىغان باشقا بىر مەدەنىيەتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراۋاتقان بولىدۇ. مانا بۇ بىر مىللەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئەخلاقىي چۈشكۈنلىكنىڭ تاشقى سەۋەبى بولسا، ئەسلى مەدەنىيەتتە تاجاۋۇزچى مەدەنىيەتكە قارشى تۇرغىدەك يېتەرلىك ئۇنىۋېرسال ئېنېرگىيە جۇغلانمىسىنىڭ بولماسلىقى ياكى بولسىمۇ ئۇنىڭ بارغانسېرى ئازىيىشقا يۈزلىنىشى ئىچكى سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك بىر مىللەت ھالاكىتىنىڭ پەقەت بىر تەرىپى، ھەرگىزمۇ ھەممىلا تەرىپى ئەمەس، ئەمما ئۇ دەل باشقا تەرەپلەرنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە ئاجىزلاشقانلىقىنىڭ مۇقەررەر ئىنكاسى. بۇ يەردە بىز كۆزدە تۇتماقچى بولغان ھالاكەت ماھىيەتتە مەزكۇر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ، تاجاۋۇزچى مەدەنىيەتلەرنىڭ زەربە-ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى، شۇنداقلا مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ ماددىي يىلتىزى بولغان ئىقتىسادىي، سىياسىي ئېنېرگىيە جۇغلانمىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچى مەدەنىيەتنىڭ شۇ خىل جۇغلانمىلىرىغا قىلچە تەڭ تۇرالماسلىقىدۇر ياكى تېخىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ كىملىكىنى قۇيۇپ چىقىدىغان قېلىپى بولغان مەدەنىيىتىنىڭ شۇ مىللەت تۇرمۇشىدىن، ئېڭىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىدۇر.

« روشەنكى، بىر قەۋم، بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئۇلارنى باشقا قەۋم-جەمئىيەتلەردىن ماھىيەتلىك پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇدىغىنى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، پەن-تېخنىكا سەۋىيىسى، نوپۇسى ۋەياكى تېررىتورىيىسى بولماستىن، بەلكى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مەنىۋى مىراسى بولغان مەدەنىيەت تىندۇرمىسىدۇر. پەقەت مەدەنىيەتلا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئۇنىڭ كىملىكىنى، قانداق قەۋملەرنىڭ دوستى، قانداق قەۋملەرنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. بۇ خۇددى كىمنى قوللاپ، كىمگە قارشى تۇرۇشنى بىلەلمىگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ زادى كىملىكىنىمۇ تازا ئاڭقىرالمىغاندەك بىر ئىش. ئىنسان ھەرقانداق ئىشتىن مەنە ئىزدىگۈچى. دەل شۇ ئىنسانلارنىڭ مەنە ئىزدەش تەبىئىيىتى مەدەنىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. مەدەنىيەتنى غايەت زور مەنىلەر تورى دېسەك، ئىنسان شۇ تورغا ياماشقان بىر ئۆمۈچۈك.

مەلۇم بىر ئادەملەر توپىنىڭ ئوخشاش بىر جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ئۇزاق مۇددەت بىرگە ياشىشى، بېشىدىن كەچۈرگەن ئورتاق تارىخىي كەچۈرمىشلىرى شۇ توپتا باشقا كىشىلەر توپىدا بولمىغان خۇسۇسىيەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خاسلىقلار شۇ توپنىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىگە، مەيلى تەپەككۇر ئۇسۇلى، پەلسەپىۋى ئىدىيىسى، دۇنيا قارىشى، كىيىم-كېچەك ئادەتلىرى، يۈرۈش-تۇرۇشى، پىسخىكىسى، تىرىكچىلىك ئۇسۇلى، بىناكارلىق ئۇسلۇبى بولمىسۇن... ھەممىگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. مانا بۇ خىل خاسلىقلار دەل شۇ توپنىڭ مەدەنىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن مەدەنىيەتنى بەلگىلىك كىشىلەر توپىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئورتاق تارىخىي قىسمەتنى باشتىن ئۆتكۈزۈشى جەريانىدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھە، قاتلاملىرىدا شەكىللەنگەن ئورتاقلىقلارنىڭ يىغىندىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، ياكى ئۇ ئۇزاق تارىخىي مۇساپىلەردە شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي مىراس. ئارنولد توينبىنىڭ قارىشىچە بولغاندا، مەدەنىيەت دىنىنىڭ ئىپادىلىنىشى، دىن بولسا مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى.

... ئىنسانلاردا پەرق بار، ئورتاقلىقمۇ بار. ئەمما بۇ پەرق، ئورتاقلىقلار ئىنسانلار تەۋە مەدەنىيەتنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. ئوخشاش بىر مەدەنىيەتكە تەۋە ئادەملەردە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتكە تەۋە ئادەملەرگە قارىغاندا ئورتاقلىق كۆپ بولىدۇ... ياۋروپالىقلار زوقلانغان نەرسىلەردىن ئەرەبلەر نەپرەتلىنىشى، ئەرەبلەر ئارزۇلىغان نەرسىلەرنى ياۋروپالىقلار نەزىرىگە ئىلماسلىقى مۇمكىن، مانا بۇلارنى مەدەنىيەت بەلگىلەيدۇ.

...مەدەنىيەت ئۆز ئەھلىگە ئورتاق غايە، ئورتاق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ئورتاق قىممەت قارىشى تەمىن ئېتىدۇ، مەدەنىيەت شۇلارنىڭ مەۋقەسى، بايرىقى ھېسابلىنىدۇ. باشقىلار ئۇنى شۇ بايرىقى بىلەن تونۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ. دېمەك، بىر قەۋمنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا نىسبەتەن شۇ قەۋمنىڭ سالاھىيىتى، كىملىكى، كىم بىلەن بىرسەپتە، كىم بىلەن بىر ئەمەسلىكى ئۇلار تەۋە مەدەنىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. دېمەك، مەدەنىيەت بىر قەۋمنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ يىغىندىسى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس». («مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇدلۇقىمىز» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «مەۋجۇدلۇق

www.uyghurkitap.com

نىملەرگە باغلىق؟» دېگەن ماقالىدىن: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل ماي، 1-نەشرى).

دېمەك، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ھەرگىزمۇ ئەخلاقىي تەشەببۇس، قاراشلارنى قايتا تەشۋىق قىلىش، ئەنئەنىنى تەكىتلەش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئەخلاقنىڭ يىلتىزى بولغان مەدەنىيەت ھاياتىي كۈچىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدىغان تۈپكى ئامىللارنى بايقاش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ئامىللار ماھىيەتتە مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى، مەۋجۇدلۇقى، شۇنداقلا بىخەتەرلىكىنى قان بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي قۇرۇلمىدۇر. ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى، سىياسىي ئاپپاراتى بولىدۇ. بۇنداق ئامىللىرىدىن ئايرىلغان مەدەنىيەت ئانىسىدىن ئايرىلغان يېتىم قوزىدەك، ھەرقايسى بۆرە مەدەنىيەتلەرگە يەم بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى ھادىسىۋى ئالامەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى يەنىلا ئۇنىۋېرسال كەم ماغدۇرلۇقتا.

ئامېرىكا سىياسىيئونى خانتىڭتونمۇ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرى سۈپىتىدە غەرب جەمئىيىتىدىكى ئەخلاق بۇزۇلۇشلىرىنى ئەندىشە بىلەن تىلغا ئېلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ:

1. جىنايەت، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى دېگەندەك ئىجتىمائىي تەتۈر ئىللەتلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى؛

2. ئائىلىنىڭ زەئىپلىشىشى، ئاجرىشىشنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ھامىلدار بوپقېلىشى، ھارامىلىقلارنىڭ كۆپىيىشى، شۇنداقلا يەنە بويتاق، تۇللارنىڭ كۆپىيىشى؛

3. ئامېرىكىدىكى «ئىجتىمائىي كاپىتال»نىڭ تۆۋەنلىشى، يەنى پىدائىي تەشكىلاتلار ئەزالىرىنىڭ ئازىيىشى، شۇنداقلا شۇنىڭغا ئالاقىدار كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچنىڭ تۆۋەنلىشى؛

4. «كەسپىي ئەخلاق»نىڭ چۈشكۈنلىشىشى، ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىشنىڭ ئەۋج ئېلىشى؛

5. ئامېرىكىدا ئىلمىي نەتىجىلەرنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن ئىپادىلەنگەن بىلىمگە ۋە ئەقلىي، ئىلمىي پائالىيەتلەرگە بېرىلىشنىڭ ئازىيىشى قاتارلىقلار («مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئۇرنىتىلىشى»، 12-باب).

ماھىيەتتە، تۇرسۇن يۇسۇپنىڭ «شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇ» ناملىق ئەسلىمىسى ھازىرقى دۇنيادىكى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقى ۋە تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق بىر رايوندىكى رېئاللىق. بۇنى بىر دۇنياۋى ھادىسە دەپ قاراشقا بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىش» بۇ ھادىسىنىڭ ئورتاق، شۇنداقلا ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى. بۇ دېگەنلىك دەل بىر ئادەمنىڭ ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقى، ئۇنىڭ شەخسىي، ئىجتىمائىي تەسىرىنى قىلچە ئويلىماستىن، قىلغۇسى كەلگەننى ھېچقانداق سۇبيېكتىپ توسالغۇسىز ھالەتتە قىلىۋېرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆز ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولماسلىقى، ئەخلاق بۇزۇلۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر. چۈنكى ئادەمدە ئەخلاقسىز ئىشلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن قورقۇتۇپ تۇرىدىغان، بۇنداق قىلسام كىشىلەر نېمە دەپ قالار؟ دەيدىغان ئەڭ ئەقەللىي چۈشەنچە بولمىغاندا، ئۇنىڭدىكى ئەخلاق خۇددى قۇرتلىغان ئالمىدەك تېزلا سېسىيدۇ.

ھازىر مەيلى تېلېۋىزورغا ياكى ئەتراپىمىزدىكى ياشلىرىمىزغا قارايلى، ئۇلاردا «ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىش» تەك ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان خاھىشنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما مېنىڭ كۆرگىنىمنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئەخلاقسىزلىقىنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى كىشىلەر ئىچىدە قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ھادىسە ھالىتىگە ئەكېلىشى يەنى زامانىۋى نەزىرىيىۋى پەتىۋا بېرىشى ئەڭ قورقۇنچلۇق.

20-ئەسىر پەن-تېخنىكىنىڭ ئاجايىپ داغدۇغىسى بىلەن باشلاندى. ئىنسانىيەت ئەقىل دۇلدۇلىنى ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە، مەيلى ئۇ ساھەگە ئەقلىنىڭ كۈچى يەتسۇن-يەتمىسۇن چاپتۇرۇپ، بىر تالاي پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇن نەزەرىيە-مەپكۇرىلەرنى ئىختىرا قىلىشتى. ھەربىر دەۋر بۆلگۈچ ئىلمىي تەلىمات ئۆزىگە ماس بىر ئىجتىمائىي ئىدىيىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئەمەلىيەتتە كېيىنكىسىنىڭ رولى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۇزۇن-كېسەل. «گالىلېينىڭ تەجرىبىچىلىكى ناتورال پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇل سالدى. بۇ، ئىلىم-پەن، سانائەت ئىنقىلابىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نيۇتوننىڭ فىزىكىشۇناسلىقى 18-ئەسىردىكى ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ رامكىسىنى قۇرۇپ بەردى، يەنە كېلىپ ھازىرقى زامان مىللەتچىلىكى ۋە ئىنقىلابى ھەققىدىكى سىياسىي نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. «دارۋىننىڭ ماسلاشقۇچىلار ياشايدۇ» دېگەن قارىشى دەل ماركسىزمنىڭ سىنىپىي كۈرەش نەزەرىيىسىدىكى ئاساسلىق ئۇقۇم، شۇنداقلا ھىتلېرنىڭ ئىرقچىلىق پەلسەپىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئاممىنىڭ نىسبىيلىك نەزەرىيىسىگە بولغان ئىنكاسىمۇ 20-ئەسىرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى» (پاۋىل جونسون (ئەنگلىيە): «ھازىرقى زامان: 1919-يىلدىن 2000-يىلغىچە ئارىلىقتىكى دۇنيا»، جىياڭسۇ خەلق نەشرىياتى نەشرى، ئالدىنقى قىسىم 6-بەت، 2001-يىل يانۋار 1-نەشرى).

بىز بۇيەردە 20-ئەسىر كىشىلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن نىسبىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئازراقلا سۆزلەپ ئۆتىمىز. بىز ئېينىشتېيننىڭ نىسبىيلىك نەزەرىيىسى ھەققىدە باشقىلار سورىغان سوئالغا بەرگەن مۇنۇ جاۋابىدىن تەسەۋۋۇرىمىزنى قانات يايدۇرىمىز (بۇنى بىر دوستۇم سۆزلەپ بەرگەنىدى): بىرەيلەن ئېينىشتېيندىن: نىسبىيلىك نەزەرىيىسىنى ئەڭ ئىخچام قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز دېگەندە، ئۇ: «ئەگەر سىز چىرايلىق بىر قىز بىلەن بىر سائەت پاراڭلىشىپ ئولتۇرسىڭىز، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكىنىنى بىلەلمەي قالىسىز، ئەمما مەشنىڭ ئۈستىدە بىر مىنۇت ئولتۇرسىڭىز ۋاقىتنىڭ ناھايىتى تەس ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. مانا بۇ نىسبىيلىك نەزەرىيىسى» دېگەنىكەن. ھازىرقى زامان كىشىلىرى خۇددى دارۋىننىڭ تەبىئىي تاللاش نەزەرىيىسىنى ئىجتىمائىيەتكە تەدبىقلاپ، ئىجتىمائىي دارۋىنىزمنى مەيدانغا كەلتۈرگەندەك، نىسبىيلىك نەزەرىيىسىنىمۇ ئىجتىمائىيەتكە تەدبىقلاپ يېڭى ئىدىيە-قاراشلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. يۇقىرىقى سۆزنى

تەھلىل قىلىندىغان بولساق، بىز مەلۇم مەسىلىگە ھۆكۈم قىلىشتا، ھۆكۈم ئاساسىنىڭ شۇ مەسىلىنىڭ ئۆزىلا بولماستىن، مۇھىمى، شۇ مەسىلىنى چۆرىدەپ تۇرغان كونكرېت شارائىت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمىز. مەسىلەن، ناھايىتى قىزىغان بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆرسەك ۋاقىتنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلساق، بىر مەيدان لاۋزا مۇسابىقە كۆرگەندە بولسا ۋاقىتنىڭ ناھايىتى تەستە توشقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەردە ئۆتكەن ۋاقىت ئوخشاش، ئەمما تۇيغۇ ئوخشاش ئەمەس. دېمەك، قىزىغان مۇسابىقىنى كۆرگەندە، بىر يېرىم سائەت ۋاقىت ناھايىتى قىسقا، لاۋزا مۇسابىقىدە بولسا بىر يېرىم سائەت ۋاقىت ناھايىتى ئۇزۇن. يەنە بىر مىسال، بىر مىنۇت ئۇزۇنمۇ ـ قىسقىمۇ؟ بۇنىڭغا قىسقا دەپ جاۋاب بەرسىمۇ، ئۇزۇن دەپ جاۋاب بەرسىمۇ بولىدۇ. يەنى مەشىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەمگە نىسبەتەن بۇ ئۇزۇن، بېرىلىپ ئويناۋاتقان بالىغا نىسبەتەن بۇ بەك قىسقا. دېمەك، بۇنىڭدا ھەرقاندا ھۆكۈمنىڭ توغرا-خاتالىقى «نېمىگە ئاساسەن، نېمىگە نىسبەتەن» دېگەنگە جاۋاب بېرىش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ھەرقانداق مەسىلىنىڭ ئۆزگەرمەس جاۋابى بولمايدۇ. ھۆكۈم ئاساسى بولغان شارائىت ئۆزگەرگەندە ھۆكۈمنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزگىرىدۇ. ھەممە نەرسە ئۆتكۈنچى، ۋاقىتلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئۈرۈمچى شىمالدا، بۇ توغرا. ئۈرۈمچى جەنۇبتا، بۇمۇ توغرا. ئۈرۈمچى شەرقتە، ئۈرۈمچى غەربتە... ھەممىسى توغرا. نېمىشقا بۇ قارىمۇ قارشى ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىلا توغرا؟ چۈنكى خوتەنگە نىسبەتەن شىمالدا، قۇمۇلغا نىسبەتەن غەربتە، غۇلجىغا نىسبەتەن شەرقتە... گە نىسبەتەن جەنۇبتا.

بۇ قاراشنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزىگە خاس قىممىتى بار. ئەمما ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك قىممەتلەرگە تەدبىقلىشى، ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەت، ئەخلاق، ئادالەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنىمۇ ئۆتكۈنچى، ئۆزگىرىشچان قىلىۋەتتى. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە ھەقىقەت مەۋجۇد ئەمەس، مۇتلەق ھەقىقەت بولمايدۇ. ئۆزگىرىش مۇقەررەرلىك. شۇنداق بولغانىكەن ئۆزگىرىش ئەكەلگەن نەرسىلەردىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئېلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنى قوبۇل قىلىش، شۇنىڭغا ماسلىشىش بىردىنبىر چىقىش يولى. چۈنكى ئۆزگىرىش ئىلگىرىكى ھەقىقەتنىڭ ئورنىغا يېڭى ھەقىقەت ئالماشتۇردى. گۈزەللىك ۋە رەزىللىكنىڭ باھا ئۆلچىمىمۇ مۇقىم ئەمەس. بۇھەقتە ئۆزىنىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىتىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىۋەرسە، ھەر ئىككىلىسىنىڭ توغرا بولۇۋېرىدۇ. توغرا ۋە خاتاغا، گۈزەللىك ۋە رەزىللىككە ھۆكۈم قىلىدىغان ئورتاق ئۆلچەم مەۋجۇد ئەمەس، چۈنكى ھەممە نەرسە نىسبىي.

مەڭگۈلۈك قىممەت مەۋجۇد ئەمەس دەپ ئىنكار قىلىنغاندا مۇقەددەسلىك تۇيغۇسى بولمايدۇ. مۇقەددەسلىك تۇيغۇسى بولمىغاندا، كىشىلەردە گۇناھ تۇيغۇسى، ئەيمىنىش تۇيغۇسى بولمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىدا نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس. ئاز-تولا ئېتىقادلىق كىشىلەر بۇخىل قاراشنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.


بۈگۈنكى دەۋردە يەرشارى مىقياسىدا ئەخلاق نىسبىيچىلىكى مەۋجۇد. مەسىلەن، ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ كوچىلاردا سۆيۈشۈشى ئىسلام ـ مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرىدە ئەخلاقسىز ئىش، ئەمما غەرب جەمئىيىتىدە ئەخلاقسىزلىق ئەمەس. مەلۇم بىر ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، ئىلگىرى ھېچكىم ئۇنداق قىلمايدىغان چاغلاردا بۇ ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانغان بولسا، ئەمما بۇ ئەھۋال ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئۇ ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانماستىن، ئەخلاق ئىچىدىكى ئىش ھېسابلىنىدىغان بولدى.

19-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارغا ياكى ھازىرقى يېزىلاردىكى دېھقانلارغا نىسبەتەن تانسا ئويناش ئەخلاقسىزلىق. ئەمما بۇ ھازىرقى شەھەر ئاھالىلىرىگە نىسبەتەن بۇ بىر مەدەنىيەت. ئەخلاق نىسبىيلىكى نەزەرىيىسى شۇنداق قارايدۇكى، 19-ئەسىردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىشى توغرا، ئەمما ھازىرقى ئەھۋالغا نىسبەتەن ئۇنىڭ مەدەنىيەت ھېسابلىنىشىمۇ ئوخشاشلا توغرا. يەنە مىسال، ئۇيغۇرلار بەچچىۋازلىقنى چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىق دەپ بىلىدۇ. «ھېجىقىز» دېگەن ئىبارە ھەرقانداق بىر نورمال ئۇيغۇر ئەركىكىگە نىسبەتەن ئاجايىپ ئېغىر، كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ھاقارەت. مۇشۇ نەزەرىيە بويىچە بولغاندا، ناۋادا ئۇيغۇرلاردىمۇ بۇ خىل قىلىق غەرب ئەللىرىدىكىدەك ئومۇملىشىپ قالسا (ئۇنداق بولۇشتىن خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!)، ئۇ يەنە ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئۇ نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ئىدىيە جەھەتتىن بولسىمۇ توغرا چۈشىنىلىپ قوبۇل قىلىنىدى. ھازىرغا نىسبەتەن ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانسىمۇ، بەلكىم كەلگۈسىدە ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانماسلىقى مۇمكىن. دېمەك، بۇ خىل قاراشتا ئەخلاق ئۆلچىمى ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ ئېھتىياجغا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن تەڭشىلىپ تۇرىدۇ.

بولدى، يەنە شەرھلەش بەلكىم ھاجەتسىزدۇ. مانا بۇ ئىنسانلار تۇتىيا بىلگەن ئىدىيىلەرنىڭ نەتىجىلىرى. بەلكىم بىز ئىنسانلار ئۆز بەختى ئۈچۈن ئۆزى يارىتىشقان ئىدىيە ـ قاراشلىرىدىن گۇمانلىنىشىمىز كېرەكتۇ. ۋەھالەنكى، ھازىرقىدەك ئۆزىمىز ئۆزىمىزنىڭ ھەممە مەسىلىسىنى ھەل قىلالايمىز دەپ كۆرەڭلەيدىغان ئىنسانلار مەڭگۈ ئۇنداق ئويلىماسلىقى مۇمكىن. ھەممە ئۆزگەرسىمۇ ئىنسان تەبىئىيتى يەنىلا شۇ. بەلكىم ئۇ ئاز-تولا ئىشتان-چاپان كىيىۋېلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلارنى سالدۇرۇۋەتكەندە قېپقالىدىغىنى يەنىلا ئادەمئاتام دەۋرىدىكى ھېلىقى ئىنسانلار. دېمەك ئادەم شۇ بولغانىكەن، داۋانىڭمۇ توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرۇشىنىڭ، ئىنسانلارنىڭ يېڭى شىپاغا، داۋاغا موھتاج بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ئىنسانلار ئورتاق بىر ئۆلچەمگە موھتاج، بەلكىم بۇ بىر يەتكىلى بولمايدىغان قۇملۇق ئالۋۇنى بولسىمۇ، بىزدە يەنىلا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىدە بولسا بەك ياخشى بولاتتى دەيدىغان مۇئەييەن ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. چوقۇمكى، ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلۈكى = مەدەنىيەتنىڭ ھالاكىتى = مىللەتنىڭ ھالاكىتى. (M1)

www.uyghurkitap.com



# «مەدەنىيەت زورئىنقىلابى»ۋە«شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇ»

(ئەسلىمە)

**تۇرسۇن يۇسۇپ**

بىز ئوقۇغۇچىلار بىلىكىمىزگە «قىزىل قوغدىغۇچى»لىق بەلگىسى تاقالغان ھالدا بىردەك ھەربىيچە ماشرەڭ كىيىم كىيىپ، يېزىلارغا «قايتا تەربىيە ئېلىش»ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتۇق. بۇ، 1968-يىلى چىقىپ 1969-يىلى كىرگەن زىمىستان قىش پەسلى بولۇپ، ھەممە يەردە «دۈپىگەي» - «كۆرەش قىلىش، تەنقىد ئارقىلىق رەت قىلىش، ئۆزگەرتىش»ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تولىمۇ ئەنسىز چاغلار ئىدى.

بىز غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم يېزا (ئەينى ۋاقىتتىكى «غالىبىيەت»كوممۇنا) 7-ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىگە بېرىپ، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە «بەش خىل ئۇنسۇرلار» (ئەينى يىللاردا - 1950-يىللاردىن

## ئاكىلىمىزدىكى دېھقانلار

1980-يىلىغىچە ئەكسىلئىنقىلابچى، ئوڭچى، پومېشچىك، باي دېھقان، بۇزۇق ئۇنسۇر دەپ ئاتالغانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قالپاقلار ج ك پ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بىكار قىلىندى. - باش مۇھەررىردىن)نى تارتىپ چىقىپ، ئامما ئالدىدا كۆرەش قىلىشقا باش بولۇپ يەڭ شىمايلاپ ئاتلاندۇق. كۆرەش يىغىنلىرى ئۈرۈمچى ۋاقتى كېچە سائەت بىر-ئىككىگىچە داۋاملىشاتتى. بەزىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۆرەش چىگە (كەندىر يىپى)دىن ئىنچىكە ئېشىلگەن ئارقان سۇغا چىلاپ ئېلىنغاندىن كېيىن سوراق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، جاۋابكارلار يېڭى مەسىلىلەرنى تاپشۇرۇشقا زورلىناتتى. شۇۋاقىتلاردا چوڭ ئەترىتىمىز بويىچە نۇقتىلىق كۆرەش قىلىنىدىغانلاردىن سېيىتئاخۇن باي، سودەنزە (مانجۇ)، ئابلاغازى (ئۆزبېك، داموللا)، مامۇتئاخۇن چومچى دېگەندەك ئوندىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېلىمخان

دېگەن بىر ئايالمۇ بار ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇلمايتتى . ھەتتا ئۇلاردىن بەزىلىرى «ئاممىغا كۆز ئالايتتى» دېگەن بۆھتان بىلەن باغلىنىپ ، ئېسىپمۇ قويۇلاتتى . ئۇلارنىڭ نالە-پەريادىغا تۇرسۇن سىيگەك ،قاسىم ساختا دېگەندەك ئەترەتتە كالتە كۆسەي ئەمەلى بار ، «دوپپىسىنى ئەكەل دېسە ، بېشىنى كېسىپ ئەكېلىدىغان» قۇرۇق ئاكتىپ دىكتاتور - چوماقچىلار چىدىمىسا بىز ئەسلا چىدىمايتتۇق . قاسىم ساختا ئەترەتنىڭ قوغداش ساقچىسى بولۇپ ، «يىپ ئۇچى» ئىزدەش ،يېڭى مەسىلىلەرنى تېپىشقا ماھىر ئىدى . بىر كۈنى ئۇ بىر قاتتىق تاشلىق كونا خاتىرىنى سوراق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ،70ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان سېيىتئاخۇن بايغا قاراپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى :

- ھەي مۇناپىق ! سەن بۇ سەپسەتىنى نەدىن ئالدىڭ ؟ ! ساڭا «ئاللا»مۇشۇ گەپلەرنى دەپبەردىما ؟ ! راستىڭنى ئېيت ! ! ! . . .

بۇ خاتىرىگە يېزىلغىنى «شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇ»ئىدى . مەن بۇ خاتىرىنى بىر ئاماللارنى قىلىپ كۆرۈپ بېقىش ۋە ياكى بولمىسا ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ بېقىشقا قىزىقىپ قالدىم-دە ، كۈندىكى كۆرەش يىغىنىدىن بالدۇر كېتىدىغان ئادىتىمنى ئۆزگەرتىپ ; قاسىم ساختىنىڭ ئېتىنى ئوقۇرغا باغلاپ يەم بېرىش ، سۇغۇرۇش ،ھەتتا ئۇنىڭ ئورنىدا ئېتىزلارنى ئاتلىق چارلاشنى ئۈستۈمگە ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئارام ئېلىۋېلىشىغا پۇرسەت چىقىرىپ بەردىم .بۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى خېلىلا ياقتۇرۇپ قالدى بولغاي ، ئارىلاپ بىر قىسىم گەپلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى . ھەتتا ئاخىرىغا كېلىپ ماڭا ھېلىقى خاتىرىنى ئوقۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدى .

شۇئاي - شۇكۈنلەردە كىشىلەر ئەتىگەندىن كەچكىچە قورۇ-قوتان ،ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئاتخانىسىدىن ئوغۇت چىقىرىپ، ھارغىنىغا قارىماي ئەترەت قورۇسىغا يىغىلىپ كىرنۇېلىپ رادىئو ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ،زېرىكسە تۇرارىبەگ (قازاق چال )نىڭ «مىڭبىر كېچە »ھېكايىسىنى ئاڭلاش بىلەن ،كېرىم ئەلىنىڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشلىرى توغرىسىدىكى لاپلىرىنى ئاڭلاپ ھاردۇقىنى چىقىرىپ ، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت بەشتە ئۆزلىرىگە تەقسىملەنگەن ھارۋىلارنى سەككىزدىن ئونغىچە ئادەم بىرلىشىپ سۆرەپ ،ئېتىز بېشىغا قارانىياز (كەمبەغەل ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ۋەكىلى )نىڭ باشلامچىلىقىدا 500كىلودىن 800كىلوغىچە مال ئوغۇتنى ئاپىرىپ تۆكۈۋېتىپ ، ئەتىگەنلىك چېيىغا

باراتتى .

مانا شۇكۈنلەردە بىز كۆڭلىمىز يېقىن بولغان ئەخمەت ھوشۇر ،ئۇنىڭ ئاكىسى ئاۋۇت ،ئىمىت شارابارانىڭ چوڭ ئوغلى قۇرۋانجان قاتارلىقلار قاسىم ساختىنىڭ بېكىتكەن ۋاقتىغا قاتتىق رىئايە قىلغان ئاساستا دېجۇرنىلىق بۆلۈمگە كىرىپ ئولتۇراتتۇقتە ، ئۇنىڭ بوش ئاۋازى بىلەن ھېلىقى خاتىرىنى ئوقۇپ بېرىشىنى كۈتەتتۇق . ئۇ ئارىلاپ ئەخمەت بىلەن ئاۋۇتقا قاراپ :«ھەي مەينەتنىڭ باللىرى (ئۇلارنىڭ دادىسىنى مەينەت دەيتتى )خەققە تىنىشما جۇمۇ ! ، - دەپ خاتىرىنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇراتتى .

بۇ خاتىرىگە مۇنداق ئىبارىلەر يېزىلغانىكەن (ئارىلىقتىن 30نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى ، بىز ۋەدىمىز بويىچە خاتىرە قالدۇرمىغان بولغاچقا ، ھازىرغىچە يادىمدا قالغانلىرى ئاساسىدا بايان قىلىشنى لايىق كۆردۈم ) :

. . .

▲شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى ، ئەرلەر ئاياللىرىغا ئۆزىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئۆزلىرى كىيگۈزۈپ قويىدۇ .ئەرلەر ئاياللارنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ كوچىلاردا يۈرۈۋېرىدىغان بوپكېتىدۇ .

▲ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپ يوقاپ ، ئەر-ئاياللار بىرلىكتە شاراب ئىچىشىپ ئەيش - ئىشرەت قىلىشىپ يۈرسىمۇ ، ئۇلارنى توسۇدىغان ئادەم چىقمايدۇ .

▲ئادەملەر ئۆزلىرىگە زىيان كەلتۈرۈدىغان تائاملارنى بىر-بىرىدىن تالىشىپ ،كۆز-كۆز قىلىشىپ ئىستېمال قىلىشىدۇ ، شۇ چاغدىمۇ ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانا ،قەۋم-قېرىنداشلىرى ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى نىمجان ھالىغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ .

▲شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى ، ئىنسانلار ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتسىمۇ ،ئالدىدىكى لەخمىدە ئېقىۋاتقان سۇنى ئىچىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ . چۈنكى ئۇ سۇغا ئۆزلىرى چوڭ-كىچىك تەرەت قىلغان بولىدۇ .

▲چوڭلار كىچىكلەرگە روبىرو (يۈزتۇرانە ) تۇرۇپ پەند - نەسىھەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەت قىلمايدىغان كۈنلەر كېلىپ ، بۇزۇقچىلىق جاھاننى قاپلاپ ،ئاياللار ئەرلىرىدىن قورقماس بوپكېتىدۇ .

▲ئەرلەر خوتۇن-بالىلىرىنى تاشلاپ ، خانىسى (ئۆيى )دىن چىقىپ كېتىپ ، ئېتىز-ئېرىق ، يىغىن-تېرىم ئىشلىرىنى شۇنداقلا ئائىلە ئىشلىرىدىن بالىلىرىنى بېقىشقىچە بارلىق ۋەزىپە ئاياللارنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ .

▲ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئەرلەر كۆپىيىپ ، ئاياللىرىغا تاماق ئېتىپ ،كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولىدۇ . ئاياللىرى تالادىن خەج (پۇل ) تېپىپ كىرىپ ئۇلارنى باقسىمۇ ،شۇ ئەرلەر شۇنىڭغا موھتاج بولىدۇ .

▲ ئەرلەر بىلەن ئاياللارنى يىراقتىن كۆرۈپ پەرق ئەتمەك قىيىن بولىدۇ ، ئەرلەرمۇ ئاياللاردەك زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ ،ئۆزىگە گىرىم قىلىپ ، پەرداز بىلەن يۈرۈيدۇ ، ئاياللار ساتىراشخانىلارغا ئەرلەر بىلەن بىللە كىرىپ پەردازلىنىدۇ .

▲ ئەي ئوغۇل-قىزلىرىم ،شۇنداق زامان كېلىدۇكى ،جانسىز نەرسىلەر ئادەملەر قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ ، ئادەملەرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ . ئادەملەر قىلالمايدىغان ئىشلارنى ،ئادەملەر دېيەلمەيدىغان گەپلەرنى قىلالايدىغان ، ئاسماندا ئۇچۇپ ،سۇدا بىمالال ماڭالايدىغان ، ئادەملەر مېڭىپ تۈگىتەلمەيدىغان يوللارنى بىر ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا تاماملىيالايدىغان ،كىشلەردىن نەچچە مىڭ ھەسسە كۈچلۈك مەخلۇقلار پەيدا بولىدۇ .

▲ كىشلەرنىڭ ئېتىقادى سۇسلىشىپ كىشى ھەققىدىن ،يەنى يېتىم-يېسىر ،تۇل خوتۇن-يېتىم ئوغۇللارنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن قورقمايدىغان ، «ئاللا »ئالدىدا قارا يۈزلەرچە قەسەم قىلىپ ، ئاتا-ئانا ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن دۇنيا تالىشىپ يۈز ئۆرۈپ كېتىدىغان مۇناپىقلار كۆپىيىپ كېتىدۇ . كىشلەر قەرزدىن قورقمايدىغان بوپكېتىدۇ .

▲ كوچىلاردا يالىڭاچ يۈرۈدىغان خوتۇنلار پەيدا بولۇپ ، مۆئمىنلەرنى ئازدۇرۇپ ، كۆپلىگەن گۇناھلارغا شېرىك قىلىدۇ . بۇلارنى دوراپ ئېتىقادى - «ئىمانى »سۇسلار كۆپىيىپ ، ئاتا-ئانىلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ پاھىشخانىلاردا ، كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈپ ، «ئاللا »ئالدىدا ئاتا-ئانىلىرىنى قارا يۈز قىلىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئانا بالىغا ،بالايۇۋاقا ئاتا-ئانىغا قارىماس بولۇپ ، يۇرت بۇزۇقچىلىقى بولىدۇ .

▲ ئىنسانلار باش-كۆزنى رەڭمۇ رەڭ بوياپ ، ئاكا-سىڭىللار بىر-بىرى بىلەن بىلمەي زىنا قىلىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلۈپ ، بەندىلەر «دوزاخ» ئازابىغا مۇپتىلا بولىدۇ .

▲ ئىشرەتخانىلار كۆپىيىپ ، پەرۋاسىز ئاتا-ئانىلار قىز-ئوغۇللىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ ، «ئاللا »ئالدىدا ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلالماي «باقىي» ئالەمگە قارا يۈز بارىدۇ .

▲ قىزلىرىمىز ئىبلىس يولىنى تۇتۇپ ، ئۆز شەكلىنى ئۆزگەرتىپ «قىزىل باش »لارنى كۆپەيتىۋېتىدۇ .

▲ ئەي ئوغۇل-قىزلىرىم دىققەت قىلىڭلاركى ، سىلەرنىڭ دوست-بۇرادەرلىرىڭلارنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغان «ئىبلىس »شايكىلىرى شېرىن سۆزلەر بىلەن سىلەرنى ئازدۇرۇپ ، ئۆز ئىرادەڭلەرگە يات بولغان يوللارغا باشلاپ ،پۇل-مېلىڭلارنى بۇزۇپ ، گۇناھلارغا شېرىك قىلىپ ، ئاقىۋەت سىزنىڭ «قىزىل باش »ھالىتىڭىزدىن ھوزۇرلىنىپ جاھانغا پاتماي ، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە «ئىبلىس »بىلەن بىللە جاھاننى لەرزىگە سېلىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىدۇ .

▲ ئۇنداق زامانلارنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا ياخشى دوست يۈزگە يەتتى دېگەندىمۇ توقسەن توققۇزى سىزنىڭ خائىنلىرىڭىزدۇر ،بىرسى ۋاپادار بولغىنىدا قالغان توقسەن توققۇزى سىزنىڭ بايلىقىڭىز بىلەن تەڭ يوقالغان بولىدۇ .

▲ ئەرلەر ئەرلىك غورۇرىنى يوقىتىپ ، ئاياللارغا ئوخشاش غەيۋەتخور بولۇپ ، سىزنىڭ كىچىككىنە ئەيىبىڭىزنى تېپىۋالسا ، سىزنىڭ قولىڭىزدىن يېگەن ئاش-تۇزىڭىزنىمۇ ھۆرمىتىنى قىلماي ئەيىبىڭىزنى ئالەمگە ، كوچا-دوقمۇشىغا چىقىپ ئۇلۇشۇپ ئولتۇرۇدىغان خوتۇنلىرى ئارقىلىق يايىدۇ ۋە ياكى غوجىدارىڭىزغا چاقىدۇ .

▲ پادشاھ ،ئەمەلدارلار نەپسىگە بېرىلىپ كېتىپ ، قول ئاستىدىكى غېرىب-غۇرۋالار يامان كۈندە قالىدۇ .

▲ ئەرزاتى (ئەرلەر )ئاياللاردىن ئۆزىنى پىنھان تۇتسىمۇ ، ئاياللار ئەرلەرنى قوغلىشىدىغان ، نومۇسسىزلارچە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن بۇزۇشقا ئىمكان ئىزدەيدىغان شەقىقىلەر كۆپىيىپ ،كىشلەر كۆپ توي قىلىپ ،ئاز پەرزەنتلىك بولۇدىغان ،پەرزەنتلەرگە ئىگە بولمايدىغان ئاتا-ئانىلار كۆپىيىپ ، جاھاننى ھارامزادىلەر قاپلاپ كېتىدۇ .

▲ ئاتا-ئانىسىز ، ئاتا-ئانىسى ھايات بولسىمۇ كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈدىغان بالىلار كۆپىيىپ ، جاھاننى ئوغرى-بۇلاڭچى ، قاراقچىلار قاپلاپ ، ئۇلارنى باشقۇرۇدىغانلار ئازلاپ كېتىدۇ . چۈنكى باشقۇرغۇچىلارمۇ پۇل بىلەن مال ئالدىدا ئۇلارنى قوغدايدۇ .

▲ پارىخور - نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلار كۆپىيىپ ،كىشلەر بىر-بىرىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئالداپ مال-دۇنياسىنى ئېلىۋالسىمۇ ، سوراقچىلار ئالدامچىلارنىڭ سۆزىنى قىلىدىغان ، قەسەمخورلار تەرەپدارىدا تۇرۇپ سوراق سورايدىغان بولۇپ ، كەمبەغەل-يوقسۇللار ئىش پۈتتۈرەلمەي

www.uyghurkitap.com

سەرسانلىق ئىچىدە ئەمەلدارلاردىن زارلىنىپ توپلىشىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ .

▲ كىشىلەر ئاتا-ئانىلىرىدىن قالغان كىچىككىنە دەپئىي- دۇنيانى دەپ بىر-بىرىنى قىرغىن قىلىشىدىغان ، قېرىنداشلار كۆيۈمسىز ، ئاتا-بالا رەھىمسىز ، جاھان بىۋاپا ،قۇسۇرچىلار يۇرت سورايدىغان ،ھالال بىلەن هارام ئارىلىشىپ كەتكەن ، ھالال نەرسىنى هارام قىلىپ يەيدىغانلار يامراپ ، پاك دىندىن قۇسۇر ئىزدەپ ، كىشىلەر ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ ئۆز قېرىنداشلىرىدىن يىراقلىشىدىغان ،راستنى يالغان ،يالغاننى راست قىلىۋېتىدىغانلار كۆپىيىپ كېتىدۇ .

▲ يەر يۈزىدە ئاتنىڭ تۇۋىقچىلىك يەرمۇ بىكار قالمايدۇ . يەر-جاھاننى قۇرغاقچىلىق قاپلاپ ، ئىچكىدەك سۇمۇ قالماي ، ئىنسانلار ئىسسىق دەستىدىن قىرغىن بولىدۇ . بۇ ئالامەتلەرنى ئىنسانلار ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، ئاخىرى ئۆزلىرى پۇشايمان قىلىسىمۇ ئورنىغا كەلمەي «ئاللا»غا مۇراجىئەت قىلىشىپ ،لەۋلىرى قۇرۇپ ،چاك-چاك يېرىلىدۇ .

▲ شۇنداق زامانلار كېلىدۇكى ، ئۇچار قۇشلارغا دان بېرىدىغان ئادەملەرمۇ قالمايدۇ . تاغۇ-دەشتلەردى-كى جانۇ-جانۋارلار ،ھەتتا يىرتقۇچ هايۋانلارمۇ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىي يىرتقۇچ مەخلۇقلۇقىنى ئۇنتۇپ ، ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ هايات كەچۈرىدۇ .

▲ شۇ زامانلار كەلگۈچە ، ئىنسانلار خۇددى يىرتقۇچ قېرى يولۋاس ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان كىيىك ئوغلىقىنىڭ نالىسىگە قارىماي يەۋەتكەندەك ، ئىنسانلارمۇ بىر-بىرىنى يەپ بارىدۇ . ئۇنداق بولمىغاندا ، قېرى يولۋاس ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي يوغىناپ كەتكەن قېرى بۇغا-مارالّلارنى ئوزۇق قىلغان بولاتتى .

خاتىرىدىكى قىسسە ئوقۇلۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، «كەمبەغەل ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ۋەكىلى» قارانىيازنىڭ كۆچەپ ئۆرغان بولۇقىسىنىڭ زەربىسىدە ،ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى هويلىسىنىڭ ئۆگزىسىدىكى داڭنىڭ ئاۋازى بىزنى چۆچۈتىۋەتتى .بۇ دەل 1971-يىلى 2-ئاي مەزگىلى ئىدى .

2003-يىل 20-سېنتەبىر ،شەھىرى غۇلجا

---

*ماۋزۇ باش مۇھەررىر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىپ قويۇلدى .

ئاپتور : غۇلجا شەھەر قارادۆڭ يېزا خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى(M1) .

## «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى





باش مۇھەررىر: قۇربان ماموت(M1)　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)

# ئاڭلاپ قويۇڭ

يۈسۈپجان سەمەت



مېنىڭ بىر يېقىن ساۋاقدىشىم بولىدىغان .بىر كۈنى ئۇ ماڭا مۇنداق بىر قىسقا ،ئەمما تەسىرلىك ئىشنى سۆزلەپ بەردى :

بۇ ساۋاقدىشىم تەتىلدە تىل ئۆگىنىش مەقسىتىدە ئۇرۇمچىدە قاپتۇ . بىرنەچچە ساۋاقدىشىم بىلەن بىرگە تۇرۇپتۇ . ئۆزئارا دەرس تەكرارلاپ ، بىرلىكتە ئۆگىنىپتۇ . . . دەل بۇلار تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ يېنىدا بىر قارا ئىشلەمچى (بەلكىم خوتەندىن بولسا كېرەك ) ئىشلەيدىكەن . ئۇ ئىشلەمچىنىڭ كىيىملىرى ئاۋارە بولۇپ ، ھەرخىل ئېغىر-يېنىك ، قاتتىق - قۇرۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىكەن ، كۈن بويى تېنىم تاپمايدىكەن ، ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىدىكەن . . . قوشنا بولغاچقا ،ئۇلار كۈندە نەچچە قېتىم كۆرۈشۈپ قالىدىكەن . . .

– بىر كۈنى بىز ياتاقتا كىتابلارنى يېيىۋېلىپ دەرس تەكرارلاۋاتاتتۇق ، - دېدى ساۋاقدىشىم ، – بىر ۋاقىتتا (كەچقۇرۇنلۇقى )ھېلىقى ئىشلەمچى كىيىملىرى جۇل-جۇل ،تارتىنغان ھالدا سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى . ئۇ تارتىنغان بولسا كېرەك ، بىردەم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى . بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ «بۇ ئىشلەمچى ئاكىمىز بىزدىن بىرنەرسە سوراپ كىرگەنمىدۇ ؟ تارتىنىپ دېيەلمەيۋاتقان بولسا كېرەك . ھەي ي ، مەنمۇ كاتتا پۇلدار كاپىتالىستلار-دىن بولغان بولسام-ھە ، مۇشۇنداق قارا نامرات كىشىلەرگە كۆپرەك ياردەم قىلسام ، بىراق ، ھازىر . . . »دەپ ئويلىدۇم .

شۇ ئەسنادا :

– قارىسام ،بىرنەچچە كۈندىن بېرى بىر ئوبدان كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپسىلەر . مەن ئىلىم ئەھلىلىرىنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيمەن ھەم قەدىرلەيمەن ، سىلەردەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن .مەن ئۆزۈمگە : «ئەگەر ئون كوي پۇل تاپسام ، بىر كويىنى سىلەردەك ئوقۇۋاتقان بالىلارغا ياردەم قىلىمەن ! »دەپ ۋەدە قىلغانىدىم . بۇ ئايدا ئىشلەپ 60كوي تېپىپتىمەن ، ھەقىر كۆرمەي بۇ ئالتە كويىنى ئېلىپ ئۆگىنىش ئىشلىرىڭلار ئۈچۈن سەرپ قىلىشسىلا ، خاپا بولۇشمىسىلا ! . . . – دەپتۇ ھېلىقى ئىشلەمچى .

– تۇيۇقسىز تارتىنىش ۋە قورۇنۇش ئىلكىدە ئېيتىلغان بۇ چىن سۆزلەر قەلب تارىمنى چەكتى ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم ، كۆزۈمگە لىققىدە ياش كەلدى . . . – دېدى ساۋاقدىشىم .

نېمىدېگەن سۆيۈملۈك سۆزلەر-ھە ! نېمىدېگەن تەسىرلىك كۆرۈنۈش-ھە ! ئادەمنىڭ بۇنداق كۆرۈنۈشلەر ئۈچۈن جېنىنى تەسەددۇق قىلغۇسى كېلىدۇ .

بىردەمدىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن ساۋاقدىشىم مۇنداق دەپتۇ :

– رەھمەت ، رەھمەت ئاكا ! ئاللا سىزگە رەھمەت قىلسۇن . كۆپ كايىپسىز . ئەگەر بىز بۇ پۇلنى ئالساق ، بەلكىم سىزدىنمۇ تېگىشلىك ئورنىنى تاپالماسلىقىمىز مۇمكىن . ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز خىراجەت قىلىڭ . . .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىدىم . بۇ ئىش خېلى كۈنلەرگىچە ئېسىمدىن چىقمىدى . مېنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى . كۆز ئالدىمغا

ياخشىلار يېنىڭىزدا

www.uyghurkitap.com

يېزىمىزدىكى، باللىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتماي چىقىرىۋېلىپ تىجارەتكە سېلىۋاتقان باي، ئەمما تەكەببۇر ئېكىن ئىگىلىرى، داڭلىق ماركىلىق ماشىنىلىرى، رەئىس جۇمھۇر (زۇڭتۇڭ) لارنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان كاتتا - ياسىداق داچىلىرى بىلەن ھېچ نەرسىسى يوق كۆك نامراتلار بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان پۇلدارلار كېلەتتى. بۇلارنى ئويلاپ، رەسۇلى ئەكرەم نەبىيى مۇھتەرەم سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەم ئەپەندىمىزنىڭ: «پۇل-مالنىڭ كۆپ بولۇشى ھەقىقىي بايلىق ئەمەس، ھەقىقىي بايلىق - روھىي بايلىقتۇر!» دېگەن ھەدىسى ئېسىمگە كەپقالدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاتۇش يېزىلىرىدا «قازاق پۇل تاپسا تايغا مىنىدۇ، ئۇيغۇر پۇل تاپسا لايغا مىنىدۇ» دېگەندەك ئىشلار تازا ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ھەرقانداق سودىگەر پۇل تاپتىمۇ، بولدى، ئەتىسىلا كاتتا ئۆي سېلىشقا كىرىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىدىغان بولسىڭىز، ھەيھات! كۆزلەر ئالىچەكمەن بوپكېتىدۇ. «ئوردا» مىكىن، دەپ قالىسىز. تېخى بەزىلەرنىڭ ئون نەچچە يىلدىن بېرى پۈتمەيۋاتقان داچىلىرى بارمىش... مەن نۇرغۇن سودىگەرلەرنىڭ تىجارەت ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈۋاتقانلىقلىرىنى، چېكىندۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مۇشۇنداق «توققۇزى تەل» بايلارنىڭ بالىلىرى ئوقۇيالمىسا، گەرچە ئوقۇغۇسى بولسىمۇ كېرىيە شىۋۇلدىكى 13 ياشلىق مەسۇم ئوغول بىلەن 11 ياشلىق سەبىي قىزچاق ئاكا - سىڭىللار 20 يۈەندىن جەمئىي 40 يۈەن ئوقۇشلۇق پۇلى تۆلەش كېرەك بولغاندا، 360 كۈن تاڭدىن شامغىچە ئىشلىگەن جاپاكەش دېھقان ئاتا-ئانا تۇغمەس سېلىق ۋە جەرىمانىلەردىن ئېشىنىپ ئاران 20 يۈەن بەرگەندە، بۇ 20 يۈەننى ئاكىسى سىڭلىسىغا ئۆتۈنۈپ: «بۇ پۇلنى سىز تۆلەپ كىتاب ئېلىڭ، ياخشى ئوقۇڭ» دەپ ئۇنى مەكتەپكە ئۇزىتىپ، ئۆزى مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان (نۇرمۇھەممەت توختى: «شائىرغا كېسەل تەگكەن كۈنلەردە»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2001-يىل 5-سان)دەك پاجىئەلەرنى ئويلىغىنىمىزدا، نامرات باللار قانداق ئوقۇيالىسۇن؟! ئۆلۈۋېلىشنى يامان كۆرۈدىغان، ئىسلام ئىدېئولوگىيە چەمبىرى ئىچىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ھەيران قالارلىق ئەمەسمۇ؟! ئەجەبا، ئاشۇ «ئۆلۈۋېلىش»تە بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز يوقمۇ؟!...

ئەگەر بىز ھېلىقى سۆيۈملۈك ئىشلەمچىدەك ئويلىغان بولساق، ھەرگىزمۇ بۇ كېرىيىلىك بالا ئۆلۈۋالمايتتى، بەلكى تىرىشىپ ئوقۇپ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن نۇرغۇن - بىزنىڭ مىليونېرلىرىمىز قىلىپ بېرەلمىگەن ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. قاراڭ، ئۇنىڭ 20 يۈەن ئوقۇش پۇلىنى سىڭلىسىغا ئۆتۈنۈپ بەرگىنىدىنلا نەقەدەر ئالىيجاناب پەزىلەت ئىگىسى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرامدۇ. كىممۇ ئۇنى كەلگۈسىدە يارامسىز ئادەم بولىدۇ، دېيەلەيدۇ؟

ئوقۇتالايدىغان، ئوقۇيالايدىغانلار ئوقۇتمىسا، ئوقۇمىسا، ئوقۇتالمايدىغانلار، ئوقۇيالمايدىغانلار ئوقۇتالمىسا، ئوقۇيالمىسا كېيىنكى ئىشلارغا نېمىمۇ دېگىلى بولسۇن! «قۇرئان كەرىم»دىكى تۇنجى بۇيرۇق - «ئوقۇ!» دېگەن ئايەتكە ئەمەل قىلالمىساق، ئۆزىمىزنى قانداقمۇ مۇسۇلمان ئۇيغۇر دېيەلەيمىز؟!

...

كۆزىمىزنى ئاچايلى!

2003-يىل 2-سېنتەبىر، شەھىرى ئاتۇش

- ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى

---

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا يۇقىرى ئىشتارچى كەنت ئۇلۇغ ھويلا مەھەللىسىدىن، دېھقان(M1)

بۇ سان 2003 - يىل 25 - سېنتەبىردە تىزىشقا يوللاندى، 30-نويابىردا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت(M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



شۆھرەتلىك لەپەر ئۇستازى، ئەل سۆيگەن كومېدىك سەنئەتكار سۇلايمان روزى ئەپەندى

www.uyghurkitap.com



مۆھتەرەم ئۇستاز، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان رەسساملىقىنىڭ بايراقدارى غازى ئەھمەد ئەپەندىنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقىنى قۇتلۇقلايمىز

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2003 - يىل 6 - سان

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/G2
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P. O. BOX 88, 16Gongti East Road, Beijing 100020, china
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路 72 号
邮编：830001　电话：（0991）2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدۇ
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/G2
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: (0991)2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号：58－22　定价：5元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58　باھاسى: 5 يۈەن